13 - پەسىل

## شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتلەر

يۇقىرىدا ئېيتىقىنىمىزدەك، گاۋشەنجى قاچقاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خانلىرى ئۆزىچە مۇستەقىل بولۇپ قالدى. بەشبالىق، ئىمىل ۋە ئالتاي ئۆلكىلىرىدىكى قارلۇق قەبىلىسى بۇجايلاردا بىر دۆلەت قۇردى. قۇچۇ، قۇمۇل، بارىكۆل ۋە ئالتى شەھەردىكى خانلارمۇ ئۆزئالدىلىرىغا مۇستەقىل بىرەر دۆلەت قۇرۇۋالدى. ئالتى شەھەرخانلىرىمۇ ھەربىرى ئۆز ئۆلكىسىدە مۇستەقىل بولدى. بۇ دۆلەتلەر ئىچىدە تارىخى ئەھمىيتى جەھەتتىن قارىغاندا قارلۇق دۆلىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قارلۇق دۆلىتىنىڭ تارىخىنى بىرئاز تەپسىلى بايان قىلىمىز.

### قارلۇق دۆلىتى

قارلۇق قەبىلىسى، غەربىي ۋە شەرقىي كۆكتۈرك دۆلەتلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئۇرۇندا تۇرىدىغان بىر تۈرك قەبىلىسى ئىدى[34]. بۇلارنىڭ بىرقىسمى ئۆتۈكەن تاغلىرىدا ئولتۇراقلىق بولۇپ، شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. يەنە بىرقىسمى، بەشبالىق، ئىمىل ۋە ئالتاينىڭ غەرب تەرىپىگە يەرلەشكەن بولۇپ، غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. چىن ئىستىلاسى دەۋرىدە، چىن ئىشغالىيتى ئاستىدا قالغان. چىنلىقلار ئاجىزلىشىپ، تۈركەشلەرنىڭ چىنگە قارشى ئۇرۇشلىرى باشلانغاندا تۈركەشلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ، چىننى مەغلۇپ قىلغان. نەتىجىدە، ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇب ۋە غەربىدىكى جايلارغا كۆپ ساندا قارلۇقلار كۆچۈپ كەلگەن. قۇتلۇق كۆكتۈرك دۆلىتى دەۋرىدە پۈتۈن قارلۇقلار بۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا ئىدى. سۇلۇ قاغان زامانىسىدا، ئۆتۈكەن رايونىدىن باشقا جايلاردىكى قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى سۇلۇ قاغانغا تەۋە بولۇپ، «سىرىق تۈركەشلەر» دەپ ئاتالغان بەش قەبىلە بىرلەشمىسى ئىچىدىكى قەبىللەردىن بىرى بولۇپ تەشكىللەنگەن. سۇلۇقاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قارلۇقلار چىن نۇپۇزى ئاستىغا كىرىپ قالدى. چىنلىقلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتەبولغانلىقتىن قارلۇقلارنىڭ تولىسى گاۋشەنجىگە ئەسكەر بولغان.

ھىجرى 134 - (مىلادى751-) يىلى زىياد بىن سالھ بىلەن گاۋشەنجى ئوتتۇرىسىدىكى تالاس ئۇرۇشىدا چىنگە قارشى تۇرغان ۋە چىن ئەسكەرلىرىنى تامامەن يوقىتىپ، شۇ يىلى بەشبالىق، ئىمىل ۋە غەربىي ئالتايدا بىر قارلۇق دۆلىتى قۇرۇپ چىققان. ئۆتۈكەن تاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى قارلۇق قەبىلىسى بولسا، موغۇلستاندا دۆلەت قۇرۇپ چىققان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا ئىدى[35].

[34] چىن تارىخىدا بۇلارنى«كۇكۇ» ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بۇلسا بۇلارنى «ئۈچ قارلۇقلار » دەپ ئاتايدۇ(مۇئەللىپتىن).

ھىجرى 140ـ(مىلادى757ـ) يىلىدىن تارتىپ، قارلۇق ۋە ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش باشلىندى. نەتىجىدە ئۆتتۈكەندىن قارلۇقلارئالتاي ئەتراپىغا كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشكە مەۋەپپەق بولدى. شۇنىڭ بىلەن قارلۇق دۆلىتى چوڭ بىر كۈچكە ئىگە بولۇپ قالدى. ھىجرى149 ـ (مىلادى 766ـ) يىلى قارلۇقلار غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى خانلىق ۋە بەگلىكلەرنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، شىمالدا ئالتاي، يەتتەسۇ، كۆكچە دېڭىز(بالقاش كۆلى) غەربدە سىر دەرياسى ۋە جەنۇبدا تەڭرى تاغلىرى ئارىسىدىكى تۈرك يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلدى (12ـ خەرىتىگە قاراڭ).

مانا شۇنداق قىلىپ، تەشكىللەنگەن قارلۇق دۆلىتى قاراخانلار[36] دۆلىتى قۇرۇلغىچە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشىدى. قاراخانلاردۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يابغۇلۇق دەرىجىسى بىلەن قاراخانلارغا تەۋە بولدى. دېمەك، ھىجرى 247 ـ (مىلادى 861 ـ) يىلىغىچە تولۇق مۇستەقىل قالدى.

قارلۇقلار، خەلىپە ھارۇن رەشىد زامانىسىدا(مىلادى 793ـ يىلى) پەرغانىنى ئالدى. لېكىن، كېيىنچە ئىسلام ئەسكەرلىرى غالىپ كېلىپ، قارلۇقلار پەرغانىنى تاشلاپ، چىقىپ كەتتى. ھىجرى 189 ـ (مىلادى 804)ـ يىلغاكەلگەندە قارلۇق خانى، ئۇيغۇرخانى ۋە جەنۇبىي تۈركىستانىنى ئىستىلا قىلغان تىبەت خانى بىرلىشىپ، ئەرەب ئىسلام ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار دىن كېيىن، شۇ چاغدا خوراسان ۋالىسى بولۇپ تۇرغان ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى (مامۇن) تۈركلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش سىياسىتىنى ئىجرا قىلغانلىقتىن تىنچلىق ئورنۇتۇشنى تەكلىپ قىلدى ۋە ئوتتۇرىدا سۇلھى بولۇپ پۈتۈشتى. ئۇندىن كېيىن، قارلۇقلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىدى. غەربىي تۈركىستاندىكى تۈرك سامانى ئىسلام دۆلىتى ۋە قارلۇق دۆلەتلىرى ئارىسىدا ئۇزۇن ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بىر ـ بىرىگە يېقىن قوشنا بولغان بۇ ئىككى دۆلەت بىرمۇددەت تىنچ بىرگە ياشىدى. بۇ ئەھۋالمۇ قارلۇقلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم ئامىل بولدى.

قارلۇق دۆلىتىنىڭ ھىجرى 267 ـ (مىلادى 880ـ) يىلى قاراخانلار دۆلىتىگە قوشۇلۇشى، قاراخانلارنىڭ قۇدرەت تېپىپ، بىر تۈرك ئىمپېراتورلۇقى بولۇپ، مەيدانغا چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. قارلۇقلار قاراخانلارغا تەۋە بولغاندىن كېيىن، ئىلى دەريا ۋادىسى دىن تارتىپ ئىرتىش دەرياسى ۋادىسىغىچە سوزۇلغان يەتتەسۇ ئۆلكىسىدە، ئىچكىي جەھەتتە مۇستەقىل ھالدا ياشىدى. بۇلارنىڭ خانلىرى «يابغۇ» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى. بۇ ۋەزىيەت چىڭگىزخان زامانىسىغىچە داۋام قىلدى. يەتتە سۇنى ھازىر رۇسلار «سىمىرچېنسكى » دەپ ئاتايدۇ.

35 بەزى مەنبەلەرگە كۆرە، قارلۇقلار8 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىدا چۇ دەرياسى ۋادىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان (مۇئەللىپتىن).

36 ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە قاراخانلار دەپ ئېلىنىدۇ. (ن. ش. ھ.).

14 ـ پەسىل

# ئالتى شەھەر ۋە قۇچۇدىكى مۇستەقىل كىچىك خانلىقلار

بۇ تارىخلاردا شەرقىي تۈركىستاندا جەمئىي قانچە مۇستەقىل دۆلەت بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات بولمىسىمۇ، چىن تارىخلىرى خوتەن، يەركەن، قەشقەر، كۇچا، روران،كىنگىت ۋە قۇچۇدا مۇستەقىل خانلىقلارنىڭ بارلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ. تۆۋەندىكىلەردىن بۇلارنىڭ سىياسى ئورنى ۋە كۈچىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ (12 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

گاۋشەنجى قاچقاندىن كېيىن، بۇ مۇستەقىل خانلىقلار بىر بىرلىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ تىنچ ياشىماقتا ئىدى. شەرقىي شىمالدىكى، يەنى، موغۇلىستاندىكى ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەنمۇ كېيىنكى چاغلارغىچە مۇناسىۋەتلىرى ياخشى ئىدى. چىن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ بۇتارىختا تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلالىغىدەك كۈچى يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىقىشىپ تۇرۇش سىياستىنى ئىجرا قىلىپ، ئۇيغۇرقاغانلىقى، قارلۇق، كۇچا ۋە خوتەن قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا داۋاملىق سوغا ـ سالام يوللاپ، بۇلارنى ئۆزىگە دوست قىلىشقا تىرىشماقتا ئىدى.

ھىجرى 138 ـ (مىلادى 755ـ) يىلى ئۆكلۈك خان (چىنچە «ئەن لۇشەن» دەپ تەلەپپۇزقىلىنىدۇ) ئىسىملىك بىرتۈرك قوماندان چىن ئىمپېراتورىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، چىننىڭ شەرقى ۋە شىمالدىكى ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلدى ۋە ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پايتەخت چاڭئەنگە يۈرۈش قىلدى. ئىمپېراتور شۈەنزۇڭ ئۇيغۇر، قارلۇق ۋە باشقا تۈرك ھۆكۈمدارلىرىدىن ياردەم سوراپ يالۋۇردى. ئۇيغۇرخاقانى ئۆز ئوغلىنىڭ قوماندانلىقىدا زور بىرقوشۇننى ئۆكلۈك ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چىن ئىمپېراتورىنىڭ يارىدىمىگە ئەۋەتتى. قارلۇق خانىمۇ ئەسكەر يوللىدى. ئالتى شەھەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك خانى بولغان خوتەن خانى ئۆزى نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، چىنگە ياردەمگە كەلدى. بۇ تۈرك قوشۇنلىرى غەربىي ۋە شىمالىي چىندىن ئىچكىرلەپ كىرىپ ئۆكلۈك خان بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنى سۈرگەنچە چاڭئەنگە يېتىپ باردى. بۇئارىدا ئىمپېراتور شۈەنزۇڭ ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى سۇزۇڭ ئىمپېراتور بولدى. سۇزۇڭ چاڭئەننى تاشلاپ قېچىپ كېتىپ، ئۆكلۈك خان چاڭئەننى ئىشغال قىلغان ئىدى. تۈرك ئەسكەرلىرى چاڭئەننى ئېلىپ، قېچىپ كەتكەن ئىمپېراتور سۇزۇڭنى تېپىپ كېلىپ، تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. تۈرك قوشۇنلىرى ھىجرى 146ـ (مىلادى 763ـ) يىلىغىچە چىندە تۇرۇپ تىنچلىق ئورناتتى. ئۇيغۇر قاغانى بۆگۈك (بۆگۈ) قاغان شەنشى يولى بىلەن بېسىپ كىرىپ ئۆكلۈك خانىنىڭ پايتەختى بولغان لوياڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلدى ۋە ئۇ يەردە بىر يىل

تۇردى. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ جەنۇبى يابغۇسىغا چىن ئىمپىراتورى قىزىنى ياتلىق قىلدى. ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە باشقا چىنگە ياردەم قىلغان تۈرك دۆلەتلىرىگە چىن ئىمپىراتورى ئالاھىدە سوغا ـ سالام تەقدىم قىلدى ۋە داۋاملىق باج ـ سېلىق بېرىدىغان بولدى. ياردەمگە كەلگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن بىر زامانغىچە چىن، بۇ چوڭ ـ كىچىك تۈرك دۆلەتلىرىگە باج تۆلەپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق نۇپۇزى ئاستىدا ياشىدى.

15 ـ پەسىل

## ئالتە شەھەرگە تىبەتلىكلەرنىڭ ئىككىنچى ئىستىلاسى ۋە بۇ ئىستىلادىن قۇتۇلغانلىقى

تىبەت دۆلىتى ھىجرى 150ـ (مىلادى 767ـ) يىلىدىن باشلاپ تازا كۈچلەنگەنىدى. مىلادى 765ـ يىلى چىنگە يۈرۈش قىلىپ، ھەتتا چاڭئەننى بىر مەزگىل مۇھاسىرىدە تۇتۇپ قايتقانىدى. ھىندىستان تەرەپلىرىگىمۇ يۈرۈش قىلىپ، قۇنۇچ شەھىرىنى ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ قەدەر كۈچلەنگەن تىبەتلىكلەر، ھىجرى 183 ـ (مىلادى 800 ـ) يىللىرى ئەتراپىدا شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، چەرچەن، خوتەن ۋە يەركەن قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. كېيىنچە، قەشقەرنىمۇ ئالدى. ئۈچ، كۇچا ۋە كىنگىت خانلىرىمۇ تىبەتلىكلەرگە باج تۆلەپ، بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئىستىلا تەخمىنەن 21 يىل داۋام قىلدى. بۇ زامان ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. تىبەتلىكلەر ھىجرى 206ـ (مىلادى 821 ـ) يىلى چىنلىقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن باشلاپ، ئاجىزلاشتى ۋە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئالتە شەھەرخانلىرى بىرلىشىپ، تىبەتلىكلەرنى ھەيدەپ چىقاردى.

تىبەتلىكلەرنى ھەيدەپ چىقارغاندىن كېيىن، خوتەن، يەركەن، قەشقەر، ئۈچ، كىنگىت ۋە چەرچەن خانلىرى بۇرۇنقىدەك مۇستەقىل بولدى. كېيىنچە قەشقەرخانى كۈچلىنىپ، خوتەن، يەركەن ۋە ئۈچ قاتارلىق خانلىقلارنىمۇ ئۆزىگە تەۋە قىلغانلىقى مەلۇم. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ دەۋرىگە ئائىت تەپسىلى مەلۇماتىمىز يوق. ھىجرى 226 ـ ( مىلادى 840 ـ) يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كېلىشى سەۋەبى بىلەن يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

16 ـ پەسىل

## شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتى

ئالدىنقى پەسىللەردىن بىرىدە سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۈگۈنكى شىمالىي موغۇلىستاندا ياشىغان دۆلەت قۇرغان، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان، بىر تۈرك تارمىقىنى تارىخ كىتابلىرىدا ئۇيغۇر قەبىلىسى دەپ ئاتايدۇ. بۇ بۆلۈمدە، بايان قىلىنىدىغان «ئۇيغۇر دۆلىتى» مانا، شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى

8 ـ ئەسىردە قۇرغان يېڭى دۆلىتىدۇر. بىز بۇلارنى «شەرقىي ئۇيغۇرلار» دەپ زىكىرقىلىمىز. شەرقىي ئۇيغۇرلارشەرقىي تۈركىستان تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

شەرقىي ئۇيغۇرلار هۇن دۆلىتى دەۋرىدە، هۇنلارغا تەۋە بىرخانلىق بولۇپ ياشىغانىدى. هۇن دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىنكى دەۋرىگە ئائىت مەلۇماتىمىز يوق[37]. كۆكتۈركلەر دەۋرىدە ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئەڭ كۈچلۈك خانلىق ئىدى.كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ تۇنجى قېتىم يىقىلىشى بىلەن چىن ئىشغالىيىتىئاستىدا قالغان. ئىلتىرىش قاغان كۆكتۈرك دۆلىتىنى قايتا تىرىلدۇرگەندە شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا تەۋە بولدى. قاپاغان قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەرقىي ئۇيغۇرلار قۇتلۇق كۆكتۈرك دۆلىتىگە قارشى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە بىردىن تارىخ سەھنىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ھىجرى 226 ـ ( مىلادى 840 ـ) يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار، بايقال كۆلى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان باسمىل ۋە ئۆتۈكەن تاغلىرىدىكى بىر قىسىم قارلۇق قاتارلىق باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۆزمىش قاغانغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە بىر قانچە قېتىم ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. مىلادى 744 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۆزمىش قاغاننى يوقىتىپ، قۇتلۇق كۆكتۈرك دۆلىتىنى مۇنقەرىز قىلدى. قارا قۇرۇمنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، ئۇجاينى پايتەخت قىلماي، ئورخۇن دەرياسىنىڭ غەربىي تەرەپىدىكى قارابالغاسۇن شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. شەرقىي ئۇيغۇرخانى«قاغان» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى ھازىرقى موغۇلىستان ۋە پۈتۈن سىبىرىيىدىكى تۈرك قوۋملىرىنى قول ئاستىغا كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن غەربتە ئالتايغىچە. جەنۇبدا گەنسۇ ۋە شەنشىگىچەبولغان تۈرك يۇرتىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان كەڭرى زىمىندا«شەرقىي ئۇيغۇر قاغانلىقى» قۇرۇلدى (13 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

شەرقىي ئۇيغور قاغانلىقىنىڭ چىندىكى «ئۆكلۈك خان ئىسيانى» نى باستۇرغانلىقىنى. بۆگۈ قاغاننىڭ مىلادى 762 دە لوياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى ۋە بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا، باشقا تۈرك دۆلەتلىرى بىلەن سىياسى جەھەتتە بىرلىككە كېلىپ، چىن دۆلىتىنى بىر «بىرلەشكەن تۈرك دۆلەتلىرى» ھىمايىسى ئاستىغا ئالغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇلدى. مىلادى 765 ـ يىلى تىبەتلىكلەر چىنگە هۇجۇم قىلىپ، چاڭئەننى مۇھاسىرىگە ئالغاندا ئىمپېراتور (تاڭ) سۇزۇڭ، بۆگۈ قاغاندىن ياردەم تەلەپ قىلغان. قاغان دەرھال چوڭ بىرقوشۇن بىلەن ياردەمگە كېلىپ، تىبەتلىكلەرنى قوغلىۋەتتى. شەرقىي ئۇيغۇرلار بۇ دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشتىن بۇرۇنمۇ خېلى يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە ئىدى. ئورخۇن ۋە سىلىنگا دەريا بويلىرىدا ئىنتايىن كۆركەملىك، ئاۋات ۋە چىرايلىق شەھەرلىرى بارئىدى. هۇن دۆلىتى دەۋرىدە، كۆكتۈركلەر دەۋرىدە، باشقا تەڭرىقۇتلۇق ۋە قاغانلىق دۆلەتلىرى دەۋرىلىرىدە پۈتۈن مالىيە- ھېساۋات ئىشلىرى ۋە دۆلەتنىڭ كاتىبلىق ئىشلىرى بۇشەرقىي ئۇيغۇر لارنىڭ قولىدا ئىدى. ئوغۇزخان (مىتە-

37 ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بۇلارنى «ئون ئۇيغۇرلار» دەپ يازىدۇ (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى).

باتۇر تەگرىقۇت) نىڭ ۋەزىرى ئۇيغۇر ئىدى، دېگەن رىۋايەتلەرخېلى مەشھۇر[38]. شەرقىي ئۇيغۇرلار، كۆكتۈرك دۆلىتىنى يىقىتىپ، قاغانلىقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بۇلاردىكى مەدەنىيەت تېخىمۇ تېز يۈكسەلدى. موغۇلىستان ۋە گەنسۇ تۈزلەڭلىرىدە، شەرقىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىلىم، مەدەنىيەت ۋە سانائەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۇپراقلاردىن زامانىمىزدا قېزىپ چىقىرىلغان شەرقىي ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئاسارە-ئەتىقە ئەسەرلەركىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز

## شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

شەرقىي ئۇيغۇر دۆلىتىگە تەۋە تۈرك قوۋملىرى پات - پاتلا ئىسيان چىقىرىپ تۇراتتى. بۇ ئىسيانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن قاغانلىقنىڭ مۇھىم كۈچىنى سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ ئىسيانلار داۋام قىلىپ، ئۇيغۇر دۆلىتى ئاجىزلىشىپ قالدى. بۇ ئىسيانكار قوۋملەر ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكى يەنسەي دەرياسى بويىدىكى قىرغىزلارئىدى. قىرغىزلار ھىجرى 226 - (مىلادى 840 -) يىلى قارابالغاسۇن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى. مەغلۇپ بولغان ئۇيغۇر لار 1000 يىلدىن بېرى ياشاپ كەلگەن يۇرتلىرىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار بۇ ھادىسە نەتىجىسىدە ئىككى قولغا ئايرىلىپ، ئازبىرقىسمى گەنسۇنىڭ شىمالىغا بېرىپ يەرلەشتى. چىنلىقلار بۇلارنى چىنفەن ۋە ياكى«ۋەھشى ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتايدۇ[39]. يەنە بىرچوڭراق قولى شەرقىي تۈركىستانغا قاراپ مېڭىپ، ئۈچ ئەل (ھازىرقى غەربىي گەنسۇ)، قۇمۇل، قۇچۇ، بەشبالىق، ئىلى، كىنگىت ۋە روران قاتارلىق ئۆلكىلىرىدە يەرلەشتى. ئۇزۇنغا قالماي كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەسلى (يەرلىك) تۈرك قېرىنداشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ھەتتا ئۇلارنى باشقۇرۇپ ھاكىمىيەتتە باشقا چىقتى ۋە بۇجايلارنىڭ خانلىرى بۇ ئۇيغۇرلاردىن بولدى. كېيىنچە ھەممىسى بىرلىشىپ. بىرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى. بۇ بىرلەشكەن خانلىقنىڭ چوڭى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇيغۇرچىدا «دۆلەت ئىگىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلغىچە تولۇق مۇستەقىل بولۇپ تەسىر دائىرىسىنى، كىنگىت ۋە كۇچاغىچە كېڭەيتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شەرقتە ئۇۋۇي(ھازىرقى لىياڭجوۋ) شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ۋۇئەرشى تېغىغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئۇندىن 200 يىل ئۆتكەندىن كېيىن خىتاي(قىتان) دۆلىتى بۇلارنى سەددىچىننىڭ ئىچكى قىسمىدىن سۈرۈپ چىقاردى. قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاراخانىلارغا تەۋە بولۇپ، ئىچكى ئىشلىرىدا مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالدى. قاراخانىلارغا تەۋە بولغاندىن تارتىپ، ئۇيغۇرلار باش

[38] «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك»، 26 - 27 - بەتلەر(ن. ش. ھ.).

[39] ت. ئالماس 286 - بەت « چۆل تۈر كلىرى»، ئە. بايتۇر471- بەت «چەۋۋك» دەپ، ئالغان (ن. ش. ھ.).

ئەرگۈن (ئەگىم) ۋە قۇرۇق تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەرلەشكەن ۋە قۇرۇقتاغ تىزمىسىنى چېگرا قىلىپ، «سېڭگىر» دەپ ئاتىغان. (سىڭگىر ۋە ياكى سىنىر تۈركچە چېگرا دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىسىم هازىرمۇ قوللىنىدۇ) قاراخانلار دەۋرىدە تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى، ئالتاي، ئىمىل، غەربىي گەنسۇ ۋەكىنگىت (قاراشەهىر) قاتارلىق جايلار«ئۇيغۇر يۇرتى» ۋە خەلقلىرى «ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت باشلىق ئۇيغۇرلار قاراخانلارغا قارشى ئىسيان كۆتەردى ۋە ئوتتۇرىدا نۇرغۇن ئۇرۇشلاربولدى. ئەمما، ئاخىردا ئۇيغۇرلار يەنە قاراخانلارغا بويسۇندى. لېكىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى مۇستەقىللىقى هىجرى 800 ـ (مىلادى 1397ـ) يىلىغىچە داۋام قىلدى. ئىدىقۇت پايتەختى دەسلەپتە قۇچۇ ئۆلكىسىنىڭ قۇچۇ شەهىرى ئىدى. بۇ شەهەرنىڭ خارابىسى هازىر خەلق ئىچىدە «دەقيانۇس شەهىرى» دېگەن نام بىلەن مەشهۇر. بۇ نىڭ ئەتراپىدىكى كەنت هازىر قاراغۇجا(قاراقۇچۇ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىدىقۇت خانلىقى قاراخانلاردىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، پايتەختىنى بەشبالىققا يۆتكىگەن. «بەشبالىق» بەش قەلئە ۋە ياكى بەش شەهەر دېگەنلىكتۇر[40]. بەش بالىق هازىرقى ئۈرۈمچى شەهىرى بولۇپ، چىن ئىستىلاسىدىن كېيىن، چىنلىقلار بۇنى چىنچەلەشتۈرۈپ «ئۇلۇمۇچى» دەپ ئاتاشقا باشلىدى.

## شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى

قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار «تويىن» دىنىدا ئىدى. مىلادى 150 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا بۇددا دىنى راۋاج تاپقاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستانلىق بۇددا راهىپلىرى موغۇلىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى بۇ دىنغا كىرگۈزگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، شەرقىي ئۇيغۇرخانلىرى ۋە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغاكىرگەن بولۇپ، بۇ دىن شەرقىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ كۈچلۈك دىن ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇر قاغانى بۆگۈقاغان هىجرى 145ـ (مىلادى 762 ـ) يىلى چىنگە بېرىپ، لوياڭ شەهىرىنى ئىشغال قىلىپ، بىرمەزگىل تۇرغان چاغدا، مانى دىنىنىڭ راهىپلىرىدىن تۆت كىشى بىلەن تونۇشتى ۋە بۇلارنى بىرگە قارا بالغاسۇنغا ئېلىپ كەلدى. بۆگۈ قاغان، بۇ راهىپلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن مانى دىنىغا كىردى ۋە بۇدىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىغا كۆپ كۈچ چىقاردى. بۈگۈن قارا بالغاسۇنىنىڭ خارابىلىرى ئاستىدىن تېپىلغان ئۇيغۇر ئابىدىلىرى (يازما يادىكارلىقلىرى) بۇلارنى ئىسپاتلايدۇ. شەرقىي ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مانى دىنى بىر ئاز راۋاج تاپقان بولسىمۇ، بۇددا دىنىدا يەنىلابۇددا دىنى ئاساسى ئورۇندا ئىدى. شەرقىي

40 شۇنى ئالاهىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقى شەهەرنى«كەنت» دەپ ئاتايتتى. ياركەنت، ئۆزكەنت، ئورداكەنت، يېڭى كەنت، سېمىزكەنت (سەمەرقەنت) قاتارلىقلار مانا بۇ سۆز دىن كېلىپ چىققان. موغۇلىستان ئەتراپىدىكى تۈركلەر شەهەرنى بالىق دەيتتى. بەشبالىق، چوڭبالىق ۋە ئىلىبالىق دېگەنلەرگە ئوخشاش. چىڭگىزخان زامانىسىدا قاراقورۇم شەهىرى «خانبالىق» دەپ ئاتالغان. قۇبلاي خان زامانىسىدابېجىڭ «خانبالىق» دەپ ئاتالدى. ( مۇئەللىپتىن).

تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا مانى دىنى ئانچە راۋاج تاپالمىدى. مىلادى 981 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا ساياھەت قىلغان بىرچىنلىق سەيياھ ئۆزخاتىرىسىدە، ئىدىقۇت پايتەختى بولغان قۇچۇ شەھىرىدە 50 بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە بىر مانى ئىبادەتخانىسى بار دەپ يازغان. (5 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ) ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مانى دىنى بارغانسىرى ئازىيىپ كېيىنچە پۈتۈنلەي يوقالدى. بۇددا دىنى ھىجرى 800 ـ(مىلادى1397 ـ) يىلىغىچە تۇرپان، بەشبالىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ئىدى. بۇتارىختىن كېيىن، پۈتۈن ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولدى. (بۇلارنى«خىزىرغۇجاخان» بابىدا تەپسىلى بايان قىلىمەن). مىلادى 14 ـ (ھىجرى 8 ـ) ئەسىردە بەشبالىق شەھىرىدە ياشىغان بىرئۇيغۇر يازغۇچى تەرجىمان چىن تىلىدا يېزىلغان بۇددا كىتابى«سۇترا» نى ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان. «ئالتۇن يارۇق» يەنى، ئالتۇن ھىدايەت، دەپ نام بېرىلگەن بۇكىتاب ھازىر ياۋروپا مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا.

## شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى مەۋقەسى يالغۇز بىر ئەسىرلىك زامان بىلەن چەكلىنىپ قالغان ۋە ئىگەللىگەن يەرلىرى، پەقەت، ھازىرقى موغۇلىستان ۋە سىبىرىيىدىن ئىبارەت تۈرك يۇرتلىرىنىڭ ئازراق بىر قىسمى بولغانلىقتىن، سىياسى ئېتىبارى جەھەتتىكى ئەھمىيىتى بۇرۇنقى تۈرك ئىمپېراتورلۇقلىرىغا يەتمىسىمۇ، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن ۋە سانائەت جەھەتتە شەرقىي ئۇيغۇرلار نىڭ مەرتىۋىسى موغۇلىستان ۋە مانجۇرىيە ئۆلكىلىرىدىكى پۈتۈن تۈرك قوۋملىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ھازىرقى ئەسىرىمىزدە ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئارخېئولوگىيىلىك باھالاش نەتىجىسىدە ئىسپاتلىنىپ، ئۇيغۇرمەدەنىيىتى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم بىر ئورۇنغا ئىگە، دەپ، تونۇلماقتا. قارابالغاسۇن شەھىرىنىڭ خارابىلىرى ئاستىدىن ۋە موغۇلىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قېزىپ چىقىرىلغان كىتابەلەر، يازما يادىگارلىقلار ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ. شەرقىي ئۇيغۇرلار يەرلەشكەن ساھالىرىدا كۆپلىگەن شەھەر ۋە كەنتلەر قۇرۇپ ئاۋات قىلدى. ۋەيران بولغان بەشبالىق شەھىرىنى ئۇيغۇرلار يېڭىدىن بىنا قىلىپ چىقتى. شۇنداقلا، بەشبالىقنىڭ شەرقىدە ناھايىتى چوڭ ۋە چىرايلىق بىرشەھەر بىنا قىلىپ ئۇنىڭغا «چوڭبالىق» دەپ ئات قويدى. بۇشەھەر ھازىرمۇ بار. بۇنى چىنلىقلار قەدىمكى شەھەر مەنىدىكى «گۇچېڭ» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتايدۇ. ئۇندىن باشقا ئىلىدا «ئىلىبالىق» ۋە «مىڭلاق» دېگەن شەھەرلەرنى بىناقىلدى. بۈگۈنكى ئالتاي ۋىلايىتىدە «سۇمىي تالاس» ۋە لوپ كۆلى يېقىنلىرىدا «ئۇشمىي»، «تېرىم»، «سۇلمىي» دېگەن شەھەرلارنىمۇ بۇ ئۇيغۇرلار بىنا قىلغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. دېمەك، بۇلارنىڭ بىنا قىلغان ۋە ئاۋات قىلغان شەھەر ـ كەنتلىرى كۆپ. ئۇندىن باشقا، دۆڭخۇاڭ

(دۇخان) دىن لياڭجوۋغىچە، سۇجوۋ ۋە گۇاڭجوۋ ئەتراپلىرىدا، ئۇيغۇرلار ياسىغان سېپىل ۋە ئاۋات قىلغان شەھەرنىڭ خارابىلىرى 15تىن ئاشىدۇ[41]. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مىمارلىق سەنئىتىدە، ئىمارەتلەرنى ناھايىتى مۇستەھكەم ۋە كۆركەم پۇختا ياساش ماھارىتى ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شەھەر ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئېگىزلىكى 20 قېرى[42] كەڭلىكى 5 قېرى تام (سېپىل) بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىنا قىلغان شەھەر، ئىمارەتلىرى، سېپىللىرى ۋە تام، تورۇسلىرى بۈگۈنگىچە ساق قېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى دۇنياغا نامايان قىلماقتا. ھازىر تۇرپاندىكى خارابىلار ۋە مەۋجۇد بولغان ئىمارەتلەرنىڭ تولاراقى مانى ئىبادەتخانىلىرىدۇر. شۇنداقلا، بۇددا ۋە مانى دىنلىرىغا مەنسۇپ ئەپسانىلارنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىملەر، ھۆكۈمدارلار ۋە راھىپلارنىڭ سۈرەتلىرىدىن ئىبارەت تامغا سىزىلغان رەسىملەر، ھەرخىل تۈرك ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار (كىتابەلەر) دىن ئىبارەت. تۇرپاندىن ھازىرقى ئەسىرىمىزدە گېرمانىيىلىك، شۋېتسارىيىلىك ۋە ئىنگلىز ساياھەتچى ئالىملىرى تەرىپىدىن كۆپ ساندا تاختا پۈتۈكلەر (خەت ئويۇپ يېزىلغان تاختىلار) ئىنتايىن نەپىس يىپەك توقۇلما رەخلەر ۋە ھەرخىل زىننەت بويۇملىرى قاتارلىقلار كەشىپ قىلىندى. بۇلاردىن بىرقىسمىنى بۇ سايابەتچىلەر ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كېتىپ، مۇزېيلىرىدا قويغان بولسىمۇ، يەنە تولاراقى ئۆز يېرىدە تۇرماقتا. يەنە، قۇچۇنىڭ شىمالىدا مۇرتۇق دېگەن جايدىكى ئىبادەتخانىدا، بۇددانىڭ پۈتۈن ھاياتىنى تەسۋىرلەپ تامغا سىزىلغان رەسىملەر بار. بېزەكلىكتىكى ئىبادەتخانىدا ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەر بار. قارا شەھەرگە يېقىن جايدا بىر ئۇيغۇر ئىبادەتخانىسىدىن بۇددانىڭ رەسىملىرى تېپىلدى. دۇخان (دۇڭخواڭ) نىڭ سەككىز مىل شەرقىي جەنۇبىدا بىر تاغدا گەمە شەكلىدە ئويۇپ ياسالغان تۆت ئىبادەتخانە بولۇپ، بۇلار بىر - بىرلىرىدىن 500 قېرى ئۆزاقلىقتا جايلاشقان. بۇيەردىن ھەرخىل ھەيكەللەر، مۇجەسسەملەر، كىتابخانە ۋە تامامەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت تارىخىي ئەسەرلەر تېپىلدى. ئەنشى شەھىرىنىڭ 24 مىل جەنۇبىدا بىرتاغدىكى گەمىدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت بولغان نۇرغۇن ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ياۋچىلار ۋە توپالارغا ئائىت ئەسەرلەر كۆپ. بۇ گەمىنى چىنلىقلار ئۇيغۇر گەمىسى دەپ ئاتايدۇ. بۇجايلاردىن تېپىلغان، ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئەسەرلەر ئىچىدە مۇھىملىرى، مىڭلارچە دىنى ۋە ئەپسانىۋىي كىتابلار ۋە بىرقانچە ياغاچ مەتبە تاختىسى ۋە مەتبەگە كىرەكلىك سەرەمجانلار بولۇپ، بۇ ياغاچ مەتبەدە خەتلەر ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن ياغاچ تاختىغا ئويۇلغان ۋە بۇ تاختىلار نى ھەرىكەتلىنىدىغان چاقاغا ۋە پۈزە ئارىسىغا يەرلەشتۈرۈلگەن بۇ ياغاچ مەتبەلەردە كىتابلار بېسىلغان. بۇلارغا قارىغاندا ئۇچاغلاردا چىنلىقلاردا بولغان مەتبەچىلىك سەنئىتى،

41 غەربىي گەنسۇدا ئۇيغۇرلار بىنا قىلغان شەھەرلەردىن ۋەيران بولمىغانلىرى ھازىرمۇ بار. چىنلىقلاربۇ شەھەرلەرنىڭ ئىسمىغا چىنچە «ئۇيغۇر» دېگەن مەنىدىكى «چىك» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئېيتىدۇ. (مۇئەللىپتىن)

42 قەدىمكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر قېرى — 4 قېرىچ، 10 قېرى — بىرتاناپ (ن. ش. ھ.).

ئۇيغۇلاردىمۇ بار ئىدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ غايەت يۈكسەك بىر مەدەنىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئەسەرلەر ھەققىدە،گىرمانىيەلىك ئالىم مۇنداق دەپ باھا بېرىدۇ: «ئىنگىلىيە، گىرمانىيە ۋە فرانسىيە دە مۇنداق نەرسىلەر ھېچ يوق، تۈركلەر، بۇنداق گۈزەل ۋە بۈيۈك مەدەنىيەت ئىگىسى ئاتا- بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقدۇر»

## ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

ئومۇمىي تۈرك قوۋملىرى ئارىسىدا ئىشلىتىلگەن قەدىمكى تۈرك ئېلىپبەسى(ئورخۇن ئېلىپبەسى) دىن باشقا، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا ئىككى خىل يېزىقنىمۇ قوللىناتتى. بۇلاردىن بىرى ئون تۆت ھەرپلىك «سوغد» ئېلىپبەسى بولۇپ سوغد (زەرەپشان) ۋادىسىدىكى تۈركلەرنىڭ پۈتۈكى ئىدى. يەنە بىرى، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بولۇپ، سوغد ئېلىپبەسىگە يەنە باشقا ئون تۆت ھەرپ قوشۇلغان جەمى، يىگىرمە ئالتە ھەرپلىك ئېلىپبە ئىدى. ئېلىپبەسىنىڭ ئون تۆت ھەرپى سوغد يېزىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى تارىخچىلار ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى سوغد ئېلىپبەسىدىن ئېلىنغان دەپ تەخمىن قىلىشىدۇ.

بۇئۇيغۇر ئېلىپبەسى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار زامانىسىدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي يېزىقى بولۇپ، مىلادى 7 ـ ئەسىرغىچە پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، مىلادى 7 ـ ئەسىردىن باشلاپ، پۈتۈن تۈرك قوۋملىرى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان ۋە ئورخۇن يېزىقى قېپقالغان. قاراخانلار دەۋرىدە، (11 ـ 12ـ ئەسىر ئارىسىدا) بۇنىڭ ئورنىنى ئەرەب ئېلىپبەسى (ھازىر ئىشلىتىۋاتقان يېزىقىمىز) ئىگەللىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇر يېزىقى، بۇخاقانىيە يېزىقى دەپ نام بېرىلگەن يېزىق بىلەن بەزىدە بىرلىكتە (ياندىشىپ) ياكى بەزىدە ئايرىم ھالدا 15 ـ ئەسىرگىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بىراق شەرقىي تۈركىستاندا 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ۋەسىقىلەرنى كۆردۈم.

ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون سەككىزى، ئەسلى ۋە سەككىزى، قوشۇمچە ھەرپلەر. قوشۇمچە ھەرپلەر بەزى ئەسلى ھەرپلەرگە چېكىت قويۇپ شەكىللەندۈرۈلگەن. بۈگۈن دۇنيانىڭ چوڭ ـ چوڭ كىتابخانىلىرىدا بولۇپمۇ چىن، ھىندىستان، ئىران ، رۇسىيە ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخىپلىرىدا ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان تارىخى ۋەسىقىلەر ناھايىتى كۆپ. بۇلاردىن بىرقىسمى ئوقۇلغان بولسىمۇ بىرقىسمى تېخى ئوقۇپ چىقىلمىدى. بۇلار ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تارىخىنى تەكشۈرگۈچىلەرنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

«دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» دىكى مەلۇماتلاردىن ۋە «قۇتاد غۇبىلىگ» نىڭ ئۇيغۇرچە قولىيازمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى تۆۋەندىكىچە رەتلەپ چىقتىم:




قوشۇپ يېزىلىش شەكلىدىن بىرقانچە مىساللار:

تۆۋەندە نامىسىز بىرشائىرنىڭ يازغان بېيتى:



ئوقۇلۇشى:

كەلسە قالاى قاتىقلىق، ئۆتەر دەيۇ سەرەنگىل

ئاۋيەلەك ئىشىن بىلىب تۇر، ئانچە ئاڭا تىرىنگىل

ھازىرقى ئۇيغۇرچىدا نەسرى يەشمىسى:

ھەرقانداق قاتتىقلىق(قىينچىلىق) يۈز بەرسىمۇ، بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ، ئۆزەڭگە تەسەللى بەرگىن.

زامان (پەلەك) نىڭ ئادىتىنى بىلىپ تۇرغىن ۋە ئۇنىڭغا ئانچە ئىشىنىپمۇ كەتمە.

تۆۋەندىكى ۋەسىقە، سۇلتان ئەبۇسەئىدخاننىڭ ھىجرىنىڭ 832 ـ (مىلادى 1428 ـ يىلى) رەبىئۇلئەۋۋەلدە ساچقان يىلى، «ئۇزۇن ھەسەن» گە يازغان پۈتۈكى(خېتى) نىڭ بىرقىسمى بولۇپ، ئىستانبۇل توپ قاپى سارايى» مۇزېيى ئارخىپىدا ساقلانماقتا. بۇخەتتە ئۈستىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئاستىدىكى خاقانىيە يېزىقى ياندىشىپ يېزىلغان:

ئىستانبۇل توپ قاپى سارايى» مۇزېيى ئارخىپىدا ساقلانماقتا. بۇخەتتە ئۈستىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئاستىدىكى خاقانىيە يېزىقى ياندىشىپ يېزىلغان:



قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ساپ،كەڭ ۋە باي بىر ئەدەبىي تىلغا ئىگە بولۇپ، يات سۆزلەرنى قوللىنىشتىن قاچىدىغانلىقى بىلىنمەكتە. چۈنكى، ئۇ دەۋردىكى مۇئەللىپلەر چەت ئەلدىن كەلگەن ھەرنەرسىنىڭ ئۆز يېرىدىكى نامى بىلەن يازماي، ئۇنىڭغا بىر تۈركچە ئات قويۇپ يازغان.

مەسىلەن، ھىندىستاندىن كېلىدىغان زەپىرانىنى «كۆركۈم»، رەڭنى «چۇۋۇت»، زۇرۇنباد دېگەن دارىنى، «بوزۇغا» (بۇ بوز دورا دېگەن بولىدۇ)، پىلنى «ياغان»، چىندىن كېلىدىغان يىپەك توقۇما رەختنى«چۇز» دەپ يازغان. ئۇندىن باشقا ئەڭ قىيىن پىكرلەرنى ئىپادىلەشكە توغراكەلگەندە ئۇنى تۈركچە سۆزلەر بىلەن ئىزاھلىغان. تەڭرىنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى ، ئاخىرەت مەپكۇرىسى، ئىلىم ۋە پەلسەپەدىكى ئاتالغۇ ، تېرمىن، ھۆكۈمدارلار ۋە ئالىملارغا ھۆكۈمالار ۋە دىنىي پېشۋا لارغا بېرىلگەن لەقەم ۋە ئۇنۇۋانىنى ئۇ دەۋرنىڭ خەلق ئەدەبىياتلىرىدا، كىتابە لىرىداكۆرگەن كىشى، ئەدەبىي تىلدىكى ساپلىق ماھارىتىگە ھەيران قالىدۇ.

17- پەسىل

## قەدىمكى زامانلاردىكى تۈرك ۋە چىن سىياسەتلىرى ھەققىدە

قەدىمكى زامان تۈرك ۋە چىن ئارىسىدىكى سىياسى ۋە تارىخى مۇناسىۋەتلەر، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «شەرقىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئورخۇن بويىدىكى دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن ئۈزۈلدى. چۈنكى، ئۇنىدىن كېيىن، چىڭگىزخان دەۋرىگىچە تۈرك ۋە چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدا مۇھىمراق بىرەر ھادىسە يۈز بەرمىگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، قەدىمكى زاماندىكى تۈرك ۋە چىن سىياسەتلىرى ھەققىدە تارىخىي كىتابلاردا يېزىلغان، تۈركلەر ھەققىدىكى يالغان بۆھتانلار ۋە چىن توغرىسىدىكى رىياكارلىقلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى مۆھتەرەم كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىش مەقسىتى بىلەن، چىن تارىخچىلىرىنىڭ ئۆز ئىقرارلىرىدىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىمىز:

چىن تارىخلىرىدا ۋە ئۇنى مەنبە قىلىپ ئالغان زامانىۋى تارىخ كىتاپلىرىدا قەدىمكى تۈركلەرنى«ۋەھشى»، «سوقۇشقاق»، «قان ئاقتۇرىدىغان» ۋە«بۇلاڭچى » دەپ يازىدۇ. يەنە شۇ چىن تارىخچىلىرى، تارىخچىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ھىس قىلىشىپ، بەزىدە تۈركلەر ھەققىدىكى ئۇ سۆزلىرىنىڭ پەقەت، قەلەم ئىنتىقامىدىن ئىبارەت بۆھتان ئىكەنلىكىنىمۇ ئىقرار قىلىدۇ. شۇنداقلا، تۈرك سىياسىتىنىڭ تىنچلىقپەرۋەر، ئىنسانىيەتچىل توغرا- كۆڭۈل ۋە ئالىجاناپ ئىزەت - نەپسى ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسەتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلماقتا. يەنە، چىن تارىخچىلىرى چىن مەدەنىيىتىنى ۋە سەنئىتىنى دائىم ماختاپ يازغان بولسىمۇ، چىننىڭ سىياستىنى ئىستىلاچى، ئىنسانىيەتسىزلىك ۋە ھىلىگەرلىكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا، بەزى يەردە مەجبۇر بولماقتا. بۇلارنى تۆۋەندىكى ئىككى بۆلۈمدە بايان قىلىمىز.

### تۈرك سىياستى تىنچلىقپەرۋەر، ئىنسانىيەتچىل، توغرا كۆڭۈل ۋە ئالىجاناپ ئىززەت نەپسدىن ئىبارەت

ھۇن، جۇجان، كۆكتۈرك ۋە باشقا تۈرك - ئىمپېراتورلىرى بىلەن چىنلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى پۈتۈن ئۇرۇش ۋە تىنچلىق كېلىشىم ۋەقەلىرىنى تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى چىن تارىخلىرىدىن ئالغان. پۈتۈن بۇ تارىخىي كىتاپلاردا، تەپسىلى رىۋايەت قىلىنغان ۋەقەلەردە، ھۇنلارنىڭ، جۇجانلارنىڭ ياكى كۆكتۈركلەرنىڭ چىنگە قىلغان ھۇجۇملىرى دائىما، چىننىڭ زالىملارچە تاجاۋۇز لىرىدىن مۇداپىئە

قىلىش ياكى ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، يۈز بەرگەنلىكى پىكىر بىرلىكى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. چىن «سەددى چىن سېپىلى» نى تۈركلەر نىڭ باسقۇن ۋە تالانلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سېلىشقا مەجبۇر بولغان دېگەن سۆزمۇ تۈركلەرگە قىلىنغان بۆھتاندۇر. سەددى چىن سېپىلىنى سېلىشلىرىدىكى سەۋەپ، شۇچاغدىكى چىن ئىمپېراتورى چىنشىخۇاڭ ھۇن دۆلىتىنىڭ مۇدھىش سۈرەتتە يۈكسىلىشىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ۋە ھۇنلاردىن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قوغدىنىشنىڭ ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ، تۈرك ۋە چىن ئۆلكىلىرى ئۇتتۇرىسىغا «ئېشىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان» بىر توسالغۇ سېلىش مالىخۇلىياسىغا مۇپتىلا بولغان[43]. چىنشىخۇاڭ پەقەت، بۇ قورقۇ ۋە ۋەسۋەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، بۇ سېپىلنى سالدۇرغانىدى. تۈركلەر، ئەگەر چىن تارىخچىلىرىنىڭ دېگەنلىرىدەك، ۋەھشى ۋە باش ـ باشتاق ئىنتىزامسىز بىر تالانچى خەلق بولغان بولسا، چىندەك نوپۇسى كۆپ، قورال ـ جابدۇقلىرى تولا ۋە مۇكەممەل ئەسكىرىي كۈچى بولغان بىر دۆلەت، ئۆزىنى ئۇلاردىن ناھايىتى ئاسان مۇداپىئە قىلالايتتى ۋە سېپىل سېلىش ئۈچۈن، مىليۇنلارچە ئىنسانىنى، يىللارچە مۇشەققەتلىك ئىشقا سېلىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوقتى. ۋەھالەنكى، بۇ سېپىلنى سېلىش جەريانىدا، يېرىم مىليۇن ئادەمنىڭ ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئاستىدا ئۆلگەنلىكى چىن تارىخلىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ. چىنشىخۇاڭ ھايات ۋاقتىدا، بۇسېپىل مۇكەممەل بىر ئىستىھكاملىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئۇستىدە داۋاملىق تۇرغۇزۇلغان بىرمىليۇندىن ئۇشۇقراق چىن ئەسكىرىي كۈچى، ھۇنلاردىن مۇداپىئەلىنىشنى ئاسانلاشتۇرغان بولسىمۇ، چىن ئىمپېراتورى خىيال قىلغىنىدەك، پەۋقۇلئاددە بىر توسالغۇمۇ بولالمىدى. چۈنكى، كېيىنچە، ھۇن ئەسكەرلىرى بۇ سېپىلنى ھېچ كۆزگە ئىلماي، بۆسۈپ كىرىۋەردى. بىر ياۋروپالىق ساياھەتچى ئۆزىنىڭ سەددى چىن سېپىلى ھەققىدە يازغان كۆز قاراشلىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سەددى چىن سېپىلىنى سېلىشنىڭ سەۋەبى، تارىخچىلارنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك تۈركلەردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى، بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبى شۇ زاماندىكى شەھەر لەرنى سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىپ (چۆرىدەپ) سېلىش ۋە مەملىكەتنىڭ چېگرىسىغا سېپىل ۋە قەلئە سېلىش ئادەتلىرىدىن كېلىپ چىققان بىر ئىشتۇر. چۈنكى، بۇنداق سېپىللار ئۇ زاماندا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە سېلىنىۋاتقان بىرچاغ ئىدى. چىننىڭ باشقا جايلىرىغا سېلىنغان بۇنداق سېپىللار زامان ئۆتكەنسېرى تامامەن يوق بولدى، بەزىلىرىنىڭ ئاز ـ تولا يۇچۇغى قالدى. ئەمما، شىمالىي چىننىڭ تۇپرىغى ئىنتايىن قاتتىق بولغاچقا سەددى چىن سېپىلى، ھازىرغىچە يېقىلماي ساق قالغان».

تۈركلەر، غەلىبە قىلغان چاغلىرىدا، پۈتۈن چىننى قول ئاستىغا ئېلىپ، چىننىڭ چەكسىز بايلىقىنى ئىگەللەپ ئېلىشلىرىغا ھېچ بىر توسالغۇ قالمىغان چاغلاردىمۇ، چىننى ئۆزىنىڭ بىر مۇستەملىكىسى قىلمىدى. چىن ئىمپېراتورىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەنلا قانائەت قىلدى،

[43] ماليخولىيا ـ بىرخىل ئەسەبىي كېسەللىك ( ن. ش. ھ. ).

مۇستەقىللىقىنى قولىدىن ئالمىدى. مەغلۇپ بولغان، ئەسىرلىك ھالىتىگە چۈشۈپ، پۈتۈن ئەسكەرلىرى پاراكەندە چېچىلىپ كەتكەن چىن ئىمپېراتورى، سۈلھى تەلەپ قىلسا، تۈرك ھۆكۈمدارلىرى دەرھال كېلىشىم تۈزۈپ سۈلھىگە ماقۇل بولاتتى.

چىنىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئاجىزلىشىپ، ھەربىي يۈرۈش قىلىش ئىمكانىيىتى قالمىغان چاغلاردا، تۈركلەر زور ئەسكىرىي كۈچ ۋە ھەرىكەت قابىلىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، چىنىنىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىستىلاقىلىشنى قەسلىمگەنىدى. بەلكى، بۇنى ئىككى خوشنا مىللەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ۋە باياشات ياش ئۈچۈن مۇھىم بىر پۇرسەت دەپ بىلىپ، چىنگە دوستلۇق قولىنى ئۇزاتقان ۋە ئىچكىي ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن مۇھىم ياردەملەرنى قىلغانىدى.

بۇھەقتىكى مىساللارچىن تارىخلىرىدا تولا ئۇچرايدۇ. چىندە يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق ئىچكىي ئىسيان ۋە قان تۆكۈلۈشلەرنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، چىن ئىمپېراتورلىرىغا تۈرك ھۆكۈمدارلىرى كېلىپ ياردەم قىلغان، ئامانلىق ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزام ساقلانغاندىن كېيىن، يۇرتىنى ئۆز ئەھلىگە قويۇپ بېرىپ قايتىپ چىققان. بۇنداق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، تۈركلەرنىڭ چىننى ئىستىلا قىلىش نىيەتلىرى بولمىغانلىقى تارىخنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا ـ قايتا نامايان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چىن تارىخلىرىدا ياكى چىن تارىخلىرىنى مەنبە قىلىپ، يېزىلغان زامانىۋي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن.

چىن تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە چىن ۋە تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلاردا تۈركلەر غالىب بولغاندىن كېيىن، قولغا چۈشۈرگەن چىن تۇپراقلىرىدا چىن ئاھالىسىنى قىرغىن قىلغان ياكى شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلغانلىقلىرىغا دائىر ئىشەنچ قىلغۇدەك ھېچبىر رىۋايەت يوق.

تۈرك ئىمپېراتورلىرى چىندىن مەغلۇپ بولۇپ،كۈچسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان چاغلىرىدىمۇ، ھېچبىر زامان چىنگە بويسۇنۇشنى، باج ـ سېلىق تۆلەپ، قول ئاستىدا تۇرۇشنى قوبۇل قىلمىغان. قۇل بولۇپ ياشاشتىن، جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، شەرەپلىك ھالدا ئۆلگەن. بىر مەزگىل ۋاقىتلىق چىنلىقلارغا بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلغانلاربولسا، بەزى كىچىك خانلار ياكى تۈرك ئىمپېراتورىغا خىيانەت قىلغان بەزى ئىسيانچىلار ئىدى. ئەمما، تۈرك ئىمپېراتورلىرىدىن ھېچبىرىنىڭ ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت چىن تارىخلىرىدىمۇ ئۇچرىمايدۇ.

## چىن سىياستى
## ئىستىلاچىلىق، ئىنسانىيەتسىزلىك ۋە ھىلىگەرلىك

تۈركلەرنىڭ مۇداپىئە كۈچى ئاجىزلىشىپ قالسا چىن ئىمپېراتورلىرى دەرھال پۈتۈن تىنچلىق كېلىشىملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ ئامانلىقى ۋە راھىتىنى ئويلاپمۇ قويماي تۈرك يۇرتلىرىغا ھۇجۇم باشلايتتى. چىنلىقلارنىڭ بېسىپ كىرگەن جايلاردا قەتلىئام قىلغان، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلغان، قەتلىئامدىن ساق قالغان بىگۇناھ خەلقلەرنى ئۆز يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، چۆل-باياۋانلاردا ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە مەھكۇم قىلغان. چىننىڭ يىراق-يۇلۇڭلىرىغا سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلارنى زورلۇق بىلەن چىنلاشتۇرغانغا ئوخشاش قەبىھ قىلمىشلىرى كۆپ. بۇ خىل ۋەھشىلەرچە زۇلۇم سىياسەتلىرىنى چىننىڭ مۇتەئەسسىپ ۋە ئىنتىقامچى تارىخچىلىرى پەخىرلىنىپ يېزىشىپ، خوشاللىنىپ كېتىشىدۇ. موغۇلىستاندا چىننىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئېلىپ بارغان بىرقانچە قېتىملىق قەتلىئاملىرى نەتىجىسىدە. بۇ ئۆلكىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. شەرقىي تۈركىستاندا قۇمۇل، باركۆل، قوجو، روران قاتارلىق ئۆلكىلەر، بىر قانچە قېتىم چىن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن خاراب قىلىنغان ۋە خەلقلىرى قەتلىئامغا ئۇچرىغانلىقى مەلۇم. بۇ ئۆلكىلەر ئىچىدە 20 گە يېقىن شەھىرى بولغان روران ئۆلكىسى، چىننىڭ قەتلىئام ۋە بۇزۇپ-چېقىشى بىلەن پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، بىرچۆلگە ئايلاندى[44]. مىلادىنىڭ 1757-يىلى(ھىجرىنىڭ 1172-يىلى) چىن ئەسكەرلىرى پۈتۈن بەشبالىق ۋە ئىلى ئۆلكىسىنىڭ ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ساق قالغانلارنى چىنگە ھەيدەپ ئېلىپ كەتكەن. نەتىجىدە، بۇ ئۆلكىلەر بىرقانچە يىل ئادەمسىز بىر چۆلگە ئايلىنىپ قالغان. كېيىنچە، ئالتى شەھەر ۋە تۇرپاندىن كۆچۈپ كەلگەن تارانچى(دېھقان) لارنىڭ بۇ ئۆلكىلەرنى يېڭىباشتىن ئاۋات قىلغانلىقىنى شەرقىي تۈركىستاندا ھەممەكىشى بىلىدۇ. چىن تارىخچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقلىرىدىن لەززەتلەنگەن ھالدا مەغرۇرلىنىپ، بايان قىلىدۇ.

چىن دۆلىتى ئاجىزلاشقان ياكى تۈركلەرنىڭ كۈچى ئاشقان چاغلاردا، چىن ئىمپېراتورلىرىنىڭ تۈركلەرگە قىلغان خوشامەتلىرى ۋە تۈرك ھۆكۈمدارلىرىغا، شاھزادىلىرىغا، ھەتتا كىچىك خانلارغا قىزلىرىنى بېرىپ، چىننىڭ ئېسىل ۋە نەپىس ماللىرىنى سوغات قىلىپ، بۇ دۇرۇست، كۆڭلى تۈز قەھرىمان خەلقنى ئۆزىگە دوست قىلىپ، بۇلارنىڭ يۈرۈشلىرىدىن(بېسىپ كېلىشلىرىدىن) ساقلىنىش ياكى ئۇلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش نىيىتىدە بولغانلىقلىرىغا دائىر مىساللەرنى، چىن تارىخلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، يوقىرىدا تولا سۆزلەپ ئۆتتۇك. ئەمما، چىنلىقلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلەردىن مەقسەتلىرى، تىنچلىق ۋە خەۋپسىزلىك بولماستىن بەلكى قۇدرەتلىك ئىتتىپاقى ۋە كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچى بىلەن

[44] "Bilinmiyen İç Asya'da" دېگەن ئەسەرنىڭ Bezeklik Mabedi قىسمىغا قاراڭ (ن. ش. ھ.).

جەھەتتە، چىنلىقلاردىن ئۈستۈن تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا ئىتىپاقسىزلىقنىڭ، پىتنە - پاساتنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىشنى مەقسەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تۈركلەرنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، دۆلىتىنى يىقىتىپ، يۇرتلىرىنى مۇنقەرىز قىلىشنى مەقسەت قىلغان. تىنچلىقپەرۋەر ۋە كۆڭلى تۈز تۈركلەر، چىنلىقلارنىڭ بۇنداق ھىيلە - مىكىر تورزاقلىرىغا خېلى كۆپ چۈشتى. بۇ ۋەقەلەرنى، كۈلتېگىن مەڭگۈتېشى دا بىلگە قاغان ئىنتايىن چۈڭقۇر، چۈشىنىشلىك ۋە تەسىرلىك ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلغان. چىن دۆلىتى، مەيلى كۈچلۈك ۋاقىتلىرىدا بولسۇن ياكى كۈچى ئاجىزلاشقان چاغلىرىدا بولسۇن، تۈرك مىللىتىنى ئۆزىنىڭ جان دۈشمىنى دەپ بىلگەن. مەيلى تىنچلىق دەۋرلىرىدە بولسۇن ياكى ئۇرۇش زامانلىرىدا بولسۇن، ھېچقاچان ئىنسانىيەتچىل ياكى دۇرۇست بولمىغانلىقى. تارىخ سەھىپىلىرىدىكى ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر. مانا بۇلار، چىن تارىخىنىڭ بەرگەن مەخسۇس مەلۇماتلىرىدىن ئېلىنغان نەتىجىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنساپ بىلەن قارايدىغان ھەر بىر كىشىنىڭ نەزىرىدە ئوپئوچۇق ئىسپاتلانغان بىر داۋا دىن ئىبارەتتۇر.



يۇقىرىدا— مىلادى 732 - يىلى ۋاپات بولغان، كۆكتۈرك قەھرىمانى كۈلتېكىننىڭ ھەيكىلىنىڭ باش قىسمى. ئۆتۈكەندىن تېپىلغان. ھازىر گېرمانىيەدە لايپىزىك مۇزېيىسدە.

## تۆتىنچى بۆلۈم
## قاراخانلار دەۋرىدىن موغۇللار دەۋرىگىچە شەرقىي تۈركىستان

### 1- پەسىل
### قاراخانلار دۆلىتى

قاراخانلار دۆلىتىنى قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قايسى تۈرك قوۋملىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكلىرى توغرىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بار. چىن تارىخلىرىدا بۇلارنى قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. بەزى مەنبەلەردە بۇلارنى ئۇيغۇرلاردىن دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، شەرقىي ئۇيغۇرلاردىنمۇ، ياكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىنمۇ، بۇ تازا ئېنىق ئەمەس دېيىشىدۇ. ئەمما، بۇلار دەلىلسىز تەخمىنلەر دىن ئىبارەت بولۇپ، تارىخىي نوقتىينەزىرىدە ئېتىبارغا ئالغۇدەك يېرى يوق.

قاراخانلار دەۋرىدە يېزىلغان كىتابلارغا، تارىخىي ۋە ئەدەبىي ۋەسىقىلەرگە قارىغاندا بۇلارنىڭ ئەسلى، قەدىمدىن تارتىپ ئۈزۈلمەي داۋاملىق سۈرەتتە قەشقەرگە خان بولۇپ كەلگەن بىرخانىدان (جەمەت) ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە. بۇ قەشقەرخانلىق خاندانى ئۆزلىرىنى قاراخانلاردىن مەشھۇر بوقاخان «ئاپراسىياپ» نىڭ ئەۋلادى دەپ داۋا قىلاتتى. مانا بۇئېتىبار بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقا تۈرك خانلىرىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى.

شەرقىي تۈركىستان خانلىرى، ھىجرى 206 ـ (مىلادى 821 ـ) يىلى تىبەتلىكلەرنى ھەيدەپ چىقىرىپ، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، قەشقەرخانى بارغانسىرى قۇۋۋەت تېپىپ، يەركەن، خوتەن، ئۈچ قاتارلىق ئۆلكىلەردە نۇپۇزىنى(تەسىردائىرىسىنى) يېيىشقا مۇۋەپپەق بولدى. كېيىنچە، كۇچانىمۇ ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرقىلدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرخانى پۈتۈن ئالتى شەھەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان قۇدرەتلىك بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇپ چىقتى.

تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى قارلۇق دۆلىتى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى ياغما، توخسى، ئوغراق، چىگىل قاتارلىق مۇستەقىل قەبىلىلەر غەرب تەرەپتىن، ماۋەرائۇننەھردىكى مۇسۇلمان سامانىلار دۆلىتى ۋە شەرقتىن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ، خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. تەخمىنەن ھىجرى 256 ـ (مىلادى 870ـ) يىلى قارلۇق دۆلىتى ۋە يۇقىرىقى مۇستەقىل قەبىلىلەرنىڭ خانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قەشقەردىكى ئالتى شەھەر خانىغا بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىغا كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن قەشقەرخانى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئوندىن كۆپرەك تۈرك

خانلىقنى ئۆز بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ بىر بىرلەشمە تۈرك ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇپ چىقتى. قەدىمكى ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ ئۇنۋانى بولغان «قاراخان» دېگەن ئۇنۋاننى ئالدى. ئەرەب تارىخچىلىرى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى قاغانلارنى ئاتىغاندەك، بۇلارنىمۇ «خاقانىتتۈرك» دەپ يازىدۇ.

## دۆلەتنىڭ كېڭەيگەنلىكى

ھىجرى 267 ـ (مىلادى 880ـ) يىلى قاراخانلىق تەختىگە كۆل بىلگە قاراخان (بوقاخان) چىقتى ۋە ئۇزۇنغا قالماي شەرقتە قۇرۇق تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى لوپ، چەرچەن، ئابدال ۋە مىران قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىدى. بۇجايلار ئەسلىدە، ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقىغا تەۋە يەرلەر ئىدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانلاردۆلىتى ۋە ئۇيغۇر دۆلىتى ئارىسىدا قۇرۇق تاغ تىزمىسى چېگرا بولۇپ قالدى.

كۆل بىلگە قاراخان (بوقاخان) شەرقتىكى بۇ مەملىكەتلەرنى ئالغاندىن كېيىن، شىمالدىكى قارلۇق ۋە باشقا خانلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ تەرەپلەرنىمۇ قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ھازىرقى توخماق شەھىرىگە يېقىن بالاساغۇن شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ئىنجە(سىر) دەرياسىنىڭ شەرق ياقىسى بىلەن ئورالغىچە ۋە ئورالدىن شەرققە قاراپ، كۆكچە دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى سۇرۇق تاغلىرى (ھازىرقى سىمى پىلاتىنىسكى) قوشۇلۇپ ئىرتىش، دەرياسىغىچە سوزۇلغان پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىنى ئۆز ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالدى. ئۇندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇتىمۇ كۆل بىلگە قاراخانغا تەۋە بولۇشنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانلار دۆلىتىنىڭ تېرىتورىيىسى غەربىدە پامىر تاغلىرى، سىر دەرياسى ۋە ئورال كۆلى، شىمالدا قىرغىز يايلاقلىرى ۋە ئالتاي تاغلىرى، شەرقتە ئالتاي تاغلىرى ۋە لىياڭجوۋنىڭ شەرقىدىكى ۋۇشى تېغى، جەنۇبىدا تاڭغۇت (كۇكۇ) خانلىقى، قاراڭغۇتاغ (كۇئىنلۇن) قاراقورۇم تىزمىسىغىچە كېڭەيدى (14 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

كۆل بىلگە قاراخاندىن باشلاپ، قاراخانلارنىڭ پايتەختى ئىككى يەردە بولۇپ، قاراخان يازدا بالاساغۇندا، قىشتا قەشقەردە تۇراتتى. ئەمما، ھەقىقىي پايتەختى قەشقەر ئىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەشقەر ئورداكەند(كەنت) يەنى، پايتەخت شەھەر دەپ ئاتالغان. كۆل بىلگە قاراخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا قاراخان بولغانلار توغرىسىدا سۇتۇق بۇغراخانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەردىن مەلۇماتىمىز يوق.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسى قاراخان بارخان (بازىرخان) « بۇغراخان»، ھىجرى 302 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئوغلى سۇتۇق تېكىن تېخى نارىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنىسى ئەسەن بۇغراخاننى ئۆز ئورنىغا ۋەلىئەھەد قىلىپ، ئەسەن بۇغراخاننىڭ ۋەلىئەھەد سۇتۇق تېكىن بولىدۇ، دەپ، ۋەسىيەت قىلغان[45].

بەزى مەنبەلەردە بۇ قاراخاننى «ئارسلان خان» ئۇنۋانى بىلەن بازىرخان، ئەسەن (ئەبىسەن)خاننى«ئوغۇلچاق خان» دەپ ئالغان.

ت. ئالماس، 430 ـ بەت ( ن. ش. ھ. ).

ئىسمەن بۇغراخان، قاراخانلىق تەختىگە چىقىپ، ئاكىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ سۇتۇق تېكىننى ۋەلىئەھد قىلدى ۋە قەدىمكى تۈرك ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق سۇتۇق تېكىننىڭ ئانىسىنى نىكاھىغا ئالدى. لېكىن، ئەسەن بۇغراخان سۇتۇق تېكىننى ۋەلىئەھدلىكتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆز ئوغلىنى ۋەلىئەھد قىلىش كويىغا چۈشتى. سۇتۇق تېكىن ئىنتايىن ھوشيار ۋە ئەقىللىق بىر شاھزادە ئىدى. 20 ياشقا كىرگەندە ئۇ مەخپىي ھالدا مۇسۇلمان بولدى.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلام تارىخى

قاراخانلار دۆلىتى قۇرۇلماستىن بۇرۇن غەربىي تۈركىستان تۈركلىرى تامامەن مۇسۇلمان بولغانىدى. قەدىمدىن تارتىپ، مەۋجۇد بولغان شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي بىرلىك ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. تۇغقانچىلىق ۋە تىجارەت مۇناسىۋەتلىرى بىلەن بۇ ئىككى تۈركىستان خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش ـ كېلىش ئىنتايىن قويۇق ئىدى. مانا، بۇ ۋاستىلار بىلەن ھىجرى 3 ـ ئەسىرئىچىدە ئىسلام دىنى شەرقىي تۈركىستاندا خېلى تارقالغانىدى. لېكىن، قاراخان جەمەتى ۋە يۇرت كاتتىلىرى مۇسۇلمان بولمىغان. قەشقەر ۋە بالاساغۇن تەرەپلىرىدە خەلقنىڭ يېرىمىدىن تولىسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ھىجرى 320 ـ (مىلادى 932 ـ) يىلى بۇخارادىكى ساماني خانىدانىغا مەنسۇپ، «ئەبۇنەسرساماني» دېگەن ئالىم، سودىگەر قىياپىتى بىلەن بىركارۋاننى باشلاپ ئۆزكەنت ـ تورغات يولى بىلەن ئاتۇشقا كەلگەن. ئەبۇ نەسىر ساماني، يولدا ھەمراھلىرى بىلەن جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان پەيتتە، ئوۋغا چىققان سۇتۇق تېكىن ئۇ يەرگە كېلىپ قالىدۇ ۋە بۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكلىرىنى ئۇقۇپ. ئۇلار ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سۇتۇق تېكىن ئەبۇنەسىر ساماندىن ئىسلامنىڭ ھەققىنىي سورايدۇ. مۇنەۋۋەر ۋە ھەقپەرەست شاھزادە بولغان سۇتۇق تېكىن. ئىسلام توغرىسىدا ئەبۇنەسىرنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن بەك تەسىرلەنگەن ۋە ئەبۇ نەسىرنى ئاتۇشتا بىرقانچە كۈن تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆزى يالغۇز مەخپىي ھالدا مۇسۇلمان بولىدۇ. ئۇندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك مۇھاپىزەتچىلىرىنى ۋە يېقىنلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈپ، ئاستا ـ ئاستا باشقا مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە تارتىشقا باشلايدۇ. 5 ـ 6 ئاي ئىچىدە سۇتۇق تېكىن باشچىلىقىدا 5 ـ 6 يۈزكىشىلىك ياش مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى بارلىققا كېلىدۇ. سۇتۇق تېكىن بۇلارنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ، گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، مەخپىي ھالدا قەشقەر شەھىرىگە كىرگۈزىدۇ. بۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەسكىرىي ئورۇنلارغا، ھۆكۈمەت سارايىغا ياكى دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ ئۆستىگە كېچىدە ۋاقىتدا تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىشقا بەلگىلىلەيدۇ. بۇپىلان بويىچە ئالدى بىلەن سۇتۇق تېكىن 40 مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىپ، قەشقەرگە كىرىپ

ئۆگەي دادىسى ئەسەن (ئوغۇلچاق) بۇغراخانغا مېھمان بولۇپ ئوردىغا چۈشىدۇ.

پىلان قىلىنغان ھۇجۇم سائىتى كەلگەندە سۇتۇق تېكىن 40 مۇھاپىزەتچىسى بىلەن قاراخان ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، ئۇنى ۋە ئوردىدىكى بەزى تېكىن ۋە مەنسەپدارلارنى ئەسىر ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. باشقا جايلارغا باسقۇن قىلىشقا تەيىنلەنگەن قىسىملارمۇ ۋەزىپىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تاماملايدۇ. شۇنداق قىلىپ، سۇتۇق تېكىن بىر كېچە ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. شەھەرئەتراپىدىكى تەگدىن تولىسى مۇسۇلمان بولغان قەشقەرخەلقى تەرەپ ـ تەرەپتىن سۇتۇق تېكىننىڭ ياردىمىگە كېلىدۇ ۋە سۇتۇق تېكىن 2 ـ 3 كۈن ئىچىدە يېتەرلىك كۈچكە ئىگەبولىدۇ. پۈتۈن قەشقەرسۇتۇق تېكىننىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سۇتۇق تېكىن، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، بولۇپ ئۆزىنى «قاراخان» ئېلان قىلدى ۋە قەھرىمان مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «بۇغرا» ئۇنۋانىنى ئالدى [46]. مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، غازات يۈرۈشلىرىنى باشلىدى. قەشقەر، يەركەن، ئۈچ، بالاساغۇن ۋە بارسغان (ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقى) ئۆلكىلىرىدە ۋە قارلۇق دۆلىتىدە ئىسلام دىنى ھېچقانداق توسالغۇسىز راۋاج تاپتى. غەربىي تۈركىستاندىكى سامانى ئىسلام دۆلىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ تارقىلىشىدا، قاراخان سۇتۇق بۇغراخانغا كۆپ ياردەم قىلدى. تەفسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئالىملىرى غەربىي تۈركىستاندىن قەشقەر ۋە بالاساغۇنغا ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇردى. سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىسلام ئالىملىرى ئۇنىڭغا «ئابدۇلكەرىم» دېگەن نامنى بەرگەنلىكى مەلۇم. سۇتۇق بۇغراخان قويدۇرغان تىللا لىرىدا(مىلادى 920 ـ يىلىدىن 956 ـ يىلىغىچە) «قاراخان سۇتۇق ئابدۇلكەرىم» دېگەن ئىبارىلەر بار. بۇ تىللالار دىن پېتېرسبۇرگ (لېنىنگراد) مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## قاراخان سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ
## غازاتلىرى

قاراخان سۇتۇق بۇغرا خان مۇسۇلمان بولۇپ قاراخانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ ۋاقىتقىچە ئىسلامغا ھېچ كىرمىگەن ۋە بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان خوتەن، كۇچا، سېرىق ئۇيغۇرخانلىرى ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتى قاراخان دۆلىتىدىن يۈز ئۆرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. شىمالدىكى ئوغراق، يىغما ۋە توخسى قەبىلىلىرىمۇ ئىسيان كۆتەردى. قاراخان سۇتۇق بۇغراخان، بۇلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن، بۇخانلىق ۋە قەبىلىلەر ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. خوتەن خانى قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق

[46] ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە تۆگىنىڭ ئەركىكىنى «بۇغرا»، شىرنى « ئارسلان» دەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانلىرىنى ۋە قاراخانلىرىنى «بۇغراخان» ۋە «ئارسلان خان» دەپ ئاتىشى، ئۇلارغا كۈچلۈك، باتۇرلۇق سۈپەتلىرىنى بەرگەنلىكىدۇر.

ت. ئالماس، 426 ـ بەت

كۆرسەتتى. قاراخان سۇتۇق بۇغراخان ئۆزى خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇزۇن داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن، خوتەن خانى مەغلۇپ بولۇپ شەھەردە مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. ئۇزۇن داۋام قىلغان قورشاۋ نەتىجىسىدىمۇ شەھەر ئېلىنمىدى. ئاخىرى شەھەر ئىچىدىكى بەگلەردىن بىرى مۇسۇلمان بولۇپ ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن شەھەر پەتھى بولدى. ئۇندىن كېيىن، قاراخان سۇتۇق بۇغراخان كۇچانى پەتھى قىلدى. لېكىن، كۇچا خەلقىنىڭ بىر قىسمى مۇسۇلمان بولمىدى ۋە قەدىمكى دىنى بۇددا دىنىدە قالدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئۇستىگە قارا شەھەر ۋە ئىلى تەرەپتىن ئىككى يولدىن نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى. قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئىدىقۇت مەغلۇپ بولدى ۋە بۇرۇنقىدەك قاراخانلىق مەركىزىگە تەۋە ئىچكىي ئىشلىرىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇش ۋە قەدىمكى ئۆز دىنلىرىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن سۈلھى تۈزدى.

شىمالدىكى ياغما، توخسى ۋە ئوغراق قەبىلىلىرى ئۈستىگىمۇ تولا غازات يۈرۈشلىرى ئېلىپ، بېرىلدى. يۇقىرىقى غازاتلارنىڭ ھەممىسىدە ئەبۇنەسرسامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلپەتتاھ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، شۆھرەت قازاندى. قاراخان سۇتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا «ئالپ تېكىن غازى» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى.

## قاراخان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاپاتى ۋە مۇسا بۇغراخان

قاراخان سۇتۇق بۇغراخان 22 يىل قاراخان بولغاندىن كېيىن، ھىجرى 344 ـ (مىلادى 955 ـ) يىلى ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئوغلى مۇسا بۇغراخان قاراخان بولدى.

سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، خوتەن ۋە باشقا ئۇيغۇرخانلىرى ئىسيان كۆتەردى. مۇسا بۇغراخان ئالدى بىلەن خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، ئىسيانچىلارنى بويسۇندۇردى ۋە ئۇندىن كېيىن، ئالپ تېكىن غازىنى ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنى تىنجىتىشقا يوللاپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى «مىڭلاق» (ھازىرقى غولجا شەھىرى) نى پەتھى قىلىپ، ئۇيەردىكى بۇتخانىلارنى چېقىپ تاشلىدى ۋە بۇددىست ئۇيغۇرلارنى مىڭلاقتىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ يېرىگە مۇسۇلمان تۈركلەرنى يەرلەشتۈردى. 2 ـ 3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسا بۇغرا قاراخان، ئالپتېكىن غازىنى كىنگىت ( قاراشەھەر) يولى بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئۈستىگە يوللىدى. ئالپتېكىن غازى، كىنگىتنى پەتھى قىلىپ، قۇچۇغا يۈرۈش قىلدى. دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى مەغلۇپ بولۇپ، قۇچۇنى تاشلاپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى بەشبالىق شەھىرىگە يەرلىشىپ، ئۇ يەرنى پايتەخت قىلدى. ئالپتېكىن غازى، قۇچۇنى ئالغاندىن كېيىن، بەشبالىققا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئىدىقۇت بەشبالىقنىڭ شىمالىدىكى تاغ يوللىرىنى ئىستىھكام قىلىپ چوڭ بىر قوشۇن

يىغىپ تۇرغانلىقتىن، ئىككى ئارىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بەشبالىق يېقىنلىرىدىكى بىرتاغ (چىنلىقلار هازىر بۇتاغنى نەنسەن يەنى جەنۇبىي تاغ دەپ ئاتايدۇ) ئېتىكىدىكى بىر قېتىملىق قاتتىق ئۇرۇشتا ئالپتېكىن غازى شېھىت بولدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۇيغۇرلار قۇچۇ ۋە كىنگىتنى قايتۇرىۋالدى. ئالپتېكىن غازىنىڭ مازىرى هازىرمۇ نەنسەن تېغى ئېتىكىدە. بۇ مازار، خەلق ئىچىدە «ئەلپەتتا خوجام مازىرى » دەپ ئاتىلىدۇ.

## هارۇن بۇغراخان

مۇسا بۇغرا خان هىجرى 372 ـ (مىلادى 982 ـ) يىلى ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئىنىسى هارۇن خان قاراخانلىق تەختىگە چىقىپ، ئۇمۇ «بۇغرا» ئۇنۋانىنى ئالدى. هارۇن بۇغرا قاراخان ناهايىتى تەدبىرلىك بىر سىياسەتچى ئىدى. ئۇ قاراخانلار تەختىگە چىقىپ، ئۇزۇنغا قالماستىن ئۇيغۇر ئىدىقۇتنى قەتئىي سۈرەتتە بويسۇندۇردى ۋە باشقا پۈتۈن خانلار ۋە قەبىلە بەگلىرىنىمۇ ئىتائەت قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانلار مەملىكىتىدە تىنچلىق ـ ئامانلىق ئورنىتىلدى. هارۇن بۇغرا قاراخان ئۆز تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەردىن تەركىپ تاپقان ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە مۇنتىزىم بىر قوشۇن تەييارلىدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى پەۋقۇلئاددە يۈكسىلىپ، مەملىكەتنى كېڭەيتىشنىڭ ۋاقتى يېتىپ كەلگەندى.

## غەربىي تۈركىستاننىڭ قاراخانلار دۆلىتىگە قوشۇلغانلىقى

بۇ ئارىدا غەربىي تۈركىستان، ئافغانىستان ۋە ئىرانغا هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سامانى تۈرك دۆلىتى ئاجىزلاپ، مۇنقەرىز بولۇش باسقۇچىدا ئىدى. تەۋەسىدىكى ۋالىي ۋە قوماندانلار سامانى دۆلىتى مەركىزىگە بويسۇنماستىن، ئۆز يەرلىرىدە مۇستەقىل سۈرەتتە هۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت پارچىلىنىشقا يۈز تۇتقان. بۇلاردىن غەزنە ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئەمىر ساۋۇق تېكىن(سۇبۇق تېكىن) ئافغانىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەپ كۈچ توپلاپ هىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، سامانى دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان بۇخارانىڭ ئىچكىي ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشقىلى باشلىغانىدى.

هارۇن بۇغراقاراخان، مۇنقەرىز بولۇش ئالدىدىكى بۇدۆلەتكە ئىگە بولۇشنى كۆزلەپ، هىجرى 383 ـ ۋە ياكى 384 ـ(مىلادى994 ـ) يىلى فەرغانىغا هۇجۇم قىلىپ قولغا ئالغاندىن كېيىن، سەمەرقەنتنىمۇ قولغا چۈشۈردى. بۇخاراغا هۇجۇم قىلىپ، سامانى هۆكۈمدارى ئەمىرنۇھ نى مەغلۇپ قىلدى ۋە بۇخارانى مۇهاسىرىگە ئالدى. ئەمىرنۇھ بۇخارادىن مەخپىي هالدا قېچىپ، ئۆگۈز دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئىمىل شەهرىگە كەتتى ۋە ئۇ جاينى پايتەخت قىلىپ تۇردى. قاراخان، بۇخارانى

ئۈرۈشماستىن قولغا چۈشۈردى. سەمەرقەنتنى غەربىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى قىلىپ ئولتۇرۇپ، ماۋەرائۇننەھردىكى پۈتۈن ئۆلكىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ھاكىمىيتى ئاستىغا كىرگۈزدى.

ھارۇن بۇغراقاراخان سەمەرقەنتتە 3 يىل تۇردى. ئاغرىپ قېلىپ، بۇ كېسەلدىن ساقىيالماسلىقنى سېزىپ قەشقەرگە قايتتى ۋە يولدا (ھىجرى387 ـ يىلى) ۋاپات بولدى.

ھارۇن بۇغراقاراخان قايتىش ۋاقتىدا، قېرىندىشى (مۇسا بۇغراخان) نىڭ ئوغلى ئەلى تېكىننى غەربىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا «ئىلىكخان» ئۇنۋانىنى بەردى. ئىلىكخان قەدىمكى تۈركچىدىكى «ئىلخان» مەنىسىدە بولۇپ شاھ، مەلىك ۋە ياكى خان دېگەنلىكتۇر. بۇقاخان زامانىسىدىن تارتىپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۆلكىلەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن قاراخان جەمەتىدىن بىر تېكىن(شاھزادە) ئومۇمىي ۋالىي بولۇپ تەيىنلىنەتتى ۋە ئۇ تېكىنگە «ئىلىكخان» دېگەن ئۇنۋان بېرىلەتتى. غەربىي تۈركىستانغا بىر ئىلىك خان تەيىن قىلىنىشى بىلەن قاراخانلار دۆلىتىدە غەرب ئىلىكخانى ۋە شىمال ئىلىكخانى دەپ ئىككى ئىلىكخان بارلىققا كەلگەن.

سامانى ھۆكۈمدارى ئەمىر نۇھ ، بۇخارادىن قاچقان كۈنىدىن تارتىپ، سۇبۇق تېكىن ۋە باشقا ۋالىيلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، كۆچ توپلاشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى. سىر دەرياسىنىڭ ئاياق تەرەپىدىكى جەند ئۆلكىسىنى ئىگەللەپ تۇرغان سەلجۇق قەبىلىسىنىڭ خانى سەلجۇق سۇباشى دىنمۇ ياردەم سورىغان بولسىمۇ، بۇلار ئۆز ئىچكى جېدەل ـ ماجىرالىرى تۈپەيلىدىن، ھەمدە قاراخانىنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ، ئەمىر نۇھقا ياردەم بەرمىگەن. قاراخانىنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، ئەمىر نۇھ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلاندى.

سۇباشى سەلچۇق ئوغلى ئارسلان قوماندانلىقىدا بىرئەسكىرىي قۇۋۋەتنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ئەمىر بۇ كۆچ بىلەن بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىلىكخان ئەلى تېكىننى مەغلۇپ قىلدى ۋە بۇخارانى ئالدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك بۇخارانى پايتەخت قىلىپ، ھۆكۈمرانلىقنى باشلىدى. ئىلىكخان بوخاراغا قايتارما ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. بۇنى ئاڭلىغان ئەمىر نۇھ، سۇبۇق تېكىندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سۇبۇق تېكىن نۇرغۇن ئەسكىرى بىلەن بۇخارا يېقىنلىرىغا كەلگەندە، سۇبۇق تېكىننىڭ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىشىدىن قورقۇپ، ۋەزىرى ئابدۇللاھ بىن مۇھەممەد بىن ئەزىزنى ئىلىكخاننىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ سۈلھى قىلدى. بۇ ئەھۋالنى سۇبۇق تېكىنگە مەلۇم قىلدى ۋە ئىلىكخان بىلەن ئۇرۇش بولمايدىغانلىقنى ۋە سۇبۇق تېكىننى غەزنىگە قايتىپ، كېتىشنى بىلدۇردى. سۇبۇق تېكىننىڭ غەزنىگە قايتتى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئوتتۇرىسىدىكى «قەتۋان چۆلى» چېگرا بولۇپ، غەرب تەرەپ ئەمىرنۇھقا شەرق تەرەپى بولسا ئىلىكخانغا قالدى.

## قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان

ھارۇن بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋەلىئەھەدى بولغان ئوغلى يۈسۈپ تېكىن قاراخانلىق تەختىگە چىقتى ۋە «قېدىرخان» ئۇنۋانىنى ئالدى[47] .

يۈسۈپ قېدىرخان قاراخانلىق تەختىگە چىقىپ ئاز كۈندە(ھىجرى 387 ـ، مىلادى997ـ يىلىنىڭ ئاياغلىرىدا) ئەمىرنۇھ ۋاپات قىلىپ ئورنىغا ئوغلى مەنسۇر پادىشا بولدى. شۇ كۈنلەردە، بەلخ يېقىنلىرىدا سۇبۇق تېكىنمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئوغۇللىرى ئىسمائىل ۋە مەھمۇد (داڭلىق سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى) ئۆز ئارىلىرىدا تەخت تالىشىپ، ئۇرۇشۇۋاتاتتى. دەسلەپتە، مەنسۇر بىلەن ئىلىكخاننىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى (دوستلۇق كېلىشىمگە بىنائەن). لېكىن، مەنسۇر ھۆكۈمدارلىق لىياقىتى يوق غاپىل بىرشاھزادە بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇرت كاتتىلىرى ئۇنىڭدىن يۈزئۆرۈدى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ئابدۇللاھ بىن مۇھەممەد بىن ئەزىز ۋە قوماندانى فائىقلار بىرلىشىپ، ئەبۇ مەنسۇرئىسپىجاب نىڭ باشچىلىقىدا قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ھۇزۇرىغا بىرئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىپ، قاراخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداقلار قاراخاندىن، بۇخارانى مەنسۇردىن قۇتقۇزۇشنى ئىلتىماس قىلدى. قاراخان سەمەرقەنتتىكى ئەلى تېكىن ئىلىكخانغا بۇخاراغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئەلى تېكىن ئىلىكخان بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، يۇقىرىقى ۋەزىر ئابدۇللاھ، قوماندان فائىق ۋە ئەلچى ئەبۇمەنسۇرلار قېچىپ، ئەلى تېكىننىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. ئەلى تېكىن، بۇلاردىن گۇمانلىنىپ، قاماپ قويدى. پەقەت فائىقنى 300 ئەسكەربىلەن ئالدىغا سېلىپ، قاراۋۇل قىلىپ ماڭدۇرۇپ ئۆزى ئارقىسىدىن ماڭدى. بۇنى ئاڭلىغان ھامان ئەمىر مەنسۇر بۇخارانى تاشلاپ، قاچتى ۋە ئۆگۈز دەرياسىدىن ئۆتۈپ توختىدى. فائىق بۇخاراغا كىرىپلا، ئىلىكخاندىن يۈز ئۆرۈپ، بۇخارا خەلقى بىلەن بىرلىشىپ، قارشى سەپكە ئۆتۈۋالدى ۋە ئەمىرمەنسۇرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن پادىشالىق ئىسمى مەنسۇردا ۋە ھوقۇق فائىقتا بولۇش شەرتى بىلەن پۈتۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر مەنسۇر بۇخاراغا قايتىپ كەلدى. بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا ئىلىكخان سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى. ئەمىر مەنسۇر ۋە فائىق، سۇبۇق تېكىننىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرادىن پايدىلىنىپ، خوراساننى سۇبۇق تېكىننىڭ ئەۋلادلىرىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن، بەگ تۇزۇن ئىسىملىك بىرسىنىڭ قوماندانلىقىدا يۈرۈش باشلىدى. لېكىن، بەگتۇزۇن بۇ ئىشتا بىرنەتىجىگە ئېرىشەلمەي تۇرۇپ، سۇبۇق تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى مەھمۇد غەلىبە قىلىپ، دادىسىنىڭ تەختىنى قولغا كەلتۈردى ۋە ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ ئېلان قىلدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى كۈچ توپلاپ، بەگتۇزۇن بىلەن ئۇرۇش باشلىدى. ئەمىر مەنسۇر ۋە

47 «قېدىرخان» قەدىمكى تۈركچىدە كۈچلۈك، ۋە نۇپۇزلۇق ھۆكۈمدار، دېگەنلىك. بەزى تارىخچىلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەرەبچە«قۇدرەت» سۆزىدىن تۈرەلگەن «قادىر» كەلىمىسى ئەمەس. «دىۋانى لۇغاتىتتۈرك» كە قاراڭ (مۇئەللىپتىن).

فائىق نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن خوراسانغا كېلىپ، سۇلتان مەھمۇدنى مەغلۇپ قىلدى ۋە خوراساننى ئالدى. كېيىنچە، فائىق بىلەن بەگتۇزۇن ئەمىر مەنسۇردىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، قاماققا ئالدى ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئابدۇلمەلىك بىن نۇھنى تەختكە چىقىرىپ، بەلخ شەھىرىنى مەركەز قىلدى. ئۇندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ئەمىر ئابدۇلمەلىك بىن ۋە فائىق بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، خوراساننى ئىگىلىدى. بۇخاراغا قاچقان فائىق ئۆلدى. ئابدۇلمەلىك تېخى نارىسىدە بولغانلىقتىن بۇخارا ھاكىمىيىتى قالايمىقانلىشىپ، خەلق ئىچىدە تىنچسىزلىق باشلىدى. ئەلى تېكىن، ئۇزۇندىن بېرى بۇخارانى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، مۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. مانا، بۇ پۇرسەت كەلگەنلىكتىن ئىلىكخان نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى.

## سامانى دۆلىتىنىڭ
## يىقىلىشى

ئىلىكخان بۇخاراغا يېقىن كەلگەندە بەگتۇزۇن، بىرمىقدار ئەسكەر بىلەن ئىلىكخاننى توساش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى. ئەمما، مەغلۇپ بولدى ۋە بىرقانچە سامانى دۆلەت كاتتىلىرى بىلەن ئەسىر ئېلىندى. ھىجرىنىڭ 389 ـ يىلى 10 ـ زۇلھەج كۈنى، يەنى، قۇربان ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئىلىكخان ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماستىن بۇخاراغا كىردى ۋە پادىشالىق سارايىغا يەرلىشىپ، ئەلنى تىنچىتتى. ئەمىر ئابدۇلمەلىكنى قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن تۇتۇپ كېلىپ، ئۆزكەنت شەھىرىدە نەزەربەنت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 128 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سامانى دۆلىتى مۇنقەرىز بولدى. سامانى دۆلىتى ئىسلامغا ۋە ئىلىمگە بەك كۆپ خىزمەت قىلغان بىرتۈرك دۆلىتى ئىدى. ئۇندىن كېيىن ئىلىكخان پۈتۈن ماۋارائۇننەھرىنى ئىگەللىدى. سۇلتان مەھمۇد بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. بۇ ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ مەملىكەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆگۈز دەرياسى چېگرا ئىدى. (14 ـ خەرىتىگە قاراڭ)

ھىجرى 390 ـ (مىلادى 998 ـ) يىلى قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان، سۇلتان مەھمۇدقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ يېڭى قۇرغان دۆلىتىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۆز ئارا بىر دوستلۇق ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بۇ تەكلىپنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە قاراخان جەمەتىدىن ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ئىلىكخاننىڭ قىزى چىگىل خاتۇننى سۇلتان مەھمۇتقا ياتلىق قىلدى. ئۆزكەنتتە تۆي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ، چىگىل خاتۇننى غەزنىگە ئۇزاتتى [48].

[48] چىگىل خاتۇن، ئەلى خان ئىلىكخاننىڭ قىزى ئەمەس. شىمال ئىلىكخانى توغان خاننىڭ قىزى (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھى)

## ئەلى تېكىن ئىلىكخان بىلەن سامانى خاندانىدىن مۇنتەسىر ئارىسىدىكى ئۇرۇش

ئەمىرنوھنىڭ ئىسمى، ئەبۇ ئىبراھىم ۋە لەقىمى «مۇنتەسىر» بولغان ئوغلى ئىلىكخانىنىڭ تۈرمىسىدىن قېچىپ، خارەزمگە كەلدى ۋە ئۇ يەردە ئۆزىگە تەرەپتار توپلاپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دۆلىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تىرىشچانلىق باشلىدى. مۇنتەسىر ھىجرى 391 ـ يىلى بىر كېچىدە تۇيۇقسىز بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ئىلىكخان سەمەرقەنتتىن ئەسكەر يوللاپ، مۇنتەسىرنى قوغلىۋەتتى. مۇنتەسىر ئۇيەردىن خوراسانغا ئۆتۈپ، سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ ئىنىسى نەسىر بىلەن ئېلىشتى ۋە ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، قاچتى. ھىجرى 939 ـ يىلى سەلچۇق قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن سەمەرقەنت ئەتراپلىرىغا كېلىپ، پاراكەندىچىلىك سالغىلى باشلىدى. لېكىن، مۇۋەپپەق بولالماي قاچتى. ئۇندىن كېيىن، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇخارادا مەخپىي ھالدا سامانى خاندانىغا مەنسۇپ كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلىدى. سەلچۇق قەبىلىسى ۋە شەھەر ئىچىدىكى تەرەپتارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن بۇخارانى ئىشغال قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىلىكخان، سەمەرقەنتتىن يۈرۈش قىلدى. سەلچۇقلار ئىلىكخاندىن قورقۇپ، مۇنتەسىرنى تاشلاپ جەڭدە قايتىپ كەتتى. مۇنتەسىرنىڭ قوماندانلىرىدىن ئەبۇلھەسەن ئەتتاق 5000 ئەسكىرى بىلەن ئىلىكخان تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان سامانىلاردىن كۆپى ئەسىرگە ئېلىندى. مۇنتەسىر ئازراق ئادىمى بىلەن ئۆگۈز دەريا دىن ئۆتۈپ، قاچتى. ئۇندىن كېيىن، مۇنتەسىر پۇرسەت تاپسىلا، سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ۋەيا ئىلىكخانىنى ئاۋارە قىلىپ تۇرغاندى. سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى، مۇنتەسىرنى تامامەن يوقۇتۇپ، خاتىرجەم بولۇشقا قارار قىلدى. مۇنتەسىرنى ھەريەردە قوغلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىرقانچە ئادەملىرى بىلەن قورشاۋغا ئالدى. ئەمما، مۇنتەسىر يالغۇز قېچىپ قۇتۇلدى ۋە سەرگەردان ھالدا قاراقۇمدىكى كۆچمەنچى قەبىلىسىنىڭ رەئىسى ئىبنىي بەھىج نىڭ قېشىدا پانا تاپتى. مۇنتەسىر ھىجرى 395 ـ (مىلادى 1004ـ) يىلى ئىبنى بەھىج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## ئەلى تېكىن ئىلىكخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئارىسىدىكى ئۇرۇش

ھىجرى 397 ـ (مىلادى 1005 ـ) يىلى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆگۈز بويىدىكى چېگرا مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇتتۇرىسىدا بىر قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. ئۇچاغدا سۇلتان مەھمۇد ھىندىستاندا «غازات» قىلىۋاتقان ئىدى. غەزنىدە ئۇنىڭ ئورنىغا ئارسلان جازىپ ئىسىملىك بىر قوماندان ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ ۋەقە ھەققىدە ئىلىكخان ۋە ئارسلان جازىپ ئارىسىدا يېزىشقان خەتلەردە قاتتىق سۆز

ئىبارىلەر قوللانغانلىقتىن ئوتتۇرىدا سوغۇقلۇق پەيدا بولدى. نەتىجىدە، ئۇرۇش باشلاندى ۋە ئىلىكخان، سۇلتان مەھمۇدنىڭ يۇرتىغا ئىككى قولدىن ئەسكەر يوللىدى. بۇلاردىن بىرقولى ئىلىكخاننىڭ ئىنىسى چاغرى تېكىننىڭ قوماندانلىقىدا بەلخقە، يەنە بىرى قاراخان جەمەتىدىن بولغان سۈباشى تېكىننىڭ قوماندانلىقىدا خوراسانغا يۈرۈش قىلدى . چاغرى تېكىن ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن بەلخنى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە ئىشغال قىلدى. سۇبىشى تېكىن بولسا مەرۋە، ھرات ۋە خوراسان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالدى. ئارسلان جازىپ ۋە سۇلتان مەھمۇد نىڭ ۋەزىرى ئەبۇئىلياس فەزل بىن ئەھمەد پۈتۈن كۈچلىرىنى توپلاپ بەلخ يوللىرىنى مۇداپىئە قىلدى ۋە سۇلتان مەھمۇد قا خەۋەر يوللىدى. سۇلتان مەھمۇد ھىندىستاندىكى ئىشلىرىنى چالا قويۇپ غەزنىگە قايتىپ كەلدى. ئافغانلارنىڭ «قابائىل» قەبىلىسىدىن زور بىرقوشۇن توپلاپ، كابۇلغا كەلدى ۋە ھىندىقۇش تاغلىرىنى ئېشىپ بەلخ شەھرىگە ھۇجۇم قىلدى. چاغرى تېكىن بۇ دەھشەتلىك كۈچكە تاقابىل تۇرالماي بەلخ شەھرىنى تاشلاپ قاچتى ۋە ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ تېرمىزگە كېلىپ توختىدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ قوماندانلىرىدىن‌ئارسلان جازىپ 10000 كىشىلىك بىرقوشۇن بىلەن خوراسانغا كېلىپ، سۈباشى تېكىن ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ۋە سۈباشى تېكىننىڭ ئىنىسى بىلەن 700 ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالدى.

سۈباشى تېكىن قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن بۇخارا غا قايتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىلىكخان، سۈباشى تېكىنگە 10000كىشىلىك بىرقوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ، سۇلتان مەھمۇدنى مەغلۇپ قىلدى. سۈباشى تېكىن بەلخنى ئەمدى قولغا چۈشۈرۈپ تۇرغىنىدا ئارسلان تېكىن، غايەت زور بىركۈچ بىلەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ ياردىمىگە يېتىشىپ كېلىپ، قىسقا بىر توقۇنۇشتىن كېيىن، چاغرى تېكىن مەغلۇب بولدى ۋە بەلخ قايتىدىن سۇلتان مەھمۇدنىڭ قولىغا ئۆتتى. چاغرى تېكىن ئەسكەرلىرىنى ئىنتىزام بىلەن ئۆگۈزدىن ئۆتكۈزۈپ، تىرمىزگە كېلىپ توختىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇقېتىمقى ئۇرۇش ئاياغلاشقان بولدى.

## قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش

يۇقىرىقى ئۇرۇشتىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ھەدەپ چېگرا غا ئەسكەر توپلىغىلى باشلىدى. بۇنىڭدىن ئەندىشەلەنگەن قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن ئۇرۇشۇش قارارىغا كەلدى. ھىجرى 398 ـ (مىلادى 1007 ـ) يىلى يۈسۈپ قېدىرخان زور بىرقوشۇن بىلەن قەشقەردىن يۈرۈش قىلدى ۋە شىمال ئىلىكخانى تۇغان ئىلىكخاننى دەرھال ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ، سەمەرقەنتكە بېرىشقا بۇيرۇدى. قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان، تۇغان ئىلىكخان ۋە ئەلى ئىلىكخانلار سەمەرقەنتتە ئۇچرىشىپ، 50 مىڭ كىشىلىك غايەت ھەشەمەتلىك بىرقوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى ۋە

ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ بەلخنى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋەزىيەتتە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىمۇ 500 پىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتايىن ھەيۋەتلىك قوشۇن بىلەن كېلىپ بەلختىن 8 مىل ئۇزاقلىقتىكى كەتەر دېگەن سايىدا توختىدى[51]. شۇنىڭ بىلەن قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ۋە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئەسكەرلىرى بىر بىرىگە قارشى كەتەر سېيىدا سەپ تارتىشتى. قاراخانلار قوشۇنىنىڭ قەلب (قول) قىسمىداقاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ، مەيمەنە(ئوڭ) دا ئەلى تېكىن ئىلىكخان، مەيسىرە(سول) دا چاغرى تېكىن سەپ تارتتى. سۇلتان مەھمود، ئىنىسى نەسرنى ۋە جۇرجان ۋالىيسى ئەبۇنەسرنى قولغا، ئالتۇنتاشنى ئوڭغا ۋە ئارسلان جازىپنى سولغا يەرلەشتۈردى ۋە سەپنىڭ ئالدىغا 500 پىلنى قاتار تۇرغۇزۇپ، ئىستىھكام قىلدى. مانا، بۇ پىلان بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى دەھشەتلىك قوشۇن ئوتتۇرىسىدا ھىجرى 398ـ (مىلادى 1008 ـ) يىلى 22 ـ رەبىئىسسانى كۈنى ئۇرۇش باشلاندى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ پىللىرى قاراخانلارغا خېلى زىيان يەتكۈزگەن بولسىمۇ ئەلى ئىلىكخان 500 ئەسكىرى بىلەن پىللەرگە ھۇجۇم قىلىپ پىللەرنى قاچۇردى ۋە سۇلتان مەھمۇد نىڭ ئەسكەرلىرى چېكىندى. كەچتە سۇلتان مەھمۇد پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، پىللەرنى ئالدىغا سېلىپ، قاراخانلار قوشۇنىنىڭ «قول» قىسمىغا ھۇجۇم قىلدى. پىللەر ئالدىنقى قاتاردىكى ئەلەمدار لاردىن بىرقانچىسىنى يىقىتتى. سەپنىڭ ئارقىسىدا، ئېھتىيات قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بولغان تۇغان ئىلىكخان بۇنى كۆرۈپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئارقىغا قاراپ قاچتى. بۇنى كۆرگەن تۈرك ئەسكەرلىرى بىردىن قالايمىقانلىشىپ، ئىنتىزامسىزلىق يۈز بەردى. بۇ پايدىسىز ۋەزىيەتنى كۆرگەن قاراخان، ئەسكەرلىرىنى بەلخقە چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۆزى كەچتە ئۇرۇش پەسەيگەندە بەلخگە قايتتى ۋە ئەسكەرلەرنى توپلاپ، ئىنتىزام بىلەن چېكىنىپ، ئۆگۈزدىن ئۆتتى. تارىخچىلاربىردەك، بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ بىردىن ـ بىرسەۋەبى تۇغان ئىلىكخاننىڭ سەۋەبسىز قېچىشى دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى تارىخچىلار، توغان خان بىلەن سۇلتان مەھمۇد مەخپىي ئالاقىلىشىپ پۈتۈشكەن ۋە ئۇرۇش مەيدانىنى سەۋەبسىز تاشلاپ قاچقان دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. سۇلتان مەھمۇد مۇشۇنچىلىك غەلىبىدىن خوشاللىنىپ، قاراخانىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭسا، ئۆزىنىڭ ئېغىر بىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى سېزىپ، قاراخان ئۆگۈزدىن ئۆتۈپ بولغىچە كەتەر سېيىدا مىدىرلىماي جىم تۇرغان.

## قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئارىسىدا كېلىشىم

يۇقىرىقى ئۇرۇشتىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد، يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ يەنەبىر ھۇجۇمىنىڭ ئاقىبىتىدىن قاتتىق قورقۇپ، قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانغا، ئەلى ئىلىكخان ئىلىكخانغا ۋە توغان ئىلىكخانغا باشقا ـ

[51] 8 مىل دېگىنىمىز 12 كىلومېترغا تەڭ ( ن. ش. ھ. ).

باشقا خەت يېزىپ، ئەلچىلەر ئەۋەتكەن ۋە ئۇلار بىلەن سۈلھى قىلىپ، تىنچلىق ئورنۇتۇشنى تەلەپ قىلغان. يۈسۈپ قىدىرخان بۇنى رەد قىلغان بولسىمۇ، ئۇ، ئۇرۇشتىن سۈلھىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەلى ئىلىكخان ئۇرۇش تەرەپتارى ئىدى. توغان ئىلىكخان سۇلتان مەھمۇدنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزئالدىغا يۈتۈشتى ۋە ھىجرى 400 (مىلادى 109) ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد قا بىۋاستە ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەت باغلىدى. يۈسۈپ قىدىرخان ئۆتكەنكى ئۇرۇشتا قاراخانىلارنىڭ مەغلۇپ بولىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىدىن، تۇغان ئىلىكخاندىن قاتتىق نارازى ئىدى. بۇقېتىم مۇستەقىل ھۆكۈمداردەك ئۆزئالدىغا ئىش قىلىپ، سۇلتان مەھمۇد بىلەن يۈتۈشكەنلىكىگە تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىش ئۈچۈن، ئاكىسى ئەلى ئىلىكخاننى (ھىجرى 401 ـ يىلى قىشتا) سەمەرقەنتتىن بالاساغۇنغا يوللىدى.

قاتتىق سوغۇق ۋە قار ياغقانلىقتىن، ئەلى تېكىن ئۆزكەنتتىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ يۈرۈشتىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مەھمود دەرھال يۈسۈپ قىدىرخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ماقۇل كېلىدىغان مۇۋاپىق شەرتلەر ئاساسىدا سۈلھى قىلىشنى تەكلىپ قىلدى ۋە تۇغان خاننىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىشنى سورىدى. يۈسۈپ قىدىرخان بۇ شەرتلەرنى ئۆزىگە پايدىلىق ۋە مۇۋاپىق دەپ بىلىپ، قوبۇل قىلدى. ئەلى ئىلىكخان تېكىننى سەمەرقەنتكە قايتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزىمۇ ئۆزكەنتتىن سەمەرقەنتكە قايتتى. بۇندىن كېيىن، يۈسۈپ قىدىرخان ۋە سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدا ھەمدە بۇلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ بۇ دوستلۇق مۇناسىۋەت داۋام قىلدى.

## تۇغان ئىلىكخان ۋە ختاي ئۇرۇشى

ھىجرى 408 ـ ( مىلادى 1018) ـ يىلى ختاي[52] ئىسىملىك تۈرك قەبىلىسى (بۇلار ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمدە تەپسىلى توختىلىمەن) يۈزمىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئالتاي تاغلىرىنى ئېشىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلدى. «ئىككى ئۆگۈز» (ھازىرقى ئالتاي ۋىلايىتى) ۋە ئىمىل قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ ئىلىغا قاراپ، ئىلگىرىلەپ ئىلى دەرياسى بويىغا يېقىنلاشتى . تۇغان ئىلىكخان ئۇ كۈنلەردە قاتتىق كېسەل بولغانلىقتىن، ختايلارنىڭ ئالدىنى توساش ئۈچۈن يوللىغان ئەسكەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئاڭلاپ، كۆپ، غەمكىن بولغان ۋە خۇداغا يىغلاپ ئۆزىگە شىپا تىلىگەن. بىر كېچىدە تۇغان خان شىپا تېپىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ماغدۇرىغا كەلدى. قاراخاندىن ۋە باشقا تەرەپلەردىن بالاساغۇنغا كەلگەن ياردەملەر بىلەن كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ختايلارنىڭ ئۈستىگە يۈردى ۋە ئۇلارنىڭ

52 بەزى تارىخ تەتقىقاتچىلىرىغا كۆرە «قىتان»، «قىتاي» ۋە «ختاي» دېگەنلەر بىرئىسىم بولۇپ، تارىختا تەلەپپۇزى ئۆزگىرىپ كەلگەن، ھازىرختاي دېيىش ئومۇملاشقان. قىتان، قىتاي ياكى ختايلار ھۇنلار توپلۇمىدىكى غەيرى تۈركلەر كاتېگورىيەسىدە كۆرسىتىلىدۇ. ئە. بايتۇر ،721 ـ بەت، ھ . نۇر ھاجى 172 ـ بەت(ن . ش . ھ .).

كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ، قاچقانلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئىملىغا باردى. 10 مىڭدىن كۆپرەك خىتاينى ئەسىرگە ئالدى. قالغانلىرىنى قوغلاپ ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتتى. بۇقېتىمقى ئۇرۇشتا ھېساپسىز چارۋا مال غەنىمەت ئېلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بۇ غالىبىيەتتىن ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، تۇغان ئىلىكخان ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئىنىسى ئارسلان خان شىمالىي تۈركىستانغا ئىلىكخان بولدى. بۇ زاتنى ئەرەب تارىخچىلىرى «ئارسلان ئەلئاسىم» دەپ يازىدۇ. بىر رىۋايەتتە، يۇقىرىقى خىتاي ئۇرۇشى مانا شۇ ئارسلانخان زامانىسىدا يۈزبەرگەن دېيىلىدۇ. لېكىن، تارىخچىلارنىڭ كۆپچىلىگى يۇقىرىقى رىۋايەتنى تەستىقلىماقتا. بۇمەغلۇبىيەتتىن كېيىن، خىتاي دۆلىتى قاراخانغا باج ـ سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن تەۋە بولۇپ تۇرغان.

## ئىلىكخان دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا

تولاراق ئىسلام تارىخ كىتابلىرىدا قاراخانلار دۆلىتىنى، ئىلىكخانلار دۆلىتى دەپ ئاتاپ، بۇ دۆلەتنى «ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە كۈچلۈك ئىسلام دۆلىتى» دەپ تەرىپلەيدۇ. ئىلىكخانلارنىڭ ۋەقەلىرىنى بەزىدە تەپسىلى بايان قىلىسىمۇ بەزىدە ناھايىتى مۇجمەل سۆزلەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن،«ئىلىكخان» لارنىڭ ئۇنۋانى (مەرتىبىسى) نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇنۋان بىلەن ئاتالغان زاتلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىرقانچە مەركەزلەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقلىرىنى، ھەرخىل زامانلاردا ئۆتكەن بىرقانچە زاتنىڭ بىركىشىمۇ ياكى باشقا ـ باشقا كىشىلەرمۇ ئىكەنلىكىنى ۋە بىر دۆلەت خاندانى مۇئەسسىسى ئىكەنلىكىنى ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. نەتىجىدە كۆپ جايدا بۇ ھەقتە ئېغىر گۇمان بەيدا قىلىپ قويىدۇ. تۆۋەندە بۇ تارىخچىلارنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزەمنىڭ تەتقىق قىلىپ، ھاسىل قىلغان نەتىجەمنى ئوتتۇرىغا قويۇمەن.

« ئىلىكخان ھىجرى 407 ـ (مىلادى 1016 ـ) يىلى ماۋەرائۇننەھرنىڭ بەزى مەنتىقەلىرىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى (بەيھەقى، 744 ـ بەت).

«ئىلىكخان ھىجرى 403 ـ(مىلادى1012 ـ) يىلى ۋاپات بولدى» (ئۇتبى، 291 ـ بەت)

«ئىلىكخان ھىجرى 407 ـ يىلىغىچە ھايات ئىدى» (موسىيۇساچىئۇ، خارەزىم تارىخى، 2 ـ توم 120ـ بەت).

«ئىلىكخان» دېگەن كەلىمە، تۈركىستان خاقانى تەرىپىدىن سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا ۋالىي بولغان كىشىنىڭ لەقىمى ئىدى. بەزىلەرگۇمان قىلغاندەك ئىلىكخان خاقان ئەمەس» (رەۋزەتۇسسەفا، 777 ـ بەت).

رەۋزەتۇسسەفانىڭ يەنە بىر يېرىدە «تارىخلاردا مەشھۇربولغان ئىلىكخاننىڭ ئىسمى ئەلى تېكىن ئىدى» دەپ يېزىلغان.

ستانلىي لىنپول ئۆزىنىڭ «ئىسلام ھۆكۈمدارلىرى شەجەرىسى» دېگەن ئەسەرىنىڭ «ئىلىكخانلار دۆلىتى» دېگەن بۆلۈمىدە قاراخانلارنى، غەرب ئىلىكخانلىرىنى، ۋە شىمال ئىلىكخانلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىماستىن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر سۈرەتتە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى، تەختكە چىققان ۋە ۋاپات بولغان تارىخلىرىنى يازغان. بۇنىڭدا ئەينى زاماندا بىرقانچە ئىلىكخانلارنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز.

«ئەلى تېكىن بۇخاراغا ھۆكۈمران بولغان ئىلىكخانلاردىن ئىدى. ئۇ تۇغان خاننىڭ ئىنىسى، بۇغراخاننىڭ بۇرادەر زادىسى(جىيەنى) ۋە سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ۋە قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانلارنىڭ زامانداشى ئىدى» (برىتانىيە ئىسلام ئانسىكلوپېدىيىسى،297 - بەت).

«ئەلى تېكىن، قېدىرخاننىڭ دادىسىنىڭ بۇرادەرزادىسى(جىيەنى) ئىدى» ( مەجمەئەل ئەنساپ، 297 - بەت).

« ھىجرى 462 - يىلى سۇلتان مەسئۇدنىڭ ھۇزۇرىغا ئىلىكخاننىڭ ئەلچىسى كەلدى. مەن (بەيھەقى) ئۇ مەجلىستە ھازىر ئىدىم. سۇلتان مەسئۇد ئەلچىدىن، بۇرادىرىم ئىلىكخاننىڭ ئەھۋالى قانداق؟ دەپ، سورىدى. بۇ ئىلىكخان مەقسۇد ئەنىنىڭ ئوغلى ئىدى» (بەيھەقى، 431 - بەت).

«ئەلى تېكىن بۇخارايى نىڭ ئىنىسى تۇغانخان. قېدىرخان بىلەن ئىلىكخاننىڭ تەختىنى تالىشىپ، ھىجرى 414 - يىلى ئۇرۇشتى ۋە تۇغان خان غەلىبە قىلىپ. ئىلىكخاننىڭ پايتەختى بالاساغۇننى ئىلىۋالدى» (بەيھەقى، 655 - بەت).

« ئىلىكخان ھىجرى 403 - يىلى ئۆلدى. ئورنىغا ئىنىسى ئەھمەد تۇغانخان چىقتى. ئەھمەد توغانخان ھىجرى 408 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۇرنىغا ئىنىسى ئەبۇ مەنسۇرئارسلانخان تەختكە چىقتى ۋە قىزىنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوغلى مەسئۇتقا بەردى. ھىجرىنىڭ 414 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ تەختىنى تالىشىپ قېدىرخان ۋە ئەلى تېكىن بۇخارائى نىڭ ئىنىسى توغانخان ئۇرۇشتى. نەتىجىدە، تۇغانخان غەلىبە قىلىپ مەرھۇم ئارسلانخاننىڭ پايتەختى بالاساغۇننى ئىگەللىدى.» (ئىبنۇلئەسىر، 2 - توم، 210 - بەت).

ئۇتبىمۇ ئوز ئەسەرىنىڭ 293 - 294 - بەتلىرىدە ئىبنۇلئەسىرگە ئوخشاش زىكىرقىلىدۇ. مانا بۇلار بىرقىسىم قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئىسلام تارىخلىرىدىكى كىشىنى شۈبھىلەندۈرىدىغان بايانلار. ۋە يەنە بىرقانچە ئىسلام تارىخلىرىدا «ئىلىكخان » دېگەن سۆزنى بىرتۈرك پادىشاسىنىڭ ئىسمى دەپ كۆرستىدۇ ۋە بۇلارغا ئائىت ۋەقەلىكلەرنى ئىنتايىن تۇراقسىز ۋەئىشەنچسىز بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىتابلاردىكى بايانلارنى بۇيەردە يېزىپ ئولتۇرمدۇق.

يۇقىرىقى تارىخچىلارنىڭ شۈبھە تۇغدۇرىدىغان بۇ بايانلىرى ئۇلارنىڭ ، قاراخانلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى، ماھىيىتى ۋە دۆلەت تەشكىلاتى ھەققىدە تولۇق مەلۇماتلىرى بولمىغانلىقلىرىدىن كېلىپ چىققان . چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى تۈركىستاننىڭ ئەسلى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قەشقەردىكى «قاراخان» لار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت شەكلىدىكى ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە «ئىلىكخان» ئۇنۋانلىق كىشىلەرنىڭ مەزكۇر قاراخان تەرىپىدىن مەملىكەتنىڭ شىمال ۋە غەرب قىسمىغا

تەيىنلىنىپ كەلگە ئومۇمىي ۋالىيلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىغا ئۇيغۇن ئىلىكخانلار ئالاھىدە ھوقۇق ۋە سالاھىيەتكە ئىگە بولغان ۋالىيلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنى ئۆزئالدىغا مۇستەقىل بىر ھۆكۈمداردەپ گۇمان قىلىشقان. مەن بۇ ھەقتە ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ بېرىپ بۇخاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئاز بولسىمۇ ھەقىقىي ماھىيەتنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇلارنى مۆھتەرەم كىتابخانلارغا تۆۋەندە قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويىمەن؛

قاراخانىلار دۆلىتى كۆچلىنىپ، تېررىتورىيەسى كېڭەيگەندىن كېيىن، ئىككى يەردە مەركەز قۇرۇلدى. بىر مەركىزى، ئەسلى پايتەختى قەشقەر شەھەرى ئىدى ۋە قاراخان تولاراق بۇ يەردە تۇرۇپ، ئالتى شەھەر خانلىقلىرىنى ئۆزى بىۋاستە باشقۇراتتى. ئىككىنچى مەركىزى بالاساغۇن ئىدى. ئۇ يەردە قاراخان خانىدانىدىن بىر تېكىن قاراخاننىڭ نايىبى يەنى، ياردەمچىسى بولۇپ، ئومۇمىي ۋالىيلىق سۈپىتى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى تۈرك خانلىقلىرىنى ئىدارە قىلاتتى. بۇلار «ئىلىكخان» دەپ ئاتىلاتتى.

ھارۇن بۇغراخان غەربىي تۈركىستاننى ئىگىلىگەن چاغدا، ئۇجايلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئەلنى ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغىمۇ «ئىلىكخان» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئىلىكخان مەيدانغا چىقتى. بۇلاردىن بىرى شىمال ئىلىكخان ئىدى. بۇنىڭ مەركىزى بالاساغۇن بولۇپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە ئىنجە (سىر) دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرنى قاراخانغا ۋاكالىتەن باشقۇراتتى. يەنە بىرى غەرب ئىلىكخانى ئىدى. بۇنىڭ مەركىزى سەمەرقەنت بولۇپ، ئىنجە ۋە ئۆگۈز ئارىسىدىكى، ئەرەبلەر«ماۋەرائۇننەھر» دەپ ئاتايدىغان يەرلەرنى قاراخانغا ۋاكالىتەن ئىدارە قىلاتتى. يۇقىرىدىكى تارىخچىلاردىن ئۇتبى، ئىبنۇلئەسىر ۋە ساچۇنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە بەيھەقىنىڭ 1ـ ۋە 3 ـ رىۋايەتلىرى شىمال ئىلىكخانلىرىغا تېگىشلىكتۇر. «رەۋزە تۇسسەفا»، «ئىسلام ئانسىكلوپېدىيەسى» ۋە «مەجمەئەلئەنساب» رىۋايەتلىرى ۋە بەيھەقىنىڭ 2 ـ رىۋايىتى غەرب ئىلىكخانلىرىغا ئائىتتۇر. غەرپ ئىلىكخانلىرىنىڭ بىرىنچىسى ئەلى تېكىن ئىلىكخان بولۇپ، سامانى دۆلىتىنى يىقىتقان، سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان ۋە كېيىنچە سۇلتان مەھمۇد بىلەن ئۇرۇشقان ، مانا شۇ ئەلى ئىلىكخان. شۇنداقلا، تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان سەۋەپلەر بىلەن يۈسۈپ قېدىرخانغا ئاسىلىق قىلىپ، سولتان مەھمۇد ۋە يۈسۈپ قېدىرخانلارنىڭ بىرلەشكەن كۈچىنىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىپ، سەلچۇق ئوغۇللىرى بىلەن بەزىدە بىرلىشىپ، بەزىدە دۈشمەنلىشىپ تۇرغانمۇ شو ئەلى ئىلىكخان. كېيىنچە غەربىي تۈركىستاننى قايتا ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد ۋە يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ بىرلىكتە قوشۇن يوللىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ يۈسۈپ قېدىرخاندىن ئەپۇ سوراپ، قايتىدىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ئەلى ئىلىكخانمۇ ئەنە شۇئەلى ئىلىكخان. بەزى ئىسلام

تارىخچىلىرى بۇ ئەلى ئىلىكخاننى باشقا بىر كىشى دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بەزىلىرى ئەلى ئىلىكخاننى بۇخارالىق بىر كىشى ۋە سامانى دۆلىتىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرسى ئىدى دەپ تېخىمۇ زور بىرخاتا چۈشەنچىدە بولغان. بۇ خىل چۈشەنچىنىڭ مەنبەئى، ئەلى ئىلىكخان يۈسۈپ قېدىرخانغا ئاسىلىق قىلىپ تۇرغان چاغلىرىدا، قاراخان دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ۋەقە نوۋىسلەر ئۇنى «ئەلى تېكىن» دەپ ئۇنىڭ ئىسمىغا ئىلىكخان دېگەن سۆزنى قوشمايدىغان بولغان. سۇلتان مەھمۇدمۇ ئۇنىڭ يۈسۈپ قېدىرخانغا ئاسى بولغانلىقىدىن ئۇنى ئىلى خان دەپلا ئاتايتتى. خەلق ئىچىدىمۇ ئەلى ئىلىكخان ھەققىدە ئۇنى ئاسىلىق بىلەن ئەيىبلەيدىغان تەشۋىقات تارالغانىدى. ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەن بەزى تارىخچىلار بۇ ئەلىخاننى، ئەلى تېكىن ئىلىكخاندىن باشقا بىر كىشى دەپ ئويلىغان ۋە يۇقىرىقىدەك خاتا چۈشەنچىلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن.

## ئىلىكخانلارنىڭ قاراخانلىققا ئاسىلىق قىلغانلىقى

ھىجرى 414ـ ( مىلادى1023ـ) يىلى شىمال ئىلىكخانى ئەبۇ مەنسۇرئارسلانخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا قاراخان خاندانىدىن «تۇغان خان» ئىسىملىك بىرتېكىن ئىلىكخان بولدى. لېكىن، بۇ كىشى ئىلىكخان بولغان كۈنىدىن باشلاپ، قاراخان يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنماي ئىتائەتسىزلىق قىلغلى باشلىدى. يۈسۈپ قېدىرخان بۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن، قەشقەردىن بالاساغۇنغا يۈرۈش قىلدى. تۇغان خان قاتتىق تۇرۇپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى نەتىجىسىدە يۈسۈپخان مەغلۇپ بولدى ۋە بالاساغۇننى تاشلاپ، قەشقەرگە يېنىپ كەلدى.

غەرب ئىلىكخانى ئەلى ئىلىكخان، يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈسۈپ قېدىرخاننى يىقىتىپ، ئۇرنىغا قاراخان بولۇش خىيالىغا چۈشتى ۋە جۇند ۋىلايىتىدىكى سەلچۇق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئارسلان يابغۇ بىلەن بىرلىشىپ، قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانغا قارشى ئىسيان كۆتەردى. يۈسۈپ قېدىرخان ئۇنى جازالىماق ئۈچۈن ئەسكەر يوللىغان بولسىمۇ بۇ ئەسكەرلەر مەغلۇب بولۇپ قايتىپ كەلدى. بۇ ۋەقەلەر ھىجرى 514 ـ( مىلادى 1120 ـ) يىلىنىڭ ئۆتتۇرىلىرىدا يۈزبەرگەن.

## قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ كۆرۈشكەنلىكى

ئەلى ئىلىكخان قاچقاندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد ۋە يۈسۈپ قېدىرخان سەمەرقەنتكە كېلىپ، كۆرۈشۈشكە قارارقىلىشتى. سۇلتان مەھمۇد سەمەرقەنتكە بۇرۇنراق كەلدى. يۈسۈپ قېدىرخان

ھىجرى 416، سەپەرئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى( مىلادى 1025 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى) سەمەرقەنتكە كىردى. بۇ ئىككى بۈيۈك شەۋكەتلىك تۈرك ئىسلام ھۆكۈمدارلىرى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر دەبدەبىلىك مۇراسىم بىلەن كۆرۈشتى. تارىخچىلاردىن بەيھەقى ۋە گەردىزى ئۆز كىتابلىرىدا بۇ كۆرۈشۈشنى تەرىپلەپ، مۇراسىمنىڭ سەلتەنەتلىكلىكىنى، ئۆز ئارا تەقدىم قىلىشقان سوغاتلار نىڭ كۆپلىكى، نەفىسلىكىنى ۋە نەچچە خەزىنىنى تولدۇرغىدەك قىممەت باھالىق ئىكەنلىكىنى تەپسىلاتى بىلەن يازغان. تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردىن باشقا بارتولدىنىڭ « ئىران تارىخى ۋە جۇغراپىيەسى» دېگەن ئەسەرىگە قاراڭ.

بۇ تارىخىي كۆرۈشۈش بىرقانچە كۈن داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا ئىككى دۆلەت ھۆكۈمدارلىرى ئىككى مۇھىم بىتىمنامىگە قول قويۇشتى. بۇلاردىن بىرى لازىم بولغاندا بىر ـ بىرلىرىگە ئەسكىرىي ياردەمدە بولۇش ۋە قوللاش. يەنە بىرسى، تۈركىستان ۋە خوراسان بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان سەلچۇق ئوغۇللىرىنىڭ كۈچىنى يوقىتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككى دۆلەت بىرلىكتە ئۇلارنى تەۋەلىرى بىلەن قوشۇپ ئىران، تۈركىستان ۋە خوراساننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىۋېتىشنى قارارقىلدى. ئۇندىن باشقا بۇ دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى تۇغقانلىق رىشتىسى بىلەن تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، غايەت ھەشەمەتلىك ئىككى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇلاردىن بىرى يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ ئوغلى مەھمۇد ياغان تېكىنگە سۇلتان مەھمۇدنىڭ قىزى زەينەپ خاتۇننى نىكاھ قىلدى. يەنەبىرى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوغلى شاھزادە مۇھەممەدگە يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ قىزىنى نىكاھ قىلدى. بۇ مۇھىم ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنىگە قايتتى. بۇ ئارىدا تۇغان خان يۈسۈپ قېدىرخاندىن ئەپۇ تىلەپ، بويسۇندى.

## شەرقىي تۈركىستاندا
## ئىسيان

قاراخان يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەسكىرىي كۈچنىڭ تولاراقى غەربىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېتىلگەنىدى. بۇ ۋەزىيەتنى پۇرسەت دەپ بىلگەن خوتەن خانى ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئىسيان كۆتەردى. ئۇچاغدا خوتەندە مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ سانى كۆپ ئىدى. خوتەن ئىسيانچىلىرى قاراخاننىڭ خوتەندىكى مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئادەملىرىنى يوقىتىپ، تاقىۋېتىلگەن «پۇرخان ئۆي» يەنى، بۇددا بۇتخانىلىرىنى يېڭىباشتىن ئېچىپ، بۇددا ۋە قامان دىنىنىڭ ئىبادەتلىرىنى باشلىۋەتتى. يەنە بىرتەرەپتىن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە ھىجرى 417ـ (مىلادى 1026 ـ) يىلى سۇلتان مەھمۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانغا قارشى بىركېلىشىم تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ سۇلتان مەھمۇد بۇنى رەت قىلدى.

گەردىزى ئۆزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» ئىسىملىك تارىخ كىتابىدا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىختا «ختاي خانىمۇئىدىقۇتنىڭ ئەلچىسى بىلەن بىرئەلچى ئەۋەتىپ سۇلتان مەھمۇد نى قاراخان يۈسۈپ قىدىرخانغا قارشى كۈشكۈرتمەكچى بولغاندا سۇلتان مەھمۇد بۇنى قەتئىي رەت قىلغان» دەپ يازىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا بۇ ھادىسىلەر يۈزبەرگەن چاغدا، قاراخان يۈسۈپ قىدىرخان تېخى سەمەرقەنتتە ئىدى. بۇخارا ۋە سەمەرقەنت خەلقى ئىچىدە ئىسلام ئۈچۈن، غازاتقا چاقىرىق قىلىپ، تەخمىنەن 20,000 كىشىلىك قوشۇن توپلاپ بىرقىسىم دىنى ئالىملار ۋە سېيدلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە شەرقىي تۈركىستانغاچوڭ بىرغازات قوشۇنى يوللىدى. (بەزى مۇھىم ئىشلىرى سەۋەبىدىن ئۆزى سەمەرقەنتدە قالغان) بۇ قوشۇن قەشقەرگە كېلىپ، ھىجرى 416(مىلادى 1025)- يىلى رەبىئۇسسانى ۋە ياكى جامادىل ئاخىرئايىدا خوتەنگە ماڭدى. شەھەر ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمى بىلەن شەھەر ئۇڭاي پەتھى بولغان بولسىمۇ مۇسۇلمان بولمىغان بۇددىست خوتەنلىكلەر شەھەرنى تاشلاپ، قېچىپ تاغلىق رايۇنلارغا بېرىپ توپلاندى ۋە قارشىلىق كۆرستىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇلارنى تاغ ئارىلىرىدا قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇشتى. ئەمما، بۇددىستلار بۇلارنى تاغ جىلغىلىرى ئارىسىدا ئېزىقتۇرۇپ يۈرۈپ، قوشۇننى پارچىلاپ ھۇجۇم قىلىپ، ھەممىسىنى شېھىت قىلىپ تۈگەتتى. خوتەندىكى « تۆت ئىمام زەبىھۇللاھ» ھىكايىسىنىڭ ئەسلى مانا بۇ ۋەقەلىكتىن ئىبارەت. بۇ ۋەقەلەر يۈزبەرگەن كۈنلىرى (يەنى شابان ئايىدا) يۈسۈپ قىدىرخان، قەشقەرگە كېلىپلا خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ئىسيانچىلارنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. خوتەن خانى مۇسۇلمان بولۇپ، تولۇق ئىتائەتكە كىردى. ئىدىقۇت دۆلىتى ختايلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىرمەزگىل قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئاخىرى ھىجرى 416 ـ يىلىنىڭ ئاياغلىرىدا قەتئىي سۈرەتتە مەغلۇب بولۇپ، باج تۆلەپ، قارخانغا تەۋە بولۇش شەرتى بىلەن ئىچكى جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.

گەردىزىنىڭ «زەينۇل ئەخبا»ر دېگەن تارىخ كىتابىدا، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بىلەن ختاي خانى سۇلتان مەھمودقا ئەلچى ئەۋەتىپ، قاراخان يۈسۈپ قىدىرخانغا قارشى ئىتتىپاق تۈزمەكچى بولغانلىقى ۋە سۇلتان مەھمۇدنىڭ بۇنى رەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرى مانا شۇ چاغلاردا يۈزبەرگەن ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## ئەلى تېكىن ئىلىكخانىنىڭ
## ئىككىنچى ئىسيانى

يۈسۈپ قىدىرخان سەمەرقەنتتىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچىنى ئېلىپ، خوتەندىكى ئىسياننى بېسىقتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بىرچاغدا ئەلى تېكىن بۇنى پۇرسەت بىلىپ، سەلچۇق ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە كۈچ توپلاپ، قولدىن كەتكەن ئىلىكخانلىقىنى قولغاكەلتۈرۈش خىيالىغا

چۈشتى. سەلجۇق ئوغۇللىرىدىن تۇغرۇلبەگ ۋە چاغرى بەگلەرئەلى تېكىننىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. ئەمما، سەلجۇق ئوغۇللىرى نىڭ نەۋرىسى يۈسۈپبەگ ئۆز تەۋەسى بىلەن ئەلى ئىلىكخان تەرەپىگە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئىلىكخان سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى ئىلىكخان كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلغىلى باشلىدى. يۈسۈپ قېدىرخان ئەلى ئىلىكخانغا قارشى ئەسكەر يوللىغان بولسىمۇ ئۇلار مەغلۇپ بولۇپ قايتتى. نەتىجىدە،ئەلى ئىلىكخان كۈندىن - كۈنگەكۈچلەندى. ھىجرى 416 - يىلىنىڭ ئاياغلىرىدا قېدىرخان ئوغلى مەھمۇد ياغان تېكىننىڭ رەھبەرلىكىدە سۇلتان مەھمۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەلى ئىلىكخان ۋە يۈسۈپبەگلەرگە قارشى ئەسكىرىي ياردەم تەلەپ قىلدى. ياغان تېكىن غەزنىگەكەلگۈچە سۇلتان مەھمۇد ھىندىستاندىكى مەشھۇر«سومنات» جېڭىدا غازات بىلەن مەشغۇل ئىدى. سۇلتان مەھمۇد ھىندىستاندىن قايتقاندىن كېيىن ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىشكە ۋەدە قىلدى ۋە ياغان تېكىن قايتىپ كەلدى. يۈسۈپ قېدىرخانمۇ ئۇكۈنلەردە ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۇرۇشى بىلەن بولۇۋاتقانلىقتىن ئەلى تېكىننىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئىشىنى سۇلتان مەھمۇد نىڭ ۋەدىسىگە قاراپ كېچىكتۈردى. بۇئارىدا ئەلى ئىلىكخان بىلەن يۈسۈپبەگنىڭ ئارىسى بوزۇلۇپ يۈسۈپبەگنى ئۆلتۈردى ۋە قالغان سەلجۇق ئوغۇللىرىنىمۇ مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھەيدىۋەتتى. (بۇ ۋەقەنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز) نەتىجىدە، ھەر قېتىم ئىسيان چىقارغىنىدا ياردەم بېرىدىغان سەلجۇق ئوغۇللىرىمۇ ئەلى ئىلىكخاندىن ئايرىلىپ كەتتى ۋە ئۇ يالغۇز قالدى. ھىجرى 418 -( مىلادى 1027 -) يىلىنىڭ باشلىرىدا يۈسۈپ قېدىرخان ئوغلى ياغان تېكىن باشچىلىقىدا زور بىرقوشۇننى ئەلى ئىلىكخاننىڭ ئۈستىگە يوللىدى. سۇلتان مەھمۇدمۇ «ئەبۇبەكرى ھەسىرىي» ئىسىملىك قوماندىنىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى ئىلىكخان قورقۇپ كېتىپ، دەرھال يۈسۈپ قېدىرخاندىن ئەپۇ تىلىدى. غەرب ئىلىكخانلىقىنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىگە بويسۇنۇدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قاراخانلىق مەركىزىگە مەڭگۈ سادىق قالىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ئەلى ئىلىكخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ياغان تېكىن ۋە ئەبۇبەكرى ھەسىرىينى سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلماي قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ تارىختىن باشلاپ ئەلى ئىلىكخان ئىلىكخان ۋاپاتىغا قەدەر قاراخانلىق مەركىزىگە ۋاپادار بولۇپ، قەتئىي بويسۇنۇپ كەلدى.

شىمال ئىلىكخانى ئىككىنچى تۇغانخان ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، قاراخان بۇئىلىكخانلىقنى ئۆزىگە باغلاپ (مەركەزگە قوشۇپ) ئوغلى II - ئارسلانخاننى شىمال ئىلىكخانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا «شەرەفى دەۋلە» يەنى، «دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى.

## سەلچۇق ۋە ئوغۇللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا
## ئائىت قىسقا تارىخى

ئىسلام تارىخلىرىدا غايەت مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان «سەلچۇق» خاندانى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققانلارنىڭ ئەسلى شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىدىن ئىدى. قاراخانلار ۋە ئىلىكخانلار بىلەن ئارىلىرىدا يۈزبەرگەن ۋەقەلىكلەر شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى مۇھىم سىياسى ھادىسىلەرنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭ، ئۈچۈن بۇ يەردە سەلچۇق خاندانىنىڭ ئەسلى ۋە بىرقىسىم ۋەقەلىكلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىنى بايان قىلىشنى پايدىلىق دەپ ھېساپلايمەن.

سەلچۇق خاندانىنىڭ ئەسلى تاقاغ بەگنىڭ ئوغلى سۇلچۇك سۈباشى نىڭ ئەۋلادلىرىدۇر[53]. تاقاغ بەگ قارلۇق قەبىلىسى ئىچىدىكى «قانىق» ئەشرەت (ئايماق) نىڭ بېگى ئىدى. قارلۇق يابغۇسى تاقاغ بەگنى بەك ياخشى كۆرەتتى. تاقاغ بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئۇغلى سەلچۇق (سۇلچۇك) بەگ بولدى. سەلچۇق بەگ ناھايىتى جەسۇر ۋە قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قارلۇق يابغۇسى سەلچۇق بەگنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنى ئەسكەرلىرىگە قوماندان قىلدى ۋە «سۈباشى» يەنى، باش قوماندان دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. بارغانسىرى سەلچۇق بەگنىڭ ئەسكەرلەرئىچىدە ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئەسكىرىي ھوقۇق قولىغا ئۆتتى. خەلقمۇ سەلچۇق بەگنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى بەك ھىمايە قىلاتتى. بۇ سەۋەپلەر بىلەن يابغۇ سەلچۇق بەگنىڭ يۈز ئۆرۈپ، ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن قورقۇپ قالدى ۋە سەلچۇق بەگنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇنى بىلىپ قالغان سەلچۇق سۈباشى ئۆز قەبىلىسىدىن نۇرغۇن كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، يەتتەسۇدىن قېچىپ، سىر دەرياسىنىڭ ئاياغ قىسمى ۋە شەرقىي قىرغاقلىرىدىكى جەند ئۆلكىسىگە كېلىپ، جايلاشتى. جۇندنىڭ يەرلىك خەلقى مۇسۇلمان ئىدى. سەلچۇق سۈباشى بۇلارنىڭ تەسرى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى ۋە ئەتراپىدىكى مۇشرىك تۈرك قەبىللەر ئۈستىگە غازات يۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، خېلى كۈچلىنىپ قالدى.

ھىجرى 374 (مىلادى 997 ـ) يىلى سەلچۇقسۈباشى ئوغلىئارسلان بەگنىڭ قوماندىلىقىدا زور بىرقوشۇن تەشكىللەپ، ئەمىر نوھنىڭ ئىلىكخانغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەردى ۋە ئىلىكخاننى مەغلۇپ قىلىپ بۇخارانى تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ سامانى خاندانى ۋە سەلچۇق سۈ باشى ئارىسىدا دۇستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. ھىجرى 393 ۋە 394 ـ يىللىرى سەلچۇق سۈباشى مۇنتەسىرگە ئىككى قېتىم ئەسكەرچىقىرىپ ئىلىكخانغا قارشى ئۇرۇشتا ياردەم قىلدى.

سەلچۇق سۈ باشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرىئارسلان بەگ، مىكائىل بەگ ۋە مۇسا

[53] «سۇلچۇك» دېگەن بۇ ئىسىم ھازىر بۇزۇلۇپ، سەلجۇق، سەلچۇق دەپ ئېلىنماقتا. بىزمۇ ئادەت بولۇپ قالغان بۇ تەلەپۇزنى قوللىنىمز. «سۈباشى» ئەسكەر بېشى دېگەنلىك «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »1 ـ توم 478 ـ بەتكەقاراڭ (مۇئەللىپتىن)

بەگلەر سەلچۇق قەبىلىسىنى باشقۇردى. مىكائىل بەگ بىر غازاتتا شېھىت بولدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي مۇسابەگمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلققە رەھبەرلىك ۋە باشقا پۈتۈن ھوقۇقلار ئارسلان بەگنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئارسلان بەگ ئۆزىنى «يابغۇ» ئېلان قىلدى.

ئەلى ئىلىكخان، ئىلىكخان قاراخانلىق مەركىزىدىن يۈز ئۆرۈپ بىرىنچى، قېتىم ئىسيان كۆتەرگەندە، ئارسلان يابغۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. ئەمما، مەغلۇپ بولۇپ، قىزىل قۇم چۆلىگە قاچتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋى ۋە قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانلارنىڭ مەشھۇر ئۇچرىششى جەريانىدا بىتىمنامىگە بىنائەن سەلچۇق ئايمىقىنى تۈركىستان ۋە خوراسان ئۆلكىلىرىگە تارقىتىۋېتىپ، بۇلارنىڭ كۈچىنى يوقىتىش قارارلاشتۇرۇلغانىدى. سۇلتان مەھمۇدئارسلان يابغۇنى تەۋەلىرى بىلەن غەزنىگە چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ئوبدان ۋەدىلەرنى بەردى.ئارسلان يابغۇ ئازراق ئادەملىرى بىلەن كېلىپ، قېرىنداش ئوغۇللىرى تۇغرۇل بەگ، مەھمۇد بەگ، چاغرى بەگ ۋە يۈسۈپبەگلەر قەبىلىنىڭ چوڭ بىرقىسمى بىلەن جۇند دە قالدى. ئارسلان بەگ غەزنىگە كەلگەن ھامان سۇلتان مەھمۇد ئۇنى قولغا ئېلىپ، ھىندىستاندىكى«كالىنجىر» قەلئەسىدىكى زىندانغا تاشلىدى. ئۆزجايلىرىدا قالغان تۇغرۇل بەگ، مەھمۇدبەگ، چاغرى بەگ ۋە يۈسۈپ بەگلەر سۇلتان مەھمۇدنىڭ خوراساندىكى ۋالىيسى ئالتۇنتاشتىن قورقۇپ، جۇند دىن ھىجرەت قىلىپ، بۇخاراغا تەۋە نۇرئاتا يايلاقلىرىغا كېلىپ يەرلەشتى. يۈسۈب قېدىرخان بۇلارنى شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ يەرلىششكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئارسلان يابغۇغا ئوخشاش بىر ئاقىۋەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا بارماي، نۇرئاتا يايلاقلىرىدا قاراخانغا تەۋە بولۇپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىپ، شۇ جايدا قالدى.

شۇجەرياندا ئەلى ئىلىكخاننىڭ 2 ـ قېتىملىق ئىسيانى يۈزبەردى. بۇنىڭدا يۈسۈپبەگ ئۆز تەۋەلىكلىرى بىلەن كېلىپ ياردەم قىلدى. ئەلى ئىلىكخان، يۈسۈپبەگنى ناھايىتى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا «ئىنانچ يابغۇ» دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. ئەلى ئىلىكخان بۇئارىدا، تۇغرۇل بەگ، چاغرى بەگ ۋە مەھمۇد بەگلەرنى ئۆزىگە تەۋە قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغاندىن كېيىن، يۈسۈپبەگنى بۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. لېكىن، يۈسۈپ بەگ بۇ بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمىدى ۋە ئۇلار بىلەن مەخپىي ھالدا بىرلىشىۋالدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى تېكىن «ئالپ قارا» ئىسىملىك قوماندانىنى يۈسۈپبەگنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى. ئالپ قارا كېلىپ، يۈسۈپبەگنى ۋە نۇرغۇن يېقىنلىرىنى ئۆلتۈردى. توغرۇل بەگ، چاغرى بەگ ۋە مەھمۇد بەگلەر يۈسۈپبەگنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەلى ئىلىكخاننىڭ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئالپ قارانى 100 ئادىمى بىلەن تۇتۇۋېلىپ كۆزلىرىنى ئويۇپ تاشلاپ، بوغۇزلىۋەتتى. ئەلى ئىلىكخان بۇلارنى ئارقىسىدىن قوغلاپ قىلتتىق زەربە بېرىپ مەغلۇپ قىلدى ۋە ماۋەرائۇننەھرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

تۇغرۇل بەگ بىلەن چاغرى بەگ قېچىپ، شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغا كىردى ۋە قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانغا يېگىباشتىن بويسۇنۇشنى تىلەپ، يەرلىشىشكە جاي كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يۈسۈپ قېدىرخان بۇلارغا قەشقەرگە يېقىن بىرجاينى كۆرسىتىپ بەردى. بۇلار يەنىلا يۈسۈپ قېدىرخاندىن قورقۇپ تۇراتتى. بۇلارنى قاراخان ھۇزۇرىغا چاقىرسا، بىر باھانە سەۋەپ كۆرسىتىپ ھېچ بىر زامان ئىككىسى بىرلىكتە كەلمەيتتى. ئاخىرى، يۈسۈپ قېدىرخان بىرئامال قىلىپ تۇغرۇل بەگنى تۇتۇپ ئېلىپ قالدى. چاغرى بەگ بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال قەشقەردىن قاچتى. قېچىپ كېتىۋېتىپ، يولدا قاراخان خانىدانىدىن ئوۋ دىن قايتىپ كېلىۋاتقان بىرقانچە تېكىن( شاھزادە) لەرنى تۇتۇۋېلىپ بىرگە ئېلىپ قاچتى. يۈسۈپ قېدىرخان ئەسىر گە ئېلىنغان تېكىنلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، تۇغرۇل بەگنى قويۇپ بېرىشتىن باشقا چارە يوقلىقىنى سېزىپ، ئۇنى تۈرمىدىن چىقاردى ۋە بىرمىقدار ئىنئام ۋە ھەدىيەلەر بىلەن ئەسىرلەرنى ياندۇرۇپ ئەۋەتىشكە ۋەدە ئېلىپ، يولغا سالدى. چاغرى بەگ شۇ قاچقانچە جۇندگە بېرىپ توختىدى. تۇغرۇل بەگ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ تۇتۇۋالغان تېكىنلەرنى ياندۇرۇپ بەردى. بۇ ۋەقە، تەخمىنەن ھىجرى 419 ـ (مىلادى 1028) ـ يىلى يۈز بەرگەن. بۇندىن كېيىن، سەلچۇق ئوغۇللىرى ئۈچۈن، جۇندە تۇرۇش خەتەرلىك بولۇپ قالدى. چۈنكى جۇند ئۆلكىسى، شىمال ئىلىكخانى II ـ ئارسلان خانىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، يۈسۈپ قېدىرخانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەرئىدى. تۇغرۇل بەگ ۋە چاغرى بەگلەر باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، خارەزم ۋالىيسى ھارۇن بىن ئالتۇنتاشتىن يەرتىلىدى. ھارۇن بۇلارغا خارەزم يايلاقلىرىدىن يېتەرلىك يەركۆرسىتىپ بەردى ۋە سەلچۇق ئوغۇللىرى بۇيەرگە كۆچۈپ كەلدى. كېيىنچە، ئەلى ئىلىكخاندىن يازكۈنلىرى نۇرئاتادا تۇرۇشقا رۇخسەت ئالدى ۋە قىشتا خارەزم ۋە يازدا نۇرئاتا يايلاقلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ مال بېقىپ، ياشىدى. ھىجرى 426ـ (مىلادى 1034) ـ يىلى ئەلى ئىلىكخان، ئىلىكخانىنىڭ ئوغلى نەسرئىلىكخان، سەلچۇق ئوغۇللىرىنى ماۋەرائۇننەھردىن پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خارەزم ۋە خوراسان ئەتراپلىرىدا ياشاشقا مەجبۇر بۇلدى. سەلچۇق ئوغۇللىرىنىڭ بىزنىڭ تارىخىمىزغا تىگىشلىك يېرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن تارىخىي ۋەقەلىرى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇماتلار ئۈچۈن ئىسلام تارىخلىرىغا قاراڭ.

## قاراخان يۈسۈپ قېدىرخان ۋە ئەلى ئىلكخانىنىڭ ۋاپاتى

ھىجرى421 ـ (مىلادى 1030ـ) يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى مەسئۇد سۇلتان بولدى. بۇ قاراخان يۈسۈپ قېدىرخانىنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى بەك ياخشى ئىدى. لېكىن، ھىجرى 423 ـ(مىلادى 1032 ـ) يىلى سۇلتان مەھمۇدنىڭ خوراساندىكى ۋالىيسى ئالتۇنتاش بىلەن ئەلى ئىلىكخان ئوتتۇرىسىدا بىرچېگرا مەسىلىسىدىن توقۇنۇش

يۈزبەردى. بۇ ئۇرۇشتا ئالتۇنتاش ئۆلتۈرۈلدى، يەنى، ئەلى ئىلىكخان مەسلىنى قىلىچ كۈچى بىلەن ھەل قىلدى. ھىجرى 423 ـ( مىلادى 1032ـ) يىلى قاراخان يۈسۈپ قىدىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇرنىغا چوڭ ئوغلى مەھمۇد ياغان تېكىن قاراخانلىق تەختىگە چىقتى ۋە «بۇغراخان» ئۇنۋانىنى ئالدى. مەھمۇد بۇغراخان، تەجرىبىلىك سىياسەتچى ۋە قابىلىيەتلىك بىر ئىدارىچى ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە قاراخانىلار دۆلىتى بەكمۇ تىنىچ ۋە پاراۋان بىردەۋر ياشىدى. مەيلى غەرپ ۋە شىمال ئىلىكخانلىرى بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇرئىدىقۇتى ۋە قارلۇق يابغۇسى بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈيۈك قاراخانلىق مەركىزىگە چەكسىز سادىق بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى مۇستەھكەملەنگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، مەھمۇد بۇغراخاننىڭ بىرەر تاشقى دۈشمەن بىلەن مۇھىمراق ئۇرۇش قىلغانلىقى ياكى ئىچكى جەھەتتە بىرەر ئىسيان يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنمايدۇ. ھىجرى 426 ـ (مىلادى 1035ـ) يىلى ئەلى ئىلىكخان ۋاپات بولدى. ئورنىغا مەھمود بۇغرا قاراخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلى ئىلىكخاننىڭ ئوغلى ئۇبۇلھەسەن ناسىر ئىلىكخان بولدى. ناسىرئىلىكخان قاراخانلىق مەركىزىگە سەممىيەتلىك بىلەن ئىتائەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ سەلچۇق ئوغۇللىرىنى قاراخانلىق ئۈچۈن ئاقىۋەتتە بىرخەۋپ كەلتۈرۈشى مۇمكىن دەپ، ئۇلارنى ماۋەرائۇننەھرىدىن پۈتۈنلەي سۈرۈپ چىقاردى. نەسىر ئىلىكخان بىلەن سۇلتان مەسئۇد نىڭ مۇناسىۋىتى بەك ياخشى بولۇپ، سۇلتان مەسئۇد، نەسىر ئىلىكخاننى بۇرادىرىم، دەيتتى. مەھمۇد بۇغرا قاراخان ھىجرى 439 ـ (مىلادى 1047 ـ) يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇرنىغا ئىنىسى تۇغرۇل تېكىن قاراخان بولدى ۋە ئۇمۇ بۇغراخان ئۇنۋانىنى ئالدى. تۇغرۇل بۇغرا قاراخان، دادىسى ۋە ئاكىسىدەك قابىلىيەتلىك بىرسى ئەمەستى. راھەتپەرەست بىركىشى بولغانلىقىدىن ئۇنىڭ دەۋرىدە قاراخانلىق مەركىزىنىڭ كۈچى ئاجىزلاشتى.

## قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكى

تۇغرۇل بۇغراخان تەختكە چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىن ھىجرى، 440 ـ (مىلادى 1048ـ) يىلى ناسىرئىلىكخان ۋاپات بولدى. ئۇرنىغا ئوغلى « ئەبۇل مۇزەففەر ـ ئامادىدەۋلە» ئىبراھىم تېكىن ئىلىكخان بولدى. شۇ يىلى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، غەربىي تۈركىستان قاراخانلىقتىن رەسمىي ئايرىلدى ۋە ئۆزىگە «تاۋغاچ قاراخان» يەنى، ئىككىنچى دەرىجىدىكى قاراخانلىق مەرتىۋىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇنۋانىنى ئالدى. ئەمما، يەنە قاراخانلىقىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن پامىر ۋە ئالاي تاغلىرى، ئىنجە دەرياسى ئوتتۇرىسىدا چېگرا بولغان ئىككى دۆلەت مەيدانغا چىقتى. تۈركىستاننىڭ بىرىنچى قېتىم «شەرقىي» ۋە «غەربىي » دەپ ئىككىگە ئايرىلىشى مانا، شۇنىڭدىن باشلانغان. تۇغرۇل بۇغراخان قابىلىيەتسىز ۋە راھەتكە بېرىلگەن بىركىشى بولغانلىقىدىن ئىبراھىم تېكىننىڭ بۇ ھەرىكىتىگە جىددى ۋە ئەمەلىي بىر قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئۆزىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىغا قانائەت قىلدى. (بۇ2 دۆلەتنىڭ

چېگرىسى 14- خەرىتىدە كۆرسىتىلدى) بۇ جەرياندا سەلجۇق ئوغۇللىرى (ھىجرى 439 - يىلى) غەزنىۋى دۆلىتىنى مۇنقەرىز قىلىپ، خوراسان ۋە ئىراننىڭ بىرقىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلدى ۋە تۇغرۇل بەگ باشچىلىقىدا مەشھۇر سەلجۇق دۆلىتىنى قۇردى.

## II - ھارۇن بۇغراخاننىڭ قاراخانلىق دەۋرىدىكى ۋەقەلەر

تۇغرۇل بۇغرا قاراخان ھىجرى 455- (مىلادى 1063 -) يىلى ۋاپات بولدى. ئۇرنىغا ئىنىسى ھارۇن تېكىن قاراخان بولدى ۋە ئىككىنچى ھارۇن بۇغرا قاراخان دەپ ئاتالدى. شۇيىلى ئالپ ئارسلان سەلجۇق دۆلىتىگەسۇلتان بولدى. II - ھارۇن بۇغرا قاراخان بىلەن سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ مۇناسىۋىتى دوستانە بولۇپ، بىر- بىرلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا ئەلچى تۇرغۇزغانىدى. كېيىنچە، سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ ۋەلىئەھدى مەلىكشاھ II- ھارۇن بۇغرا قارا خاننىڭ قىزى تۇركان خاتۇن بىلەن ناھايىتى كاتتا بىرتوي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئۆيلەندى. مەلىكشاھنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولغان سۇلتان مەھمۇد مانا شۇ تۇركان خاتۇننىڭ ئوغلى. (بۇھەقتىكى تەپسىلى مەلۇماتلار ئۈچۈن ئىسلام تارىخلىرىغا قاراڭ).

لېكىن، غەربىي قاراخانلىق ھۆكۈمدارى ئىبراھىم تاۋغاچ قاراخان بىلەن سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ ئارىسى ياخشى ئەمەستى. ئاخىرى، بۇ يامان مۇناسىۋەت، ھەرئىككىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشتى. ھىجرى 465 -(مىلادى 1072 -) يىلى سۇلتان ئالپ ئارسلان بىلەن تاۋغاچ ئىبراھىم قاراخان ئارىسىدا خارەزم چېگرىسىدا بىرتوقۇنۇش يۈز بېرىپ، سوقۇشتا ئىبراھىم تاۋغاچ قاراخان شېھىت بولدى. ئەسكەرلىرى چېچىلىپ كەتتى. ئالپ ئارسلان ئىگىرلەپ، ئۆگۈز دەرياسىدىن ئۆتتى. دەريا بويىدا تاۋغاچ قاراخاننىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى قوماندانى خارەزملىك يۈسۈپبەگ قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشتى. ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە ئېلىنىپ، سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەندە سۇلتان ئۇنى تۆت قوزۇققا تارتىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى. يۈسۈپبەگ « مەندەك بىرقەھرىمانغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭ توغرىمۇ ؟ دەپ، سۇلتانغا ياندى. ئاچچىغى كەلگەن سۇلتان يۈسۈپبەگكە قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئەمما، ئوق يۈسۈپبەگكە تەگمىدى. يۈسۈپبەگ، « ئالدىڭدىكى بىرئەسىرگە ئوق ئېتىپ تەككۈزەلمەيسەنۇ بۇ نامەرتلىكىڭ بىلەن بىزنىڭ يۇرتىمىزنى ئالىمەن دەپ كەلدىڭمۇ ؟» دېگەن. ئالپ ئارسلان بۇ ھاقارەتكە غەزەپلىنىپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، يۈسۈپبەگكە ئېتىلغاندا، ئايىغى تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. يۈسۈپبەگ چاقماق تېزلىكىدە ئالپ ئارسلاننىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ يېنىدا يوشۇرۇۋالغان خەنجەر بىلەن ئالپ ئارسلاننىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلايدۇ. مۇھاپىزەتچىلەر يۈسۈپبەگنى قىيما- چىيما قىلىۋېتىدۇ. ئەمما، سۇلتان ئالپ ئارسلانمۇ ئۆلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر ھەسەد نىڭ نەتىجىسىدە ئىككى چوڭ ئىسلام ھۆكۈمدارى ئۆلتۈرۈلۈپ، مىڭلارچە بىگۇناھ ئىنسان قېنى تۆكۈلىدۇ.

تاۋغاچ قاراخانلىق تەختىگە، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى شەمسۇلمۇلۇك II - نەسرچىقىدۇ. بۇ زات

ھىجرى 472 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئەلى ئىلىكخاننىڭ ئوغلى ئەبۇئەلى ھەسەن تېكىن تاۋغاچ قاراخان بولدى ۋە بۇغراخان ئۇنۋانىنى ئالدى. بۇ ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ دەۋرىدىكى ۋەقەلەر ھەققىدە مەلۇماتىمىزيوق. ھەسەن تاۋغاچ قاراخان ھىجرى 474 - يىلى ئەتراپلىرىدا ئالەمدىن ئۆتتى ئورنىغا II - نەسىر تاۋغاچ قاراخاننىڭ ئوغلى تەختكە چىقتى. بۇتاۋغاچ خاننىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس. بۇ كىشى ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى ۋە ئورنىغا ئوغلى ئەھمەد تېكىن تاۋغاچ قاراخان بولدى. ئەھمەد تاۋغاچ قاراخان دەۋرىدە قاراخانلىق مەملىكىتى سەلچۇق سۇلتانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرىپ قالدى ۋە بەش يىل ۋاقىتلىق بىرمەزگىل مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى. بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمەن.

ھىجرى 481 - (مىلادى 1088 -) يىلى سەلچۇق سۇلتانى مەلىكشاھ غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئەھمەد تاۋغاچ قاراخان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن مەغلۇپ بولۇپ، مەلىكشاھ تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىندى. كېيىنچە، مەلىكشاھ ئەھمەد تاۋغاچ قاراخاننى ئۆزىگە تەۋە بولۇپ، ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىش شەرتى بىلەن ئۇنى غەربىي تۈركىستان ھۆكۈمدارى قىلىپ قويۇپ، قايتىپ كەتتى. لېكىن ئۆزكەنتنىڭ خانى مەلىكشاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلماي مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. مەلىكشاھ ھىجرى 482 - يىلى غەربىي تۈركىستانغا يەنە كېلىپ، ئۆزكەنت خانى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بويسۇندۇردى. مەلىكشاھنىڭ بۇ مۇھىم ئىككى قېتىملىق يۈرۈش بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ھاكىمىيىتى ئاران بەش يىل داۋام قىلدى. مەلىكشاھ ھىجرى 485 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئوغۇللىرى مەھمۇد ۋە بەركيارۇق ئوتتۇرىسىدا سۇلتانلىق تالىشىش ئۇرۇشى چىقتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەھمەد تاۋغاچ قاراخان مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ مەلىكشاھنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي كىشىلىرىنى قوغلىۋەتتى. ئەھمەد تاۋغاچ قاراخان، ھىجرى 488 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا خانىدانىدىن مەھمۇد تېكىن تاۋغاچ قاراخان بولدى ۋە 490 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا نەۋرىسى، قېدىرخان بىن ئۆمەرخان بىن ئەھمەد تاۋغاچ قاراخانلىق تەختىگەچىقتى. بۇ كىشى ھىجرى 495 - يىلى ۋاپات بولدى. دېمەك، II - ھارۇن بۇغراخان دەۋرىگە ئائىت مەلۇماتىمىز شۇنچىلىك. 41 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ بۈيۈك دۆلەتنىڭ ئىچكىي ۋە تاشقىي جەھەتتە تارىخىي ۋەقەلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئى. ئەپسۇسكى، بۇ ئۇزۇن بىر دەۋرگە تېگىشلىك تارىخىي رىۋايەتلەر بەك قىسقا ۋە مۇجمەل بايان قىلىنغان.

بۇدەۋرىدىكى شىمال ئىلىكخانلىق ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىمال ئىلىكخانلىقى يۈسۈپ قېدىرخان زامانىسىدىن تارتىپ، 2. ئارسلانخاننىڭ قولىدا ئىدى. بۇ ئىلىكخانلارداۋاملىق قاراخانلىق مەركىزىگە ۋاپادار بولۇپ، ئىتائەت قىلىپ كەلگەن. بۇ ئىلىكخانلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىز يۇقىرىدا يۈسۈپ قېدىرخان ئۆز ئوغلى «شەرەفۇددەۋلەئەبۇشۇجا» تېكىننى شىمال ئىلىكخانى قىلىپ تەيىن قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇك. بۇ زات ھىجرى 424 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا چاغرى (چىغرى) تېكىن ئىلىكخان بولدى. چاغرى تېكىن ھىجرى 440 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۇرنىغا

ئىنىسى، رۇكنۇدەۆلە مەھمۇد تېكىن ئىلىكخان بولدى. بۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەھمۇد ئىلىكخانىنىڭ 3ـ ئوغلى ئىككىنچى ئارسلانخان ئىلىكخان بولدى. بۇندىن كېيىنكىلەر ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات تاپالمىدىم. ئەمما، ھىجرى 528 ـ يىلىغىچە شىمال ئىلىكخانلىقى II ـ ئارسلانخانىنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن داۋام قىلغانلىقى ۋە بۇئىلىكخانلارنىڭ ئاخىرغىچە قاراخان دۆلىتىنىڭ سادىق ۋە مۇھىم بىر پارچىسى بولۇپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا رىۋايەتلەر بار.

## قاراخانلار دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

II ـ ھارۇن بۇغراخان ھىجرى 496ـ (مىلادى 1103 ـ) يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇندىن كېيىنكى ۋەقەلەر ھەققىدە تولۇق مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن، بۇ دۆلەتنىڭ ھىجرى 530 ـ (مىلادى 1136 ـ) يىلىغا قەدەر داۋام قىلغانلىقى ھەققىدە تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك باھالاشلار بىلەن پىكىر بىرلىككە كەلگەنلىكى مۇقىملاشتى.

ھىجرى 530 ـ يىلى قاراختاي خانى نوسى گۇرخان پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ، قاراخانلار دۆلىتىنى يىقىتتى[54]. (بۇلارنى تۆۋەندە قاراختاي دۆلىتى دېگەن پەسىلدە بايان قىلىمەن) شۇنىڭ بىلەن 280 يىل داۋام قىلغان شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان يۇرتلىرىنى ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزگەن ئۇلۇغ تۈرك قاراخانلىرى (قاغانلىرى) دۆلىتى يىقىلدى.

ئەمما، غەربىي تۈركىستاندىكى غەربىي قاراخان دۆلىتى، كۈچسىزلىكىنىڭ ھەرخىل پالاكەتلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھىجرى 619 (مىلادى 1222) ـ يىلىغىچە ياشىدى. «تاۋغاچ قاراخان» قېدىرخان 495 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئوغلى قىلىچ خان تەختكە چىقتى ۋەبۇغراخان ئۇنۋانىنى ئالدى. بۇ زاتىنىڭ زامانىسىدا، يەنى، ھىجرى 520 ـ يىلى ئەتراپىدا، سەلچۇق سۇلتانى سەنجەر غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلدى. قىلىچ خان بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، سەنجەرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. ھىجرى 531 ـ يىلى قاراختاي گۇرخانى نۇسى غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، قىلىچ بۇغراخاننى ئۆزىگە تەۋەقىلدى. قىلىچ بۇغراقاراخان ھىجرى 558 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى جالالىدىن ئەلى كورگان قاراخان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى قاراخانلار توغرىسىدا مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن، قارا ختايلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە غەربىي تۈركىستاننىڭ قاراخانى، سۇلتان ئوسمان ئىكەنلىكى بىلىنمەكتە. بۇكىشى ھىجرى 606 ـ يىللىرى خارەزىم شاھىغا تەۋە بولۇپ، ھىجرى 619 ـ يىلى مەھەممەد خارەزىم شاھ قولىدا شېھىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانلىقى تامامەن يىقىلدى. دېمەك، غەربىي قاراخانلىقى ھىجرى 520 ـ يىلىدىن باشلاپ، دەسلەپتە سۇلتان سەنجەرگە ئۇندىن كېيىن قاراختاي دۆلىتىگە ۋە ئاخىرىدا خارەزىم شاھىغا تەۋە بولۇپ، ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ ياشىغان ئىدى.

54 ھازىرقى ئۇيغۇرچەئەسەرلەردە، بۇ قاراختاي گورخانىنى «يېلۇداشى» دەپ، ئالغان. ت. ئالماس، 570 ـ بەت (ن . ش. ھ.).

(قاراختاي دۆلىتى بابىدا بۇلارنى بىرئاز تەپسىلراق بايان قىلىمەن)

## قاراخانلارنىڭ ئىدارى تەشكىلاتى

قاراخانلار دۆلىتىدە، قەدىمكى تۈرك ئەنئەنىسى ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ بېشىدىكى خانىدانىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان زاتقا «قاراخان» دېگەن ئۇنۋان بېرىلەتتى. قاراخانىنىڭ قول ئاستىدىكى ھۆكۈمدارلار ئومۇمەن مۇنداق ئىككى دەرىجىگە بۆلۈنگەندى:

بىرىنچى دەرىجە- ئىلىكخانلىق دەرىجىسى ئىدى. ئىلىكخانلاردۆلەت مەركىزىدىن ئۇزاقتىكى مەملىكەتنىڭ چوڭ بىرقىسمىدا قاراخانىنىڭ نائىبى( ئورۇنباسارى) سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە تەۋە بولغان مەنتىقە(رايۇن) دا ناھايىتى زور ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، ئۇجايلارنى نىسبەتەن مۇستەقىل بىر سۈرەتتە ئىدارە قىلاتتى. ئۆز ئىسمىدا پۇل چىقىرىش، چېگرىداش بولغان يات دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش ياكى سۈلھى قىلىش، ئۇ دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىش قاتارلىق چوڭ ئىشلاردا ئۆز ئالدىغا تولۇق ھوقۇقلۇق ئىدى. مانا شۇ سەۋەپتىن تولاراق ئىسلام تارىخچىلىرى ئىلىكخانلارنى مۇستەقىل ھۆكۈمدارلاردەپ گۇمان قىلىشقان.

ئىككىنچى دەرىجە- قاراخان دۆلىتىگە تەۋە بولۇپ، ئىچكىي مۇستەقىللىقىغا (مۇختارىيەتكە) ئىگە يەرلىك خان ۋە بەگلىك دەرىجىسى ئىدى. قاراخانلىق بۇلارنىڭ ئىچكى ئىستىقلالىغا ھۆرمەت قىلاتتى. بۇلار ئۆز تەۋەلىرى ئىچىدە دىن، ئۆرپ ئادەت ۋە ئۆزلىرىگە خاس ئىدارىي شەكىللەردە ئەركىن ئىدى. خان، بەگ ۋە باشقا يەرلىك مەنسەپ ئەۋلادلىرىغا مىراس قالاتتى. قاراخانلار دۆلىتى بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمايتتى. بۇ لاردىن مۇھىملىرى شۇلار: قۇجۇ، بەشبالىق، ئىمىل(چۆچەك)، ئىككى - ئۆگۈز(ئالتاي)، قۇمۇل، بارىكۆل ۋە ئۈچ ئىل(غەربىي گەنسۇ) بۇجايلار ئۇيغۇرئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىدارىسىدە ئىدى. خوتەن، «قىلىچ خان » ئۇنۋانلىق بىر يەرلىك خانىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئىلى دەرياسىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ، ئېرتىش دەرياسىغىچە سوزۇلغان يەتتەسۇ ئۆلكىسى قارلۇق خانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، قارلۇق خانىنىڭ ئۇنۋانى «يابغۇ» ئىدى. تىرىم، يەنى، تارىم ( ھازىرقى لوپنۇر) ۋە چەرچەندىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنى بىريەرلىك خان ئىدارەقىلاتتى. كۆكچەدېڭىزى (بالقاش كۆلى) نىڭ شىمالىدا يەرلەشكەن ياغما، توخسى ۋە ئوغراق قەبىلىلىرى بىرەرخان ياكى بەگنىڭ باشقۇرىشىدا ئىدى. بۇخان ۋە بەگلەرنىڭ ئۆزئالدىغا پۇل چىقىرىش ۋە يات ئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ھوقۇقى يوقتى. قاراخان ياكى ئىلىكخانلار تەرىپىدىن تەيىن قىلىنىدىغان ئەسكىرىي، مەمۇرىي، دىنى(قازى) ۋە مالىيە مەنسەپدار لىرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىشكە مەجبۇر بولۇپ، بۇ ئىشلاردا بىۋاستە قاراخانغا ياكى ئىلىكخانغا باغلىق ئىدى. مالىي كىرىملىرىدىن بەلگىلەنگەن قىسمىنى مەركەزگە تاپشۇرۇش ۋە مەلۇم ساندا ئەسكەر بېرىشى شەرت ئىدى.

غەرب ئىلىكخانىنىڭ ئىدارىي تەشكىلى قاراخانىلىقنىڭ باشقا جايلىرىدىكىدىن پەرقلىنەتتى. ماۋەرائۇننەھردىكى ئۆلكىلەر ئۇزۇن زاماندىن تارتىپ، ئىسلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قول ئاستىدا قالغانلىقتىن، ئۇلاردا مۇستەقىل خان ۋە بەگ يوقتى. ھەرقايسى جايلار ۋالىي، ھاكىم ۋە باشقا مەمۇرلارنى مەركەزدىن تەيىنلەش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرۇلغانىدى. بۇ ئۆلكىلەر قاراخانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئىلىكخانلار ياكى كېيىنكى تاۋغاچ قاراخانلارمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلىپ كەلدى. ئومۇمىي ئىدارە قىلىش ئىشلىرىنى، ئەسكىرىي ۋە مالىيە ئىشلىرىنى قارارلىق ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزام بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ۋە يەرلىك خان ۋە بەگلەرنى ئىتائەت قىلىشتا چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن، مەملىكەت بىرقانچە ۋىلايەتلەرگە تەقسىم قىلىنغان. ھەربىر ۋىلايەتتە قاراخان ياكى ئىلىكخان تەرىپىدىن ۋەكىللەر، ئەسكىرىي ئەمەلدارلار، قازىلار، مالىيە ئەمەلدارلىرى ۋە يېتەرلىك ساندا ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ۋىلايەتلەر «ئىل» دەپ ئاتىلاتتى (14 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

ئومۇمەن پۈتۈن دۆلەت ئىچىدە بىر ئالاقە ـ خەۋەرلىشىش خىزمىتى(پوچتا) ئورنىتىلغانىدى. يەنە مۇھىم ھادىسىنى مەركەزگە ياكى مەركەزدىن ئۇزاقتىكى جايلارغا ئۆز ۋاقتىدا تېزلىك بىلەن يەتكۈزۈش ئۈچۈن، قەشقەر ـ بالاساغۇن ئارىسىدا ۋە پۈتۈن چېگرا بويىلاپ مۇنتىزىم بىر سىزىق ئۈستىدە قاتارقىلىپ مۇنارلار سېلىنغانىدى. مۇھىم خەۋەرلەرنى بۇ مۇنار ئۈستىدە داۋاملىق تۇرغۇزۇلغان كىشلەر كۈندۈزى بايراق ھەرىكىتى بىلەن كېچىسى ئوت يېقىپ، ئىشارەت بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇبىر مۇناردىكى ئادەمگە خەۋەر قىلىش ئارقىلىق تېگىشلىك يەرگە يەتكۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ يىراق چېگرىدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنىڭ خەۋىرى بۇ يول بىلەن بىر ئىككى كۈن ئىچىدىلا پايتەختكە يېتىپ كېلەتتى. مانا بۇ ئۇسۇل ھازىرقى زامانىمىزدىكى تېلىگرافنىڭ خىزمىتىنى بېجىرگەن. بۇمۇنار لاردىن ساق قالغانلىرى ھازىرمۇ بار. بۇ مۇنارلارنى جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەردە «تىم» شىمال ۋە شەرقتىكى جايلاردا بۇلارنى «تۇر» ۋە ياكى «تۇرا» دەپ ئاتايتتى.

## ھەربىي تەشكىلات

قاراخانلار ئۆزىگە تەۋە بولۇشنى قوبۇل قىلغان تۈرك قوۋملىرىدىن مالىي مەبلەغ ۋە ئەسكەرگە ئېلىش تۈزۈمىنى بىكىتكەن. بۇتۈزۈمدە مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمان بولمىغانلار دەپ ئايرىماستىن ھەممىگە بىردەك مۇئامىلە قىلىناتتى. بۇنداق بىر ئومۇمىي سىياسەت نەتىجىسىدە، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ كىرىمى ئارتقان. شۇنداقلا، جەڭگىۋار ۋە شىجائەتلىك ئەسكەرلەر كۆپىنچە، مۇسۇلمان بولمىغان ۋە جەڭگىۋار قەبىلىلەردىن كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانلار قوشۇنى مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەردىن تەركىپ تاپقان مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك، ئىنتىزاملىق ئەسكىرىي كۈچتىن تەركىپ تاپقانىدى. قوشۇن مۇكەممەل بىر تەشكىلاتقا ئىگە بولۇپ، شۇ تۆت قىسىمغا بۆلۈنەتتى:

1ـ ھۇجۇمچى قول (قىسىم).

2 ـ كېچىدە دۈشمەنگە تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىپ، قاراۋۇللىرىنى تۇتۇپ كېلىدىغان مەخسۇس قىسىم.

3 ـ كېچە كۈندۈز ئەسكەرلەرنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايدىغان كۆزەتچى قىسىم.

4 ـ ئەسكەرلەرنىڭ سانى، ئوزۇق ـ تۈلۈك كىرىم چىقىم ۋە ھېسابات ئىشلىرىنى ئىنتايىن مۇنتىزىم بىرسۈرەتتە باشقۇرىدىغان ئارقا سەپ تەمىنات قىسىم.

قاراخانلارنىڭ بايرىقى ئال رەڭ شايىدىن ھازىرلانغان توققۇز دانە بايراقتىن ئىبارەت ئىدى. قاراخان بېشى ئۈستىدە ھال رەڭ شايىدىن ياسالغان بىر كۈنلۈك تۇتۇلغان، تۆت ئەتراپىدا توققۇز دانە ھال رەڭ شايىدىن تىكىلگەن بايراق كۆتۈرۈلگەن ھالدا ماڭاتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قاراخاننى « توققۇز تۇغلۇق خان» دەپمۇ ئاتايتتى. (9 سانىنى بەخت كەلتۈرىدۇ دەپ مۇبارەك بىلىدىغان بۇ مىللىي ئەنئەنىمىز ھازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا داۋام قىلماقتا) قاراخاندىن تۆۋەن دەرىجىدىكىلەرنىڭ بايرىقىمۇ ھال رەڭ بولۇپ سانى توققۇز دىن ئاز بولاتتى.

ئەسكىرىي قىسىملاردا مارش مۇزىكىسى بارئىدى. ھازىرقى ناغرا، كاناي، دۇمباق ۋە سۇنايلىرىمىز قاراخانلارنىڭ ئەسكىرىي مۇزىكىلىرىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن نەمۇنەلىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا ئالدىنقى سەپ ۋە مەركەز ئارىسىدا پوچتا ئالاقە سىستېمى بار ئىدى.

## قاراخانلار دەۋرىدە شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىيىتى

قاراخانلار دەۋرىدە غەربىي تۈركىستاندا مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى ئۈستۈن بىر سەۋىيەدە راۋاجلانغانلىقى تارىخ كىتابلىرىدا تازا ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. سەمەرقەنت، بۇخارا، مەرغىنان، ئۆزكەنت قاتارلىق شەھەرلەر ئۇ زاماننىڭ ئەڭ داڭلىق ئىلىم ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئىدى. بۇ ئۆلكىلەردە قاراخانلارنىڭ بىنا قىلغان جامە، مەدرىسە، ھۆكۈمەت بىنالىرى، سارايلار، لەنگەر ـ ئۆتەڭلەر، يول، كۆرۈك، مازار ۋەگۈمبەزلەر بەك كۆپ ئىدى. بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ خارابىلىرى ۋە ئىز ـ ئەسەرلىرى ھازىرمۇ مەۋجۇد. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇچاغدىكى مەدەنىيىتى ۋە ئاۋاتلىقى توغرىسىدا ئىسلام تارىخچىلىرى بەك قىسقا، ئېنىقسىز ۋە ئۈزاقتىن ئاڭلىغان مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز ئاھالىسىدىن بولغان ۋە ئۆزكۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە بۇ ئەسىرىمىزدە كۆرسىتىلگەن، يېڭىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ئەسەرلەرگە قارىغاندا، قاراخانلار دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات جەھەتتە ئالتۇن دەۋرىنى ياشىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پارلاق مەنزىرەلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ماۋزۇ قىلىپ، بايان قىلىمەن.

## ئىلىم

قاراخانىلار ئاچقان مەدرىسىلەردىن پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىلىملەر ۋە ئىسلام ئىلىملىرىدە يېتىشكەن نۇرغۇن ئالىملار چىققانىدى.گەرچە، تارىخ كىتابلىرى ئۇ زاماندا يېتىشكەن ئالىملارنىڭ ئىسمى ۋە تەرجىمەھاللىرىدىن بەك ئاز سۆز قىلغان بولسىمۇ، بىزگە ئىسمى، تەرجىمەھاللىرى ۋە ئەسەرلىرى مەلۇم بولغان شەرقىي تۈركىستانلىق پەيلاسوپ، ئەدىپ ۋە ئالىملىرىمىز ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن كىشىلەردىن بولغانلىقى ــ ئۇ زاماندا شەرقىي تۈركىستاندا ئالىملارنىڭ كۆپ يېتىشكەنلىكىنىڭ، ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغانلىقىنىڭ ئەڭ قۇۋۋەتلىك دەلىلى.

ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى دەپ ھېساپلانغان ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي دەرىجىسىگە ھېچكىم يېتىشەلمىگەن بۈيۈك ئالىم، ئەبۇنەسر مەھەممەد فارابى شەرقىي تۈركىستانلىقتۇر. بۇ زات (فارابى) بالاساغۇن يېقىنلىرىدىكى تالاس ئىلىگە تەۋە فاراب شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، «تارخان» ئۇنۋانلىق بىر قارلۇق ئېسىلزادىسىنىڭ ئوغلى. ئۇ ئوقۇشىنى تالاس، بالاساغۇن ۋە قەشقەردە پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسىنى ساياھەت قىلىپ چىققان. ئۇنىڭ بىلىمىگە باغدات، شام ۋە مىسىر پەيلاسوپلىرى ھەيران قالغان. ئىسلام پەيلاسوپلىرى ئۇنىڭغا «II ـ ئارىستۇ» دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇنىڭ مەنتىق ئىلمىدا يازغان، «احصاالعلوم والتعرف باغراضها» دېگەن ئانسىكلوپېدىيىسى ۋە «السياسة المدنيه» گە ئوخشاش بىرقانچە ئەسەرى زامانىمىزغىچە يېتىپ، كەلگەن[55]. مەشھۇر ئىسلام ھېكىمى بۇخارا تۈركلىرىدىن ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا، ئىلمىنى فارابىنىڭ كىتابلىرىدىن يىغىۋالغان (ئۆگەنگەن) لىقىنى يازىدۇ. پەيلاسوپ فارابى ھەر ئىلىمدە تەڭداشسىز بولغىنىدەك، مۇسىقى ئىلمىدىمۇ مىسلىسىز بىر ماھىر ئىجاتكار ئىدى. مۇسىقى ئالىملىرى تېخىچە سىرىنى بىلەلمىگەن، تىڭشىغۇچىنى كۈلدۈرىدىغان، يىغلىتىدىغان ۋە ئۇخلىتىدىغان سازنى فارابى ئىجاد قىلغان. ساز چالغۇلىرىدىن «قالۇن» نى فارابى ياساپ چىققان دېگەن رىۋايەت بار. فارابى 70 تىن ئوشۇق تىل بىلەتتى. شۇنچىلىك بىلىم ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى بار تۇرۇپ، ھېچبىر مەنسەپ ياكى ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلمىغان. ھەتتا ئۆيمۇ تۇتماي زاھىدلىق بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن. ئۇ كۆپچىلىك بار جايدىن قېچىپ، يالغۇز سۇبويىدا، دەرەخلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، پىكىر يۈرگۈزەتتى ۋە كىتاب يازاتتى. ئۆمرىنىڭ تولاراقىنى باغدات، شام ۋە مىسىردا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ تۈرك دۇنياسى بىلەن دايىم چوڭقۇر مۇناسىۋەتتە بولغان. ھاياتى بويىچە تۈركچە كىيىم كىيگەن. 80 يېشىدا شامدا ۋاپات بولغان.

[55] احصاالعلوم والتعرف وباغراضها ـ ئىلىملەرنىڭ تۈرى، تەئرىپى ۋە غايەلىرى. السياسة المدينتة ـ شەھەر سىياسىتى (ن. ش. ھ.)

تەفسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىدا «ئىمام» ئۇنۋانى ئالغانلارمۇ خېلى كۆپ. ئىمام مۇھەممەد فىقھى بالاساغۇنى ۋە ئىمام ئالائىددىن خوتەنى بۇلار دىن بەزىلىرى.

ئەدەبىياتقا كەلسەك، تۈرك يۇرتلىرىنى ساياھەت قىلىپ، تۈرك لۇغىتىنى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاپ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» ئىسىملىك بىرقامۇس يېزىپ چىققان مەھمۇد بىن مۇھەممەد قەشقەرى، قەشقەرلىق بۈيۈك ئالىم ۋە ئەدىب ئىدى. بۇ قامۇسنىڭ ئۆز زامانىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋە تامامەن يېڭىدىن ئىجاد قىلىش سۈرىتى بىلەن يېزىلغان بىركىتاب ئىكەنلىكى تارىخ ئوقۇغان ھەركىشىگە مەلۇم.

شېئىر ۋە ئەدەبىيات ساھاسىدا، تۈرك لۇغىتىنى يىغىشتا ۋە تۈركلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەرتىبىسىگە تىلماچلىق قىلىشتا تەڭداشسىز بولغان «قۇتادغۇبىلىك» ئىسىملىك نەزمە شەكلىدىكى كىتابنىمۇ بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ تايانغۇ يېزىپ چىققان.

## ئاۋاتلىق

قاراخانلار دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە ئاۋات بىر مەملىكەت ئىدى. ئۇچاغدىكى شەھەرلەردىن تۆلىسى ھازىر يوق. بۇشەھەرلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ خارابىلىرى بار ۋە ئىسىملىرى بىلىنسىمۇ، بەزىلىرىنىڭ ئىزىمۇ قالمىغان ۋە ئىسمىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. شۇنداقلا تارىخ كىتابلىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بىرقانچە شەھەرلەرنىڭ ھازىر خارابىلىرىمۇ قالمىغان.

«تارىخىي رەشىدى» نىڭ مۇئەللىپى، ئۆزىنىڭ خوتەن ساياھىتى جەريانىدا كۆرگەن شەھەر خارابىلىرى، مۇنارلار، گۇمبەزلەر، جامەلەر ۋە مەدرىسلەرنىڭ خارابىلىرى توغرىسىدا ئۇزۇن ـ ئۇزۇن توختىلىپ، تەپسىلى بايان قىلغان. بۇشەھەرلەردىن تارىختا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان، تەتقىقات جەريانىدا ئىسپاتلانغان ياكى تەخمىن قىلىنغانلىرى 14 ـ خەرىتىدە كۆرسىتىلدى.

قاراخانلار دەۋرىدە يول، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، سۇ قۇرۇلۇشلىرى، ئىمارەت، جامە، مەدرىسە ۋە مۇنارلار كۆپ ياسالغان. بولۇپمۇ، قەشقەر، خوتەن، كۇچا، بالاساغۇن ۋە بارسغان شەھەرلىرى چوڭ ۋە مۇكەممەل ئاۋاتلىق ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. قۇچۇ، بەشبالىق، چوڭبالىق، ئىلىبالىق ۋەكىنگىت شەھەرلىرى، قاراخانلار دەۋرىنىڭ ئەڭ چىرايلىق ۋە ئاۋات مەنزىرىسىنى بۈگۈنمۇ نامايان قىلماقتا. ئۆز زامانىسىدا 20 دىن ئۇشۇق شەھىرى بولغان خوتەننىڭ ھازىر6 شەھىرى قالغان.

## ھۆنەر ـ سانائەت

قەدىمدىن تارتىپ، ھۆنەر ـ سانائەتتە ناھايىتى ئۇستا بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار قاراخانلاردەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققى قىلغان. پىلە قۇرۇتى بېقىپ، يىپەك ئىشلەپ چىقىرىپ شايى، ئەتلەس ۋە بەقەسەم توقۇش قاراخانلار زامانىسىدا راۋاجلانغان. مىمارلىق نەققاشلىق سانائىتى قاراخانلار دەۋرىدە كامالىغا يەتكەن دەپ، ئېيتالايمىز. چۈنكى، ئۇچاغدا بىنا قىلىنغان جامە، مەدرىسە، مۇنار،

گۈمبەز ۋە هاممام ۋە باشقا ئىمارەتلىرىنىڭ خارابىلىرىدىكى ئۇستا هۈنەر ئىزلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ بىناكارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە ئۆز هالى بىلەن ساق قالمىغانلىقىنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار: (1) قۇرۇلۇشتا بۇئىمارەتلەرگە تاش ماتېرىيال ئىشلەتمەي، ياغاچ ۋە كېسەك ئىشلىتىلگەنلىكى(2) قاراخانىلاردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا ناهايىتى مۇتەئەسسىپ، هەر نەرسىنى كۆيدۈرۈپ، بۇزۇپ، ۋەيران قىلىدىغان بۇلاڭچىلارنىڭ ئارقا- ئارقىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدۇر. خوتەن، كېرىيە، چەرچەن، قەشقەر، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قاراشەهەر، تۇرپان، قۇمۇل، ئۇچئەل (دۇڭخۇاڭ) ئەتراپلىرىدىن تېپىلغان يىپەك، يۇڭ ۋە بۆز كىيىم - كېچەك پارچىلىرى خۇسۇسەن يۇسۇپ قېدىرخان زامانىسىدا خوتەندە شېهىت بولغان ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ كېپەنلىكلىرىگە قاراپ، تۈركلەرنىڭ قاراخانىلاردەۋرىدىكى توقۇمىچىلىق ماهارىتىنى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ دەۋردە ياسالغانلىقى ئىسپاتلانغان هەرخىل ئالتۇن كۈمۈش. مىس ۋە تۇچ زىننەت بۇيۇملىرى، قورال - ياراق، ئۆي سەرەمجانلىرى ۋە دېهقانچىلىق سايمانلىرى. بولۇپمۇ قاشتېشى بىلەيزۈك. ئۈزۈك. كەمەر توقىسى، ئاياق، تەخسە ۋە پىيالە قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلىشى بۇنى ياسىغان سەنئەتكارلارنىڭ ئۆز هۈنىرىدە قانچىلىك تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەدەنچىلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىش مەهسۇلاتى ئۆز ئېهتىياجلىرىدىن ئېشىپ تۇرغانلىقتىن شەرقىي تۈركىستاندىن ئۇ دەۋردە يات مەملىكەتلەرگە ئالتۇن. مىس ۋە قاشتېشى چىقىرىپ ساتقانلىقى مەلۇم. قاراخانىلار ۋە ئىلىكخانىلارنىڭ نامىدا چىقىرىلغان ئالتۇن،كۈمۈش ۋە مىس يارماقلار هازىر پېتىرىسبورگ. بېرلىن ۋە لوندۇن مۇزېيلىرىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا. تارىخچى ستانلىپول، قاراخانىلارنىڭ ۋە ئىلىكخانىلارنىڭ ئىسمىنى. تەختكە چىققان ۋاختىنى ۋە ۋاپات بولغان تارىخلىرىنى مانا بۇ مۇزېيلاردىكى يارماق (پۇل) لاردىن ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

## تېرىلغۇ، تىجارەت ۋە ئىقتىسادىي بايلىقى

شەرقىي تۈركىسانىنىڭ ئالتە شەهەر ۋە تۇرپان ئۆلكىلىرىنى كۆرگەن هەرقانداق كىشى بىرقاراپلا بۇيەرلەرنىڭ هەممىسىنى ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ سۇغۇرۇپ، تېرىلغۇ قىلىدىغان ئېتىزلار بەرپا قىلىپ ئاۋات قىلغانلىقىنى بايقايدۇ ۋە بۇنىڭسىز بۇيەرلەرنىڭ ئاۋات بولۇشىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسى بۇ يۇرت خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى كەنت هاياتى (شەهەرلەردە ئولتۇراقلاشقان) ياشىغان ۋە تېرىلغۇ، تىجارەت ۋە هۈنەر - سانائەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

هازىرقى ئاۋات جايلاردىكى ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە تۇغان(ئازما) قاتارلىق سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تولىسى قاراخانىلار دەۋرىدە ياسالغانلىقى مەلۇم. بۈگۈن ۋەيرانە هالىتىدە تۇرغان ئەمما، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ

ئاۋات يۇرتلىرىدىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە ئازمالارنىڭ ئىزلىرىنىڭ كۆپلىكى، شۇ چاغلاردا يەر سۇغۇرۇش ئىنشائاتلىرىنىڭ ناھايىتى ئىلگىرلىگەنلىكىنى ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. سۇسىز يەرلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن تاغنى تېشىپ سۇ ئۆتكۈزۈش ۋە «كارىز» كولاپ سۇنى يىراق تاغ باغرىدىن ئېتىزغا باشلاشقا ئوخشاش سۇ قۇرۇلۇشلىرى قاراخانىلار زامانىسىدا بەك راۋاجلانغان. بۇ تاغ تەشمەلىرى ۋە كارىزلاردىن زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ تولا. تېرىلغۇدا دانلىق زىرائەتتىن باشقا كېۋەز (پاختا)، ھەرخىل ئوتياش (سەبزاۋات)، بېدە، كەندىر ۋە ياغلىق دان قاتارلىقلارنى كۆپ تېرىغان. شۇنداقلا باغۋەنچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققى قىلغان.

ئىچكى تىجارەتتە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن ھەرخىل مەھسۇلاتلارنى شىمالغا ئېلىپ كېلىپ، ھايۋان ۋە مەدەن مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇش تىجارىتى كەڭ راۋاج تاپقان. شۇنىڭغا ئوخشاش كارۋان تىجارەتلىرى ۋە ئولتۇراقلاشقان تىجارەت يەنى، دۇكاندارچىلىق تازا راۋاجلانغان ئىدى. كارۋانچى سودىگەرلەر «ئارقىش»، دۇكاندارلار «كىبەتچى» دەپ ئاتالغان. تاشقى تىجارەتتە شەرقىي ـ تۈركىستانلىق كارۋان سودىگەرلەرچىن، تىبەت، غەربىي تۈركىستان، ئىران ۋە ھىندىستانغا قاتناپ، شەرقىي تۈركىستاندىن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ۋە مەدەن مەھسۇلاتلىرىنى ئاپىرىپ ساتاتتى. قايتىشتا چىندىن يىپەك تۇقۇلما ماللار، يىپەك كىيىم ـ كېچەك، چىنە قاچا، ھىندىستاندىن دورا ـ دەرمان ۋە رەڭ ئېلىپ كېلەتتى. ھىندىستان ۋە تىبەتتكە بولغان تىجارەت خوتەنلىك سودىگەرلەرنىڭ قولىدا ئىدى.

دېمەك، قاراخانىلار دەۋرىدىكى جەمئىيەت تەرتىپ ـ ئىنتىزامنىڭ تۇراقلىقلىقى ۋە تىنچ ئامان ـ باياشات ۋەزىيىتى سايىسىدە ئىچكى ۋە تاشقى تىجارەت تازا تەرەققى قىلىپ، ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئارىسىدىكى سودا ـ تىجارەتنى شەرقىي تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەر قولغا ئالغانىدى. قاراخانىلار ھۆكۈمىتى ساياھەت ۋە تىجارەت سەپەرلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش ۋە بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن يول ئۈستىدە قۇدۇق كولاپ، ئۆتەڭ ـ لەنگەر ۋە كارۋان سارايلىرى بىنا قىلغان. يولۇچىلارنىڭ دەم ئېلىشى يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلىنىشى ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىنىڭ يەم ـ خەشەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەربىر چۆشكۈندە مەخسۇس «لەنگەرچى» تەيىن قىلىنغان. بۇلارنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرىنى قامداش ئۈچۈن ۋەقپىلەرنى قۇرۇپ چىققان. بۇ لەنگەر ۋە ۋەقپىلەردىن زامانىمىزغىچە قالغانلىرىمۇ خېلى بار. چۆللەردە سەپەر قىلغان يولۇچىلارنىڭ ئېزىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يول بويىغا ياغاچ تۈۋرۈك تىكلەپ ئىشارەت قويۇلغان. بۇ ئىشارەت تۈۋرۈكلىرى ئۇ زاماندا «ئۇلا» ياكى «ئىلا» دەپ ئاتالغان.

قاراخانىلار دەۋرىدە شەخسلەرنىڭ ياساتقان ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ خارابىلىرىدا كۆرۈلگەن ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ۋە نەقىشلەر، جاۋاھىرات كۆز قويۇلغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئۆي

سەرەمجانلىرى، ئالتۇن ـ كۈمۈش يامبۇلار ۋە جاۋاھىرات بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلەرگە قارىغاندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قاراخانلاردەۋرىدە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە باي بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

## قاراخانلار دەۋرىدە شەرەپ ئۇنۋانلىرى

قاراخانلارنىڭ ھەرخىل ئۇنۋانلىرى بارئىدى. قەھرىمانلىقى ۋە جاسارەتلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان قاراخان « بۇغراخان»، «قارا بۇغراخان» ياكى «تۇڭگاخان» (قاپلان خان) قاتارلىق ئۇنۋانلار بىلەن ئاتىلاتتى.

دۆلەتنىڭ مەركىزى ھاكىمىيتىنى كۈچلەندۈرگەن ۋە دولەتلەرئارا قاراخانلىقنىڭ سىياسى ئورنىنى يۇقىرى پەللىگە چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولغان قاراخانلار«قېدىرخان» ( نۇپۇزى كۈچلۈك دېمەكتۇر) ئۇنۋانىنى ئالاتتى.

قارارقىلىشتا قەتئىي ۋە ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن «قىلىچ خان» ئۇنۋانى بېرىلگەن قاراخانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئىلىم ـ بىلىمدە شۆھرىتى چىققان قاراخان «كۆل بىلگەخان ـ دېڭىزدەك چەكسىز بىلىملىك» دەپ ئاتالغان.

قاراخانلار جەمەتىدىن بولغان شاھزادىلار ئومۇمەن «تېكىن» دەپ ئاتالغان. قىسمەنلىرى «تېرىم» دەپمۇ ئاتالغان. يۈرەكلىكلىكى بىلەن تونۇلغان شاھزادىلار« تۇڭگا تېكىن» ( قاپلاندەك باتۇرشاھزادە)، ئالپ تېكىن (پەھلىۋان شاھزادە)، ياغان تېكىن (پىلدەك قۇۋۋەتلىك شاھزادە) دېگەنگە ئوخشاش ئۇنۋانلاربىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەن. قاراخان خانىدانىدىن بولمىسىمۇ دۆلەتكە پەۋقۇلئاددە ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەن ئېسىلزادىلەرگىمۇ «ئالپ تېكىن» ئۇنۋانى بېرىلەتتى. دۆلەت ئەربابلىرىدىن ۋەزىرنى «يۇغرۇش » دەپ ئاتايتتى. ئىشىك ئاغاسىنى «دەربار ۋەزىرىنى» «تايانغۇ» دەپ ئاتايتتى. بۇ قاراخان بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ئالاقە قىلىشتا ئىشەنچلىك كىشى دېمەكتۇر.

مەملىكەتنىڭ بۈيۈك بىرقىسمىدا، قاراخاننىڭ مۇئاۋىنى بار بولۇپ، تۇرغان تېكىن « ئىلىكخان» دەپ ئاتالغان. ئىچكى ئەركىنلىكىگە ئىگە يەرلىك خانلاردىن بىرىنچى دەرىجىدىكىلىرىگە«چۇۋەي» (جۇۋي)، ئىككىنچى دەرىجىدىكىلىرىگە «يابغۇ»، ئۈچىنچى دەرىجىدىكىلىرىگە «توقسىن»، تۆتىنچى دەرىجىدىكىلىرىگە « باشقان، بۇشقان ياكى بۇشقا» ئۇنۋانى بېرىلەتتى. پەقەت، يەرلىك خانلاردىن ئۇيغۇر ئىدىقۇتى « ئىدىقۇت» ئۇنۋانىنى ساقلاپ قالغان.

قاراخانلارنىڭ خۇسۇسى كاتىپلىرى «ئىلىمغا» دەپ ئاتىلاتتى. ئەسكىرىي مەنسەپدارلار ئومۇمەن «باشقان» دەپ ئاتالغان. «سۇباشى» يالغۇز باش قوماندانغا مەنسۇپ بىر ئۇنۋان ئىدى. قەھرىمانلىقتا 1ـ دەرىجىدە داڭقى چىققان ئەسكەرگە«ئالپ» ۋە 2 ـ دەرىجىدىكىگە «سۇقمان» ئۇنۋانى بېرىلەتتى (ھەر ئىككىسى پەھلىۋان دېگەن مەنىدە).

تۈركچە تىلدا يېزىلغان. كىتابدىكى ئەرەبچە كەلىمىلەر 100 دىن ئاشمايدۇ. ھەرخىل مەسىلە توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك پەلسەپەۋىي ۋە ئىجتىمائىي چۈشەنچىلەر، پىكىرلاردىن ئىبارەت بولغان بۇ كىتاب، ئۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈركلىرى جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇئەللىپ، ئەسلى بالاساغۇنلۇق بولۇپ، قەشقەردە قاراخانىنىڭ «تايانغۇ» سى يەنى، «خاس ھاجىپ» ياكى «ئىشىك ئاغىسى» بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنى ھىجرى 462 ـ(مىلادى 1069 ـ) يىلى يېزىپ تۈگەتكەن ۋە شۇ تارىختىن كېيىن، كىتابىنى غەرب «تاۋغاچ قاراخان»ى ئەبۇئەلى ھەسەن تاۋغاچ قاراخانغا ھەدىيە قىلغان. قۇتادغۇبىلىك تامامەن ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە يېزىلغان بولۇپ، ھازىر بېسىلغان نۇسخىسى ئەنە شۇ ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن بېسىلغان.

2 ـ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» بۇ كىتاب، قەشقەر ئالىملىرىدىن بولغان مەھمۇد بىن مۇھەممەد نىڭ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى توپلاش ئۈچۈن، پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىنى بىرقانچە يىل ساياھەت قىلىپ، توپلىغان تۈركچەسۆز بايلىقىنى بىرىكتۈرگەن ئۈچ توملۇق مىسلىسىز بىرقامۇس. دۇنيادا ئۇچاغدا تېخى باشقا بىر مىسالى بولمىغان ئۇسۇل ۋە تەرتىپ بىلەن ئىشلەنگەن بۇ سۆزلۈك، تۈركىستانلىق مۇئەللىپلارنىڭ ئۈستۈن يازۇچىلىق قابىلىيىتىنى نامايان قىلماقتا. بۇقامۇستا، بىرتۈركچە لۇغاتنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشتا، تۈركچە بىر بېيىت بىلەن ياكى بىر مەسەلنى مىسال كەلتۈرۈپ، يېشىپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. دېمەك، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» قەدىمكى تۈرك لۇغىتىنى ۋە قەدىمكى تۈرك خەلق ئەدەبىياتىنى بىريەرگە يىغىپ،كۆرسەتكەن پەۋقۇلئاددە قىممەتلىك بىر كىتاب. مۇئەللىپنىڭ بۇئەسىرىنى ئەرەبچە چۈشەندۈرۈپ يېزىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ زاماندا ئاباسى خەلىپىلىكىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ۋە يۈكسەك ئەسكىري ۋە مەمۇرىي خادەملىرىنىڭ كۆپچىلىكى تۈركلەردىن بولۇپ، خەلىپىنىڭ تۈركچە بىلىشگە ناھايىتى ئېھتىياجى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەھمۇد بىن مۇھەممەد بۇ ئەسەرىنى تۈركچە ـ ئەرەبچە لۇغات شەكلىدە يېزىپ، شۇ زاماننىڭ خەلىپىسى ئەلمۇقتەدىر بىئەمرۇللاھ ئاباسى غا تەقدىم قىلغان.

ئوتتۇرا زامانلىرىدا تۈركىستاندا تۈرك تىلىغا يات كەلىمىلەر، بولۇپمۇ، ئەرەبچە ۋە پارسچە كەلىمىلەر بەك كۆپ كىرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە زامانىمىزغىچە ئۆتكەن مۇئەللىپ، مۇھەررىر ۋە شائىرلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە قەستەن يات كەلىمىلەرنى بەك تولا ئىشلەتكەن. مانا بۇ سەۋەبتىن تۈركىستاندا كۆپ نەرسىلەرنىڭ تۈركچىسى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. بۇ ئۇنتۇلغان گۈزەل تۈركچە سۆزلەرنى دىۋانى لۇغاتىت تۈركتە تاپالايمىز.

يۇقىرىقى ھەرئىككى كىتاب تۈركىيە ۋە بىرقانچە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە باستۇرۇلدى. تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى تەدقىق قىلىدىغان ئالىملار ئىلمىي تەدقىقات ئىشلىرىدا مانا بۇ ئىككى كىتاپقا مۇراجىئەت

يۇرتىنىڭ ئىسلزادىلىرىگە 1 ـ دەرىجىدە «تارخان»، 2 ـ دەرىجىدە «بەگ» ۋە 3 ـ دەرىجىدە «باي» دېگەن ئۇنۋان بېرىلەتتى.

## قاراخانلار دەۋرىدە تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى

قاراخانلار دەۋرىدە تۈركچىلىك ۋە تۈرك ئەنئەنىلىرىگە تولۇق سادىق قېلىش بىلەن بىللە تۈركچە تىلمۇ ناھايىتى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنغانىدى. دۆلەتنىڭ رەسمى تىلى خاس تۈركچە ئىدى. شەرقىي تۈركىستان يازغۇچىلىرى تەبىئىي ھالدا ئەسەرلىرىدە يات كەلىمىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىپ، چەتتىن كىرگەن نەرسىلەرگە تۈركچە ئات قويغان ۋە ئەڭ ئىنچىكە پىكىرلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ تۈركچە كەلىمە ئىجاد قىلىشقا بەك تىرىشقان. ئەدەبىياتمۇ قاراخانلار دەۋرىدە تازا تەرەققىي قىلغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشقا مەكتەپ ۋە تەئلىف (يازۇ ـ تەھرىر) ئەدەبىياتىمۇ مەۋجۇد بولغان . خاس تۈركچە تىلدا كۆپلىگەن دىنىي، ئەدەبىي، نەزمىي ۋە نەسرىي كىتابلار يېزىلغان. مانا بۇ شەكىلدە ساپ تۈركچە ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە راۋاجلانغان.

پۈتۈن رەسمى يېزىشمالار، ھېساۋات دەپتەرلىرى، خەلق ئىچىدىكى ۋەسىقىلەر، مۇئامىلە دەپتەرلىرى ۋە خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى تۈركچە بولۇپ، ئۇيغۇرئېلىپبەسى بىلەن يېزىلاتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇ دەۋردە ئەرەب ئېلىپبەسى رەسمى سۈرەتتە ھەم خەلق ئىچىدىمۇ ئومۇمىي رەۋىشتە قوبۇل قىلىنمىغان. ئۇدەۋردە يېزىلغان كىتابلارنىڭ تولىسى دىنىي كىتابلار بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان. بەزى ئۆلىمالار پارسچە ئەسەرلىرىنى ئەرەپ ھەرپلىرى بىلەن يازغان. قاراخانلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەرەپ ھەرپلىرىنى قوللىنىش ئومۇملاشقان. لېكىن، تەركىپ جەھەتتە ئەرەپچە قائىدە بويىچە يېزىش قوبۇل قىلىنمىغان. بەلكى ئۇيغۇرچە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن: ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ئىشارەتلەر دىن«زەبەر» نىڭ ئورنىغا «ا»، «پىش» نىڭ ئورنىغا « و» ۋە « زىر» نىڭ ئورنىغا «ي» نى يېزىشنى قائىدە قىلغان. بۇ قائىدە زامانىمىزدىمۇ كۈچقا ئىگە [56]. مىسال قىلىپ ئالغاندا، «بەرگەن، تورسون، قىلدىم» دېگەن سۆزلارنى نوقۇل ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يازغاندا ـ « بَرگَنَ، ترُسن، قِلدِم » شەكىلدە يېزىلاتتى. دېمەك، قاراخانلار دەۋرىدە ئەرەبچە رەسمى سۈرەتتە ھېچ قوبۇل قىلىنمىغان ۋە قاراخانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچە رەسمى يېزىق داۋاملىق ئۇيغۇر ھەرپلىرى ئىدى.

قاراخانلار دەۋرىدە ساپ تۈركچە تىلدا نەسر ۋە نەزم ئەسەرلەركۆپ يېزىلغانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇلاردىن بىزگىچە تۆۋەندىكى ئىككىسى يېتىپ كەلگەن:

1ـ قۇتادغۇبىلىك ( بەخت سائادەتكە يەتكۈزگۈچى بىلىم) ـــ 6545 بېيىت، 13290 مىسرادىن تەركىپ تاپقان باشتىن ئاياغ نەزمدىن ئىبارەت چوڭ ھەجىملىك بىركىتاپ بولۇپ، خاس ۋە پاك

[56] مۇئەللىپ بۇ يەردە، 30 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر ئىملاسىنى كۆزدە تۇتىدۇ. (ن. ش. ھ.).

تۈركچە تىلدا يېزىلغان. كىتابدىكى ئەرەبچە كەلىمىلەر 100 دىن ئاشمايدۇ. ھەرخىل مەسىلە توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك پەلسەپەۋي ۋە ئىجتىمائىي چۈشەنچىلەر، پىكىرلاردىن ئىبارەت بولغان بۇ كىتاب، ئۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈركلىرى جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇئەللىپ، ئەسلى بالاساغۇنلۇق بولۇپ، قەشقەردە قاراخانىنىڭ «تايانغۇ» سى يەنى، «خاس ھاجىپ» ياكى «ئىشىك ئاغىسى» بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىنى ھىجرى 462 ـ(مىلادى 1069 ـ) يىلى يېزىپ تۈگەتكەن ۋە شۇ تارىختىن كېيىن، كىتابىنى غەرب «تاۋغاچ قاراخان»ى ئەبۇئەلى ھەسەن تاۋغاچ قاراخانغا ھەدىيە قىلغان. قۇتادغۇبىلىك تامامەن ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە يېزىلغان بولۇپ، ھازىر بېسىلغان نۇسخىسى ئەنە شۇ ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن بېسىلغان.

2 ـ «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» بۇ كىتاب، قەشقەر ئالىملىرىدىن بولغان مەھمۇد بىن مۇھەممەد نىڭ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى توپلاش ئۈچۈن، پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىنى بىرقانچە يىل ساياھەت قىلىپ، توپلىغان تۈركچەسۆز بايلىقىنى بىرىكتۈرگەن ئۈچ توملۇق مىسلىسىز بىرقامۇس. دۇنيادا ئۇچاغدا تېخى باشقا بىر مىسالى بولمىغان ئۇسۇل ۋە تەرتىپ بىلەن ئىشلەنگەن بۇ سۆزلۈك، تۈركىستانلىق مۇئەللىپلارنىڭ ئۈستۈن يازۇچىلىق قابىلىيىتىنى نامايان قىلماقتا . بۇقامۇستا، بىرتۈركچە لۇغاتنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشتا، تۈركچە بىر بېيت بىلەن ياكى بىر مەسەلنى مىسال كەلتۈرۈپ، يېشىپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. دېمەك، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» قەدىمكى تۈرك لۇغىتىنى ۋە قەدىمكى تۈرك خەلق ئەدەبىياتىنى بىريەرگە يىغىپ،كۆرسەتكەن پەۋقۇلئاددە قىممەتلىك بىر كىتاب. مۇئەللىپنىڭ بۇئەسىرنى ئەرەبچە چۈشەندۈرۈپ يېزىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ زاماندا ئاباسى خەلىپىلىكىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ۋە يۈكسەك ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي خادەملىرىنىڭ كۆپچىلىكى تۈركلەردىن بولۇپ، خەلىپىنىڭ تۈركچە بىلىشگە ناھايىتى ئېھتىياجى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەھمۇد بىن مۇھەممەد بۇ ئەسەرىنى تۈركچە ـ ئەرەبچە لۇغات شەكلىدە يېزىپ، شۇ زاماننىڭ خەلىپىسى ئەلمۇقتىدىر بىئەمرۇللاھ ئاباسى غا تەقدىم قىلغان.

ئوتتۇرا زامانلىرىدا تۈركىستاندا تۈرك تىلىغا يات كەلىمىلەر، بولۇپمۇ، ئەرەبچە ۋە پارسچە كەلىمىلەر بەك كۆپ كىرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە زامانىمىزغىچە ئۆتكەن مۇئەللىپ، مۇھەررىر ۋە شائىرلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە قەستەن يات كەلىمىلەرنى بەك تولا ئىشلەتكەن. مانا بۇ سەۋەبتىن تۈركىستاندا كۆپ نەرسىلەرنىڭ تۈركچىسى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. بۇ ئۇنتۇلغان گۈزەل تۈركچە سۆزلەرنى دىۋانى لۇغاتىت تۈركتە تاپالايمىز.

يۇقىرىقى ھەرئىككى كىتاب تۈركىيە ۋە بىرقانچە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە باستۇرۇلدى. تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى تەدقىق قىلىدىغان ئالىملار ئىلمىي تەدقىقات ئىشلىرىدا مانا بۇ ئىككى كىتاپقا مۇراجىئەت

قىلدۇ. بۇ ئىككى ئەسەر ھازىرقى تۈرك تىلىمىزنىڭ ئىسلاھ خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

## قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ زاماندىش باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسى ئورنى

قاراخانىلار بىلەن ئاباسى خەلىپىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا مەلۇماتىمىز يوق. ئۇ چاغلاردا خەلىپىلىك مەركىزىنىڭ سىياسى نوپۇزى يوقالغانلىقى مەلۇم. ئەمما، قاراخانىلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە غەربىي تۈركىستان، ئافغانىستان ۋە ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سامانى دۆلىتى بىلەن قاراخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتى باشتا دوستانە ئىدى. سامانى دۆلىتى مۇنقەرىز بولۇش ئالدىدا، ھارۇن بۇغراقاراخان مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ، دۆلەتنى يىقىتىپ، ئورنىغا دەسسىگەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئۇندىن كېيىن، قاراخانىلار ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ ئەسلى ۋە مەنىۋىي نوپۇزىغا ئىگە يېگانە خانىدانى دەپ تونۇلدى. ئۇ زامانىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ئىسلام ھۆكۈمدارى بولغان سۇلتان مەھمۇد غەزنىۋىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد، قاراخانىلارنى ئۆزلىرىدىن ئېسىل ۋە ئۈستۈن مەرتىۋىدە كۆرۈپ، كۆپ ھۆرمەتلەيتتى. قاراخانىلار بىلەن دوستانە ئۆتۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. سەلچۇق سۇلتانلىرىمۇ، قاراخانىلارنى ئومۇمىي تۈرك تۇپلىمىنىڭ «ئىمپېراتورى» ئورنىدا كۆرۈپ بەك ھۆرمەت قىلاتتى. شەرقتىكى تاڭغۇت خانلىرى ۋە خىتاي خانلىرى[57] رەسمى قاراخانىلارغا تەۋە بولمىسىمۇ، مەرتىۋىدە ئۆزلىرىنى بىردەرىجە تۆۋەن ھېساپلاپ، قاراخانىلىقىقا داۋاملىق سوغا- سالام تەقدىم قىلىپ تۇرۇش بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ، نوپۇزى تەسىرى ئاستىدا قېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ قاراخانىلارنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ساقلىنىشقا تىرىشاتتى.

«دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» تە يېزىلغىنىغا قارىغاندا قاراخانىلار چىن ئىمپېراتورلىرىغا خەت يازسا ئۇيغۇرچە(ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن) يازاتتى. چىن ئىمپېراتورلىرىمۇ قاراخانىلارغا ئۇيغۇرھەرپلىرى بىلەن خەت يازاتتى. مانا بۇ رىۋايەت، قاراخانىلارنىڭ چىن ئىمپېراتورلىرى ئۈستىدە بىرمەنىۋىي نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقىنى، سىياسى جەھەتتىنمۇ يۇقىرى ئورۇندا بولغانلىقلىرىنى ئىسپاتلايدۇ. قاراخانىلارنىڭ زاماندىش باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى بۇ ئۈستۈنلىكىنىڭ ئاساسى، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئەسكىرىي ، ئىقتىسادىي جەھەتتە باشقا دۆلەتلەردىن كۈچلۈك ۋە سىياسى ئىتىبار جەھەتتە بۇ دۆلەتلەردىن ئۈستۈن بولغانلىقى مەلۇم. ئەپسۇسكى، قاراخانىلارنىڭ بۇنداق كۈچلۈك سىياسى ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ تەپسىلى ئەھۋالىنى تولۇق بىلمەيمىز.

[57] بۇ يەردە مۇئەللىپنىڭ «خىتاي» «قىتان» دېگىنى قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. چىنلىقلار ئەمەس (ن. ش. ھ.).

## قاراخانىلار ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقى بۈيۈك تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ يىقىلىشلىرىدىكى سەۋەبلەر توغرىسىدا بىر كۆز قاراش

ھۇنلار، جۇجانلار، يەفتالىلەر، كۆكتۈركلەر، تۈركەشلەر، ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىلارغا ئوخشاش تۈرك دۇنياسىدا چوڭ دۆلەتلەر قۇرغان خاندانلارنىڭ ئەڭ ئۇزۇن 300 يىلدىن ئۇزاقراق قالماي يىقىلغانلىقى تارىختىن مەلۇم بولماقتا. بۇ دۆلەتلەرنىڭ يىقىلىشىدا ئەلبەتتە، ئوخشىمىغان بەزى سەۋەبلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. لېكىن، بەزى ھازىرقى زامان تارىخچىلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە قارىغاندا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ يىقىلىشىدا ئەڭ مۇھىم مۇنداق بىر ئوخشاش سەۋەب بار:

قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، تۈرك توپلۇمىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ نەزىرىدە مۇستەقىللىق ھەرقانداق نەرسىدىن ئەزىز (ئۈستۈن تۇرىدىغان) ھەققى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار بولغان زات، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى يەرلىك خانلارنىڭ ۋە بەگلەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت قىلىشقا ۋە پەقەت، يات دۈشمەنگە قارشى ئاتلانغاندا پۈتۈن تۈرك قەۋملىرىنىڭ بىر بايراق ئاستىدا بىرلىشىپ، كۈرەش قىلىشىغا قانائەت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. يەرلىك خان ۋە بەگلەر بولسا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولغان كىشىنى «تۈرك قەۋملىرىنىڭ ئىتتىپاقى ۋە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھامىيسى» دەپ قاراپ، ھۆرمەتلەپ ئىتائەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەملىكەتنىڭ مەركەزدىن ئۇزاق قىسىملىرىغا مەسئۇل ھۆكۈمران جەمەتىدىن بولغان نائىپ (مۇئاۋىن) ئۆز يېرىدە تولۇق ھوقۇقلۇق مۇستەقىل بىر ھۆكۈمداردەك سەلتەنەت سۈرەتتى. ئىچكى، تاشقى، ئەسكىرىي ۋە مالىيە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ نائىبلارنىڭ ئىختىيارى ۋە سالاھىيىتىگە باغلىق ئىدى. بۇ خانلىق ۋە نائىبلىق مەنسەپلىرى دادىسىدىن بالىسىغا مىراس قالاتتى. قەدىمدىن تارتىپ تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئەنئەنىسى شۇنداق بولۇپ كەلگەن ۋە ھەركىم بۇ ئەنئەنىگە رىئايە قىلىشنى ئىنسانىي بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتى دەپ ئېتىقاد قىلغان. بىر دۆلەت قۇرۇلۇپ، ئارىدىن بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن نائىبلار ياكى يەرلىك خانلاردىن بەزىلىرى ھەسەتخور ۋە شەخسىيەتچى بولۇپ چىقىپ، چوڭ ھۆكۈمدارغا ئاسىيلىق قىلاتتى. ئۆز جايلىرىدا ئەزەلدىن مۇستەقىل بولۇپ، ئەسكىرىي ۋە مالىيە ۋە باشقا ئىشلارنىڭ ئىختىيارى ئۆز قولىدا بولغان بۇ ئاسىيلارنىڭ ئىسيانى ئوڭايلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەتتى. يەنە بىرتەرەپتىن تۈركلەر ئىچىدە پاراكەندىچىلىك پەيدا بولۇش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئىسيانچىلارغا ياردەم بېرىپ، دۆلەتنى ئاجىزلىتىشى ئۈچۈن ھېچبىر قىيىنچىلىق يوقتى. قىسقىسى، بۇ خىل ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسى، ئىچكى ئۇرۇشقا مەيدان ھازىرلاش ۋە تاشقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا يول ئېچىپ بېرىشنىڭ مۇھىم سەۋەبى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت مەركىزى ئاجىزلاپ، دۆلەتنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى تەبىئىي ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ كىتابدا ۋەقەلىكلىرى بايان قىلىنغان تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى

ۋە يىقىلىشىدىكى ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يىقىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەپنىڭ يۇقىرىدىكى سەۋەپ ئىكەنلىكىنى ئاشكارا كۆرۈۋالالايمىز.

2 ـ پەسىل

## غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندا قاراختاي دۆلىتى

(ھىجرى528 ـ 608، مىلادى 1134ـ1211ـ يىللىرى)

مانجۇرىيەنىڭ جەنۇبى قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان «قىتاي» ئىسىملىك كۈچلۈك بىر تۈرك قەبىلىسى بارئىدى. بۇلارنى تۈركىستانلىقلار«خىتاي» دەپ ئاتايتتى. چىن تارىخلىرىدا بۇلارنى «لياۋ» دەپ ئاتاشلىرىنىڭ سەۋەبى، بۇلار ھۆكۈمەت قۇرۇپ خانىدانىغا «لياۋ سۇلالىسى» دەپ نام بەرگەنلىكىدىندۇر. بۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتلىرىنى ھازىرمۇ«لياۋنىڭ» دەپ ئاتايدۇ. خىتاي قەبىلىسى قەدىمدىن تارتىپ تېرىلغۇ ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىنچ ياشاپ كەلگەن بىر قوۋم ئىدى.

كۆكتۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە بۇ قاغانلىققا تەۋە ئىدى. كېيىنكى قۇتلۇق كۆكتۈركلەر دەۋرىدە قىتايلار قاتتىق قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ ئىسيان چىقاردى. قاپاغان قاغان بۇلارنىڭ ئىسيانىنى خېلى تەسلىكتە بېسىقتۇرغان. كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ 2 ـ قېتىم يىقىلغاندىن كېيىن، قىتايلار ئاستا ـ ئاستا كۈچلىنىپ پۇرسەت كەلگىنىچە يۇرتلىرىنى كېڭەيتىشكە تىرىشتى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ، موغۇلىستاندا ھۆكۈم سۈرىۋاتقان قىرغىزلار بىلەن داۋاملىق تىركىشىپ تۇراتتى. ئاخىردا قىتايلار يۈللى (يېلۈي) خان [58] ئىسىملىك خاننىڭ رەھبەرلىكىدە قىرغىزلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورخۇن بويىدىكى پايتەختىنى ئىشغال قىلىپ، قىرغىزلارنى ئەسلى يۇرتى بولغان يەنسەيگە قوغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىتايلار ئورخۇن بويىدىكى بىرشەھەرنى پا يتەخت قىلىپ، پۈتۈن موغۇلىستان ۋە مانجۇرىيەنىڭ جەنۇب قىسمىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. ھىجرى 258 ـ ( مىلادى 871 ـ) يىلى يېلۈي خان 3000 ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن شىمالىي چىنغا ھۇجۇم قىلىپ، پېچىلى ۋىلايىتىنى ئېلىپ بېجىڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. يېلۈي خان ئۆز دۆلىتىنى، ئۇ دەۋردە چىننىڭ ھۆكۈمدارى بولغان سۇڭ سۇلالىسى ئىمپېراتورلۇقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرغاندى. يېلۈي خان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى خان بولدى ۋە ئۆزىنى شىمالىي چىن ۋە شەرق تۈركلىرىنىڭ ئىمپېراتورى دەپ ئېلان قىلدى.

ھىجرى 381 ـ (مىلادى ـ 991) ـ يىلى قىتايلار مانجۇرىيەنىڭ ئوتتۇراقىسمىدا ياشاۋاتقان تۇڭگۇس

58 بەزى مەنبەلەردە بۇ ئىسمىنى نۇسى خان، يېلۈي تاشى، يېلۈي داشى، يېلۈي تاشىن، يەللىغ تاشىن، يېلۈي دىگۇاڭ دەپ يازىدۇ. ت. ئالماس، 570 ـ 571 ـ بەتلەر( ن. ش. ھ. ).

تۈركلەرنىڭ جۇرجىن قەبىلىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى.(ئىسلام تارىخلىرىدا جۇرجىنلەرنى «جۇرجىت» دەپ يازىدۇ). ھىجرى 383 ـ (مىلادى 993 ـ) يىلى قىتاي ئىمپېراتورى كورىيەنى ئىشغال قىلدى. مانا بۇ قىتاي دۆلىتىنىڭ ئەڭ كېڭەيگەن دەۋرى ھېساپلىنىدۇ(15 ـ خەرىتىگە قاراڭ). ھىجرى 395 ـ (مىلادى 1004ـ) يىلى قىتانلار جىنگە ھۇجۇم قىلىپ، شۇچاغدىكى پايتەختى بولغان كەيفېڭنى مۇھاسىرىگە ئالدى. جىن ئىمپېراتورى قىتاي خانىغا ھەر يىلى بىرمىقدار باج بېرىش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلىپ، ئۆزىنى ۋە دۆلىتىنى يوقىلىشتىن ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن جىن دۆلىتىمۇ قىتاي دۆلىتىنىڭ نۇپۇزى ئاستىغا كىردى.

بۇيەردىن باشلاپ «قىتاي» نى ئۆز مىللىي رىۋايەتلەرىمىزگە ئاساسەن خىتاي دەپ يازىمىز. خىتاي دۆلىتىنىڭ تېرىتورىيىسى غەربدە قاراخانلار دۆلىتىنىڭ چېگراسىغا تۇتاش ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ھىجرى 408 ـ (مىلادى 1018 ـ) يىلى خىتايلار100,000گە يېقىن ئەسكىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كىردى. ئالتايغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن بۇ قوشۇن ئىككى ئۆگۈز( ھازىرقى ئالتاي) ۋە ئىمىل(چۆچەك) نى ئالدى ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مىڭلاقنى ئالدى. بۇنىڭغا قارشى شىمالىي ئىلىكخانى I. تۇغانخان خىتايلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئېغىر ھالدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ۋە چېگرالىرىغىچە قوغلاپ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈردى ۋە 10,000 غا يېقىنىنى ئەسىرگە ئالدى. بۇ مەغلۇبىيەت نەتىجىسىدە خىتاي خانى قاراخانلارغا باج تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ خېلى ئۇزۇن بىر مۇددەتكىچە قاراخانلىقنىڭ نۇپۇزى ئاستىدا قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ خىتاي دۆلىتى بۇرۇنقىدەك كۈچگە ئىگە بولالمىدى.

خىتاي دۆلىتىگە تەۋە بولغان جۇرجىنلەر ھىجرى 515 ـ ( مىلادى 1120 ـ) يىلى ئىسيان چىقاردى ۋە بەش يىل داۋام قىلغان بۇ ئىچكىي ئۇرۇش نەتىجىسىدە مىلادى 1125 ـ يىلى جۇرجىنلەر خىتايلارنىڭ پايتەختى بېيجىڭنى ئىشغال قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن خىتاي دۆلىتى يىقىلدى. خىتايلارنىڭ بىرقىسمى جۇرجىنلەرگە بويسۇندى ۋە بىرقىسمى قېچىپ، يەنىسەي دەرياسى بويلىرى(قىرغىزلار يۇرتى) غا كېلىپ يەرلەشتى. لېكىن قىرغىزلار خىتايلارنى بۇجايدا ئارامىدا قويمىدى ۋە ئۇلار باشقا يەرگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. خىتايلار جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ، قاراخانلاردىن يەر تىلىدى. شىمال ئىلىكخانى ئۇلارغا ئىمىل ئۆلكىسىدە يەر كۆرسىتىپ بەردى. خىتايلار ئىمىل ئۆلكىسىگە يەرلەشكەن چاغدا، قاراخانلار دۆلىتى تازا ئاجىزلاشقان چاغ ئىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلانغان خىتايلار ئىمىل ئۆلكىسىدە بىرخانلىق قۇرۇپ چىقىپ، ئىمىل شەھرىنى پايتەخت قىلدى. ئەسلىدە كىچىك بىر شەھەر بولغان بۇ جاي، ئاز بىر مۇددەت ئىچىدە 40000 نۇپۇسلۇق چوڭ بىرشەھىرگە ئايلاندى. بۇشەھەرنىڭ خارابىلىرى ھازىرمۇ مەۋجۇد. مانا شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ ئىمىل ئۆلكىسىگە يەرلەشكەن بۇخىتايلارنى تۈركلەر «قاراخىتاي» لار دەپ ئاتايدۇ. جىن تارىخلىرىدا «شى لياۋ» دەپ يازىدۇ. ھەر ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى ئوخشاش، يەنى، غەربىي خىتاي دېگەنلىكتۇر.

## قاراختايلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلغانلىقى

قاراخانىلار دۆلىتى بارغانسىرى ئاجىزلىشىپ ناھايىتى كۈچسىز ۋە نۇپۇزسىز بىرھالەتكە كېلىپ قالغان ۋە غەرب تاۋغاچ قاراخانلىقى، سەلچۇق سۇلتانى سەنجەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرگەنىدى. شىمال ئىلىكخانلىقىدىكى قەبىلىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسيان چىقارماقتا ئىدى. قاراخان ھۆكۈمدارلىرى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بولۇپ كەتكەن ۋە دۆلەت چۆكۈش دەۋرىنى ياشىماقتا ئىدى.

تەخمىنەن ھىجرى 525 ـ(مىلادى1130 ـ) يىلىدا شىمال ئىلىكخانى ئىملىدىكى قارا خىتايلارنىڭ بېگى «نۇسى» (يېلۈي داشى) نى بالاساغۇنغا چاقىرىپ، ئۇنى ئىسيان كۆتەرگەن قەبىلىلەر ئۈستىگە يوللىدى. نۇسى ئىسيانچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىلىكخانغا بويسۇندۇردى. ئىلىكخان بۇ خىزمىتىگە مۇكاپات ئۈچۈن، يېلۈي داشىنى ئەسكەر بېشىلىق مەنسىپىگە تەيىنلىدى ۋە بالاساغۇندا تۇرۇشقا بۇيرۇدى. يېلۈيداشى كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلغاندەك قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئىملىدىكى ئادەملىرىنى بالاساغۇنغا ئېلىپ كېلىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە يېنىغا خېلى كۈچلۈك بىر قوۋۋەت توپلىدى ۋە پۈتۈن ئىشنى قولىغا ئېلىۋالدى. ھىجرى 528 ـ(مىلادى 1134ـ) يىلى تۇيۇقسىز بىرھۇجۇم بىلەن ئىلىكخاننى ۋە پۈتۈن خانداننىنى قولىغا ئالدى ۋە3 ـ4 ئاي ئىچىدە شىمال ئىلىكخانلىقىغا تەۋە پۈتۈن جايلارنى ئىشغال قىلدى. ھىجرى 530 ـ (مىلادى 1136 ـ) يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە قاراخاننى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەرنى ئالدى. يەركەن، خوتەن، كۇچا ۋە ئۈچ قاتارلىق جايلارنىمۇ قىسقا بىر زامان ئىچىدە بويسۇندۇردى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار دۆلىتى پۈتۈنلەي يىقىلدى. بۇ غالىبىيەتتىن كېيىن يېلۈيداشى ئۆزىنى « گۈرخان» (چوڭ خان) دەپ ئېلان قىلدى. يېلۈي گۈرخان، قاراخانلارنىڭ ئىدارى باشقۇرۇش ئەنئەنىسىگە رىئايە قىلىپ، بويسۇنغان يەرلىك خانلارغا ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىللىق بەردى. خوتەن خانلىرىدىن قىلىچ خان، ئۇيغۇر خانلىرىدىن ئىدىقۇت، قارلۇق خانلىرىدىن يابغۇلار بۇخانلاردىن تارىختا مەشھۇر بولغانلىرىدۇر.

ھىجرى 531 ـ (مىلادى 1137ـ) يىلى گۈرخان غەرب تاۋغاچ قاراخانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزكەنت ۋە كاسان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان قىلىچ تاۋغاچ بۇغرا قاراخان سەمەرقەنتتىن يۈرۈش قىلدى. خوجەند شەھىرى يېقىنلىرىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا قىلىچ خان مەغلۇب بولۇپ سەمەرقەنتكە چېكىندى. گۈرخان ئارقىسىدىن قوغلاپ سەمەرقەنتكە يېقىنلاشقاندا قىلىچ تاۋغاچ بۇغرا قاراخان سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. گۈرخان باج ـىېلىق تۆلەش بىلەن ئىچكى جەھەتتە مۇستەقىل بولۇش شەرتى ئاستىدا سۈلھى قىلىشنى قوبۇل قىلدى. سۈلھى بولغاندىن كېيىن گۈرخان قىلىچ بۇغراخاننى غەربىي تۈركىستاننىڭ ھۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ

قىلىپ،گۇرخاننىڭ بىر ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارىنى ۋە يېتەرلىك ساندا ئەسكەرلىرىنى قويۇپ، ئۆزى بالاساغۇنغا قايتتى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستان قاراختايلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالدى. (15-خەرىتىگە قاراڭ) بەزى تارىخ كىتابلىرىدا غەربىي تۈركىستانغا قاراختايلار ئىستىلاسى رۇكنىددەۋلە مەھمۇدخان زامانىسىدا يۈز بەرگەن دەپ يازىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى، بۇ كىشى شىمال ئىلىكخانلىرىدىندۇر.

سەلچۇق سۇلتانى سەنجەر، ئۆز ھىمايىسىدىكى غەربىي تاۋغاچ قاراخانلىقىنىڭ گۇرخان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى بىلەن غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ئىسلام مەملىكىتىنىڭ بىر بۇتپەرەس ھۆكۈمدارىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئازاپلانغان. ھىجرى 536 - (مىلادى 1141 -) يىلى سۇلتان سەنجەر جىھاد يۈرۈشى باشلاپ يولغا چىقىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇخارانى پەتھى قىلدى ۋە سەمەرقەنتكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. قارشى تەرەپتىن گۇرخان پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، سەمەرقەنتكە كەلدى. بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئوتتۇرىسىدىكى قەتۋان چۆلىدە قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىپ، نەتىجىدە سولتان سەنجەر ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئەسكەرلىرى ناھايىتى پەرىشان ھالدا قاچتى. سۇلتان سەنجەر ئەسكەرلىرىنى ھېچ يەردە يىغالماي پايتەختى مەرۋگە چېكىندى. بۇ ئۇرۇشتاسەنجەرنىڭ داڭلىق قوماندانلىرىدىن ئەمىر تاجىددىن نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن گۇرخاننىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. گۇرخان بۇلارنى بالاساغۇنغا ئېلىپ كەتتى. ھىجرى 538 - يىلى گۇرخان بۇ ئەسىرلەرنى ئازات قىلىپ قايتۇرۇپ بەردى.

سۇلتان سەنجەر تەرىپىدىن خارەزىمگە، ئاتالىرىدىن مىراس قالغان ۋالىيلىقتا «خارەزمشاھ» ئۇنۋانى بىلەن ھۆكۈمدار قىلىپ، تەيىنلەنگەن ئاتسىزخارەزىمشاھ ھىجرى 530 - يىلدىن باشلاپ، سۇلتان سەنجەرگە بەزىدە ئاسىلىق قىلىپ، بەزىدە بويسۇنۇپ تۇرغان. سەنجەر بىلەن گۇرخان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مەزگىلىدە خارەزىمشاھ تۈركىستان چېگرالىرىدە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغىلى باشلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن گۇرخان ئارىز ئىسىملىك قوماندانىنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خارەزىمشاھنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. ئارىز خارەزىمشاھنى مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن يەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئاخىرى خارەزىمشاھ مۇداپىئەگە ئاجىز كېلىپ، سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەر يىلى گۇرخانغا 30 مىڭ تىللاخىراج تۆلەش ۋەگورخاننىڭ بىرچوڭ مەنسەپدارى بىلەن بىرلىكتە گۇرخاننىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلدى ۋە ئارىز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن خارەزىمشاھلار ھىجرى 606 - يىلىغىچە يەنى، تەخمىنەن 70 يىل قاراختايلارنىڭ نۇپۇزى ئاستىدا قالدى. بۇئارىدا، بەزىدە بۇ نۇپۇز دىن قۇتۇلغان زامانلىرىمۇ بولدى. بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمەن.

## گوبىلىك،گوياڭ قاتۇن ۋە تىرگىخانلارنىڭ گۇرخان بولغانلىقى[59]

ھىجرى 537 ـ (مىلادى 1142ـ) يىلى بىرىنچى گۇرخان ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى گوبىلىك(يېلۇ يىلى) گۇرخان بولدى. ئۇ تېخى كىچىك ياشتا بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت ئىشلىرىنى ئانىسى ئىدارە قىلدى. ھىجرى 545 ـ (مىلادى 1150 ـ) يىلىغا كەلگەندە گوبىلىك دەۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى قولىغا ئالدى. بۇ ئارىدا ئاتسىز خارەزىمشاھ بۇرۇنقىدەك گۇرخانغا ئىتائەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئاتسىز ھىجرى 551 ـ(مىلادى 1156ـ) يىلى ۋاپات قىلىپ ئورنىغا ئوغلى ئىل‌ئارسلان خارەزىمشاھ بولدى. ئىنىسى سۇلەيمان شاھنى خارەزىمشاھ قىلىش تەرەپتارى بولغان بەزى بەگلەرنى ئۆلتۈردى. بەزىلىرى قېچىپ قىلىچ تاۋغاچ بۇغراقاراخاننىڭ قېشىدا پانا تاپتى. ئىل‌ئارسلان بۇ بەگلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، قىلىچ تاۋغاچ بۇغرا قاراخان بۇ تەلەپنى رەد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىل ئارسلان نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان گۇرخان ئىلىكتۈركمەن ئىسىملىك قوماندانىنىڭ رەھبەرلىكىدە 10 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى قىلىچ تاۋغاچ بۇغرا قاراخاننىڭ ياردىمىگە ئەۋەتتى. سەمەرقەنت دەرياسى بويىدا ئۇرۇش بولدى ۋە ئۇرۇشتا ئىل‌ئارسلان مەغلۇپ بولۇپ خارەزىمگە چېكىندى. بۇمەغلۇبىيەت نەتىجىسىدە ئىل ئارسلان دادىسىدىنمۇ كۆپرەك باج ـ سېلىق تۆلەشكە مەجبۇربولدى.

ھىجرى 558 دە قىلىچ تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئەبۇئەلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغرا قاراخاننىڭ ئوغلى جالالىددىن ئەلى كۈرگان تەختكە چىقتى. بۇزات قاراخان ئۇنۋاننى تاشلاپ «سۇلتان» ئۇنۋاننى ئالدى. ئۇندىن كېيىن ئورنىغا چىققانلارمۇ سۇلتان ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى.

ھىجرى 559 ـ (مىلادى 1163 ـ) يىلى ئىل ئارسلان خارەزىمشاھ گۇرخانغا باج ـ سېلىق تۆلەشنى توختىتىپ، گۇرخاننىڭ ئالى ئەمەلدارىنى ھەيدەپ چىقاردى.گۇرخان دەرھال نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خارەزىمگە يۈرۈش قىلدى. خارەزىمشاھمۇ مۇداپىئەگە ھازىرلىنىپ قوماندانى ئەييار بەگ باشچىلىقىدا بىرقوشۇن يوللىدى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە ئەييازبەگ مەغلۇپ بولۇپ،گۇرخانغا ئەسىر چۈشتى ۋە ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ چېچىلىپ كەتتى. بۇھالەتتەگۇرخان بىردىن قاتتىق كېسەل بولۇپ قېلىپ بالاساغۇنغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى ۋە شۇنىڭ بىلەن خارەزىمشاھ بىربالادىن قۇتۇلۇپ قالدى.

گۇرخان گوبىلىك خارەزىمدىن ئېغىر كېسەللىك ھالىتىدە قايتىپ كېلىپ، ھىجرى 559 ـ (مىلادى

59 ھازىرقى ئۇيغۇرچەئەسەرلەردە، 1 ـ گۇرخان نوسىنى «يېلۇداشى، گوبىلىك نى «يېلۇ يىلى»،1گۇرخاننىڭ خاتۇننى «تابۇيان»، گۇرخاننىڭ قىزى گۇياڭ خاتۇننى«پۇساۋەن» ۋە بۇنىڭ ئوغلى تىرگۇخاننى«يېلۇ جىلىگۇ» دەپ ئالىدۇ.ت. ئالماس، 570 ـ571 ـ بەت (ن. ش. ھ.).

1163) ـ يىلى ئۆلدى. ئورنىغا سىڭلىسى گويالڭ قاتۇن گۈرخان بولدى. گويالڭ قاتۇن ناھايىتى تەدبىرلىك ۋە سىياسەتچى بىر ئايال ئىدى. بۇنىڭ دەۋرىدە، ئىل ئارسلان ۋاپات بولۇپ، ئوغلى سۇلتانشاھ تەختكە چىقتى. ئىنىسى تىكىش تەخت تالىشىپ، ئۇرۇش قوزغىدى[60]. نەتىجىدە، تىكىش مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ، گۈرخان گويالڭ قاتۇننىڭ قېشىغا بېرىپ پانا تىلەپ ياردەم سورىدى. گويالڭ قاتۇن ئىرى قارمابەگنىڭ قوماندانلىقىدا نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن تىكىشنى خارەزىمگە يوللىدى. تىكىش بۇ ياردەم بىلەن خارەزىم تەختىنى قولغا كەلتۈردى. ئاكىسى سۇلتانشاھ قېچىپ نىشاپۇر ھۆكۈمدارى مەلىك مۇئەييىد نىڭ قېشىغا بېرىپ پانا تىلىدى.

تىكىش خارەزىمشاھ بولغاندىن كېيىن گۈرخان گويالڭ قاتۇنغا كۆپ مىقداردا باج ـ سېلىق تۆلەپ گۈرخانىنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرغان. بارغانسىرى كۈچ ـ قۇۋۋەت تاپقان تىكىش بۇ قۇۋۋەتكە ئىشىنىپ، ھىجرى 570 ـ يىلى گۈرخانىنىڭ ئالىي ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ، مۇناسىۋەتنى ئۈزدى ۋە دۈشمەنلىشىش باشلاندى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان سۇلتانشاھ گۈرخان گويالڭ قاتۇننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تىكىشكە قارشى ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. گۈرخان ئىرى قارما بەگ باشچىلىقىدا چوڭ بىر قوشۇن بىلەن تىكىشنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. قارما بەگ خارەزىمگە يېقىنلاشقاندا تىكىش قورقۇپ كېتىپ، گۈرخاندىن ئەپۇ سوراپ بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپرەك باج ـ سېلىق تۆلەشنى ۋە يېنىدا گۈرخانىنىڭ ئالىي ۋەكىلىنى تۇرغۇزۇشنى قوبۇل قىلىپ، سۈلھى تەلەپ قىلدى. قارمابەگ بۇ شەرتلەر ئاستىدا بىتىمنامە تۈزۈپ بالاساغۇنغا قايتتى.

ھىجرى 574 ـ يىلى 2 ـ گۈرخان گوبىگىنىڭ ئوغلى تىرگو، گويالڭ قاتۇننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى گۈرخانلىق تەختكە چىقتى. ئۇنىڭغا قارشى چىققان ئىنىسىنىمۇ ئۆلتۈردى. 3 ـ گۈرخان تىرگوغا باج ـ سېلىق تۆلەپ تەۋە بولۇپ تۇرغان خارەزىمشاھ تىكىش، ھىجرى 589 ـ يىلى خوراسان ۋە ئىسپاھان قاتارلىق چوڭ بىرمەملىكەتنى بېسىۋالدى ۋە تېرىتورىيىسىنى كېڭەيتىپ كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇدى. گۈرخانىنىڭ نوپۇزىدىن چىقىپ كېتەلىگىدەك كۈچكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا گۈرخانغا قارشى ھېچبىر ھەرىكەتتە بولماي دوستلۇقنى ساقلاپ قالدى. چۈنكى، بۇئارىدا موغۇلىستاندا چىڭگىزخان چوڭ بىر كۈچكە ئىگە بولۇپ ئەتراپتىكى تۈرك خانلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يوقىتىپ، يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خارەزىمشاھ تىكىش، ئۇ ھەيۋەتلىك كۈچ ئالدىدا گۈرخان بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرگەنىدى. ھىجرى 596 ـ (مىلادى 1199 ـ) يىلى خارەزىمشاھ تىكىش ئالەمدىن ئۆتتى. ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ۋەلىئەھدى قۇتبىددىن مۇھەممەدگە« گۈرخان بىلەن مادارا قىل، ئۇنىڭغا مەن بەرگەندەك خىراج بېرىپ تۇرغىن. چۈنكى گۈرخان قۇدرەتلىك بىرپادىشاھ . ئۇنىڭ مەملىكىتىنىڭ شەرقىدە قۇۋۋەتلىك بىردۈشمەن بار. گۈرخان بىزنى ئۇنىڭدىن

[60] «تىكىش» بەزى مەنبەلەردە «تەكەش» دەپ ئېلىنغان. ئە. بايتۇر، 730 ـ بەت (ن. ش. ھ.).

مۇداپىئە قىلدۇ. مانا بۇنىڭ ئۈچۈن گۈرخان بىلەن بولغان دوستلۇق مەملىكىتىمىزنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن كېرەك» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. تېگىشنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مەھەممەد خارەزىمشاھ بۇ ۋەسىيەتكە ئاز بىر زامان ئەمەل قىلىپ كېيىن بۇنى چۆرۈۋەتتى. نەتىجىدە، ھەرئىككى مەملىكەت پالاكەتكە ئۇچرىدى. مەھەممەد خارەزىمشاھ ئافغانىستان پادىشاسى سۇلتان شاھابىددىن غۇرى بىلەن بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. سۇلتان شاھابىددىن غۇرى بەلخ ۋە ئاندىخوي قاتارلىق جايلىرىنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن قالماي تېخىمۇ ئىلگىرلەپ خوراسانغا يۈرۈش قىلدى. خارەزىمشاھ 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولسىمۇ، شاھابىددىن غۇرىغا تەڭ كېلەلمەيمەن دەپ قورقۇپ، گۈرخاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى ۋە مەرۋ شەھرىگە ئەسكەرلىرىنى يىغىپ مۇداپىئەدە تۇردى. سۇلتان شاھابىددىن غۇرىمۇ كېلىپ مەرۋىگە يېقىن بىرجايدا لەشكەرگاھ قۇردى. دەل ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا گۈرخانىنىڭ خارەزىمشاھنىڭ ياردىمىگە يوللىغان ئەسكەرلىرىنىڭ ئافغانىستان چېگراسىغا يېقىنلاشقانلىق خەۋىرى كەلدى. سۇلتان شاھابىددىن غورى ئۆز مەملىكىتىنىڭ غېمىگە چۈشۈپ خارەزىمشاھقا تۇيغۇزماستىن بىركېچىدە قاچقاندەك يۈرۈپ قايتىپ كەتتى. گۈرخان ئەۋەتكەن ئەسكەرلەرخېلى كۆپ ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە سەمەرقەنتتىكى قاراخان سۇلتانى ئوسمانمۇ گۈرخانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، بۇ ياردەم قوشۇنىغا قېتىلغانىدى.گۈرخان ۋە سۇلتان ئوسماننىڭ بىرلەشكەن قوشۇنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئاندخوي ئۆلكىسىگە كىردى. سۇلتان شاھابىددىنمۇ يېتىپ كېلىپ سوقۇش باشلاندى. نەتىجىدە، سۇلتان شاھابىددىن ئېغىرچىقىمغا ئۇچراپ ، ئۆزى ئازغىنە ئەسكىرى بىلەن بىرقەلئە ئىچىگە قامىلىپ قالدى. سۇلتان ئوسمان قاراخىتايلار بىلەن سۇلتان شاھابىددىننىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىپ، شاھابىددىن پۈتۈن خەزىنىسىنى ۋە ماللىرىنى قاراخىتاي ئەسكەرلىرىگە بېرىپ، ئۆزى، ۋە ئادەملىرى جانلىرىنىغىنە ئېلىپ چىقىپ كېتىش شەرتى بىلەن پۈتۈشۈپ شاھابىددىننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قويدى. مەھەممەد خارەزىمشاھ، سۇلتان شاھابىددىننىڭ بۇمەغلۇبىيىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەي ئۇرۇشۇپ يۈرۈپ، ئافغانىستان ۋە ئىرانىنى تارتىۋالدى ۋە ئۆزى چوڭ بىر دۆلەتكە ئىگە بولدى. بارغانسېرى كۈچ قۇدرەتى ئاشقان خارەزىمشاھ گۈرخانغا باج ـ سېلىق بېرىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، غەربىي تۈركىستان خانى سۇلتان ئوسماننى ئۆزىگە تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ھالدا ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇندىن كېيىن مەھەممەد خارەزىمشاھ بىر باھانە تېپىپ گۈرخانىنىڭ ئالى ئەمەلدارىنى ئۆلتۈردى.

گۈرخان بۇھادىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ۋەزىرى مەھمۇد باينى خارەزىمگە ئەۋەتتى. خارەزىمشاھ مەھمۇد باينى ياخشى كۈتۈۋالماي ئۇنى ھاقارەتلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ يامانلاشتى. ئۇندىن باشقا خارەزىمشاھ ئۆزىنىڭ ئىستىلا مەقسىدىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن «مۇسۇلمانلارنى كاپىر قاراختايلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن فى سەبىلىللاھ جىھاد قىلىمەن»

دەپ كەڭ مىقياستا تەشۋىق تارقىتىپ، غەربىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆزىگە مايىل قىلدى.

ھىجرى 604 ـ ( مىلادى 1207ـ) يىلى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سەمەرقەنتكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇئارىدا سۇلتان ئوسمانشاھمۇ خارەزىمشاھقا تەۋە بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە ئۆنىڭ ئىسمىدا خۇتبە ئوقۇتتى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىدا پۇل چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستان گۈرخاننىڭ ھامىيلىقىدىن چىقىپ، خارەزىمشاھنىڭ ھامىيلىقىغا كىردى.گۈرخان، مەھەممەد خارەزىمشاھ ۋە سۇلتان ئوسمانشاھنىڭ ئۈستىگە تالاس ۋالىيسى ئىنكۈبەگنىڭ قوماندانلىقىدا بىرقوشۇن يوللىدى. سەمەرقەنت يېقىنلىرىدا شىددەتلىك ئۇرۇش بولدى. نەتىجىدە ئىنكۈبەگ يارىدار بولۇپ ئەسىرگە ئېلىندى. ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ قېچىپ كەتتى. خارەزىمشاھ قاچقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، سىردەريادىن ئۆتۈپ، گۈرخاننىڭ 2 ـ پايتەختى دەپ ئاتالغان «ئوترار» شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، شەھەرنىڭ ھاكىمىنى بالا- چاقالىرى بىلەن ئەسىرئېلىپ قايتتى. خارەزىمگە كېلىپ ئىنكۈبەگنى سۇدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

قارا خىتايلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن خارەزىمشاھ بىلەن سۇلتان ئوسمان ئارىسىدىكى دوستلۇق تېخىمۇ كۈچلەندى. خارەزىمشاھ قىزىنى سۇلتان شاھقا بەرمەكچى بولدى. بۇ ئارىدا خارەزىمشاھ گۈرخاننىڭ يېنىدا پانا تېپىپ تىرىكلىك قىلىۋاتقان نايمان قەبىلىسىنىڭ خانى كۈچلۈك نى مەخپىي ھالدا گۈرخانغا قارشى كۈشكۈرتۈپ، ئۇنى بۇ ئىشقا تەييارلىغاندى. بۇ سەۋەپتىن خارەزىمشاھ ۋە سۇلتان ئوسمان گۈرخاننىڭ خارەزىمگە ھۇجۇم قىلىشىدىن خاتىرجەم ئىدى. سۇلتان ئوسمانشاھ خارەزىمگە كېلىپ توي ھازىرلىقلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ بىر تەرەپتەگۈرخان كۈچلۈكنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن خەۋەرسىز، ھىجرى 605 ـ(مىلادى 1208 ـ) يىلى گۈرخان غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلدى. يول ئۈستىدىكى پۈتۈن شەھەرلەرنى ئېلىپ سەمەرقەنتنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شەھەر پەتھى بولاي دەپ قالغان بىر پەيتتە كۈچلۈكنىڭ ئىسيان كۆتەرگەن خەۋەرى كېلىپ، گۈرخان سەمەرقەنتلىكلەر بىلەن سۈلھى قىلىپ بالاساغۇنغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بىر رىۋايەتكە قارىغاندا سۇلتان ئوسمان گۈرخاننىڭ ھۇجۇمىدىن قېچىپ خارەزىمگە كەلگەن.

ھىجرى 606 ـ (مىلادى 1209 ـ) يىلى گۈرخان سەمەرقەنتتىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن خارەزىمشاھ سەمەرقەنتكە كېلىپ،كۈچلۈك بىلەن گۈرخاننىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە دەرھال شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. لېكىن گۈرخان ئاللاقاچان كۈچلۈكنى مەغلۇپ قىلىپ، قوغلىۋەتكەن ۋە خارەزىمشاھنىڭ ھۇجۇمىغا مۇداپىئە ئۈچۈن تەييارلانغان ئىدى. خارەزىمشاھنىڭ يۈرۈشنى ئاڭلىغان گۈرخان دەرھال تالاسنىڭ غەربىدە خارەزىمشاھ نىڭ ئالدىنى توسۇپ قاتتىق ئېلىشتى. نەتىجىدە خارەزىمشاھ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئەسكەرلىرى ئىنتايىن پەرىشان ھالدا قاچتى. خارەزىمشاھ بىرقانچە خاس ئادەملىرى بىلەن گۈرخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئارىسىدا قالدى. لېكىن

خارەزىمشاھ قاراختايچە كىيىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھېچكىم تونۇماي بىرنەچچە كۈن گۈرخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئارىسىدا يۈرۈپ، كېيىنچە پۇرسەت تېپىپ قاچتى ۋە سىردەرياسى بويىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشتى.

## ئىدىقۇت ۋە قىلىچخانلارنىڭ چىڭگىزخانغا تەۋە بولغانلىقى

ئۇيغۇر ئىدىقۇتى گۈرخاننىڭ بەشبالىقتا تۇرۇشلۇق ئالىي ئەمەلدارىنىڭ تەكەببۇرلۇقى ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقىدىن داۋاملىق نارازىلىق بىلدۈرەتتى. بۇ سەۋەپتىن گۈرخاننىڭ ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى. بۇئارىدا خارەزىمشاھ ۋە گۈرخان ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن بوھراندىن پايدىلىنىپ، ئىدىقۇت ھىجرى 605 - يىلى گۈرخاننىڭ ئىدىقۇت ئوردىسىدا تۇرۇشلۇق ئالىي ئەمەلدارى شادكامنى ئۆلتۈرۈپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە دەرھال چىڭگىزخانغا نۇرغۇن سوغات بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوتتۇرىدا دوستلۇق ئىزھارقىلدى. چىڭگىزخانمۇ دۇرباي ئىسىملىك ئەلچىسىنى ئىدىقۇتقا ئەۋەتىپ، ئوتتۇرىدا دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، چىڭگىزخان ئىدىقۇتنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەندى ۋە ئىدىقۇتقا ئىنىسىنىڭ قىزىنى بەردى. چىڭگىزخاننىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ئىدىقۇت يۈزلەرچە ئوقۇتقۇچى ۋە كاتىپلەرنى چىڭگىزخانغا ئەۋەتىپ بەردى ۋە بىرقىسىم قورال - ياراق بىلەنمۇ تەمىنلىدى. بۇ سۈرەتتە ئىدىقۇت خانلىقى چىڭگىزخان بىلەن ئىككى يىل سەممىي دوست بولۇپ تولۇق مۇستەقىل ياشىدى. ھىجرى 606 - (مىلادى 1209 -) يىلى گۈرخاننىڭ خارەزىمشاھنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ ئۆزى موغۇلىستانغا بېرىپ، چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ چىڭگىزخاننىڭ ھامىيلىقىغا كىردى. شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بۇتپەرەس قاراختايلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە دايىم نەپرەت كۆزى بىلەن قارايتتى. لېكىن،گۈرخاننىڭ كۈچىگە تەڭ كەلگىدەك قۇۋۋەتلىرى يوقتى. خوتەن خانى قىلىچخان گۈرخاننىڭ ھىجرى 605 - يىلىدىكى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، گۈرخاننىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق ئالىي ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇ ئارىدا چىڭگىزخاننىڭ دۈشمىنى بولغان تاڭغۇت شاھزادىسى خوتەنگە قېچىپ كەلگەندى. چىڭگىزخان بۇ شاھزادىنى تەلەپ قىلدى ۋە قىلىچخان چىڭگىزخاننىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تاڭغۇت شاھزادىسىنى چىڭگىزخانغا ئەۋەتىپ بەردى. نەتىجىدە، چىڭگىزخان بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئەمما، بۇ دوستلۇق ئۇزۇنغا بارمىدى. ھىجرى 608 -( مىلادى 1211 -) يىلى گۈرخان مەغلۇپ بولۇپ، كۈچلۈك خان بىر بالايى ئاپەت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققاندا قىلىچخان چىڭگىزخاننىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتتى.

## قاراختاي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

خوتەن، قۇجۇ، بەشبالىق، قۇمۇل ۋە بارىكۆل قاتارلىق جايلار قاراختاي دۆلىتىدىن بىر - بىرلەپ ئاجراپ، بۇ دۆلەتنىڭ نۇپۇزى ۋە كۈچى ناھايىتى ئاجىزلاشتى. خارەزىمشاھ بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ كۈچلۈكنى شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن، ئۇچاغدا كۈچلۈكنىڭ بۇنىڭغا كۈچى يەتمەيتتى. ئاخىرى ھىجرى 607 - يىلى خارەزىمشاھ شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغا تاجاۋۇز قىلىشقا باشلىدى. ئوترار ۋە تاشكەنتنى ئىشغال قىلدى. گۇرخان بۇنى ئاڭلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن خارەزىمشاھقا قارشى يۈرۈش قىلدى. تالاسقا يېقىن بىرجايدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. نەتىجىدە، گۇرخان ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىندى.

بۇنىڭ بىلەن بالاساغۇندا «خارەزىمشاھ گۇرخاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆز تارقالدى ۋە بالاساغۇن خەلقى « مانا، ئەندى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۇتپەرەس كاپىر قاراختايلاردىن قۇتۇلىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى» دەپ ھەممىسى قوراللىنىپ، شەھەردىكى قاراختايلارنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنىڭ سېپىلىنى تاقاپ تۇرۇشتى. شۇ ھالەتتە گۇرخان ئەسكەرلىرى بىلەن كەلدى خەلق ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمەي قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. گۇرخان شەھەرنى 18 كۈن مۇھاسىرە قىلدى. خارەزىمشاھنىڭ گۇرخاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان خەۋىرىمۇ يالغان چىقىپ ئۇنىڭ سىردەريا بويىدىكى فاراب شەھىرىنى ئېلىپ، ئالغا ئىلگىرلىيەلمەي قايتىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. گۇرخان شەھەرخەلقىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرگە بېسىپ كىرىپ مۇسۇلمانلارنى قەتلئام قىلدى. رەۋزەتۇسساپانىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا بۇ قەتلئامدا 47000 مۇسۇلمان شېھىت بولغان.

بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە گۇرخاننىڭ خەزىنىسى پۈتۈنلەي توگەپ قۇرۇپ كەتتى. خەزىنىڭ قولىدىمۇ بىرنەرسە قالمىدى ۋە دۆلەت ئېغىر ئىقتىسادىي بوھرانغا دۇچار بولدى. ئەمما، ئەسكىرىي سىنىپنىڭ قولىدا پۇل - مال كۆپ ئىدى. گۇرخان بۇ مالىي بوھرانغا چارە ئىزدەش ئۇچۇن، ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىكى پۇل - مالنى زورلۇق بىلەن خەزىنىگە ئالغىلى باشلىدى. بۇنىڭغا نارازى بولغان ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى ئىسيان چىقاردى. بۇ ئارىدا ئىمىل شەھىرى ئەتراپىدا خېلى كۆپ كۈچكە ئىگە بولۇپ قالغان ۋە مۇنداق بىر پۇرسەتنى ماراپ ياتقان كۈچلۈك، ھىجرى608 - (مىلادى 1211 -) يىلى بالاساغۇنغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بېسىپ كىردى. گۇرخان پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇپ، تەسلىم بولدى. كۈچلۈك گۇرخاننى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ ئۆزىنى گۇرخان ئېلان قىلدى. 34 يىل ھۆكۈم سۈرگەن 3 - گۇرخان تىرگوخان ئەسىرلىكتە ئىككى يىل ياشاپ ھىجرى 610 - يىلى ئۆلدى. گۇرخاننىڭ تەسلىم بولۇشى بىلەن 80 يىل داۋام قىلغان قاراختاي دۆلىتى يىقىلدى.

## كۈچلۈك كىم ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىش سەۋەبى

موغۇلىستاننىڭ غەربىدە ئۇزۇن زاماندىن تارتىپ مۇستەقىل خانلىق ئىدارىسىدە ياشاپ كەلگەن «نايمان» ئىسىملىك بىرقەبىلە بارئىدى. شۇ تارىخلاردا داڭلىق موغۇل دۆلىتىنى قۇرغان چىڭگىزخان ھىجرى 603 ـ( مىلادى 1206 ـ) يىلى نايمانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نايمان خانى تايان خاننى ئۆلتۈرۈپ قەبىلىسىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. تايان خاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك خان بىرقانچە ئادەملىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ گۈرخاننىڭ يېنىدا باش پانا تاپتى. گۈرخان ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ھىمايىسىگە ئالغانىدى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا گۈرخان كۈچلۈككە قىزىنى بېرىپ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالغانمىش.

ھىجرى 604 ـ يىلى چىڭگىزخان تاڭغۇت خانى بىلەن ئۇرۇشۇپ، موغۇلىستاندىكى ئەسكىرى ئاز قالغانىدى. كۈچلۈك بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىڭگىزخاندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، گۈرخاننىڭ رۇخستى بىلەن ئىمىل ۋە ئالتاي تاغلىرىدا سەرگەردان ھالدا ياشاۋاتقان نايمانلارنى توپلاپ موغۇلستانغا ئۇيەر ـ بۇيەردىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىگە خېلى كۆپ كۈچ توپلىدى. خارەزىمشاھ ئۇنىڭ بۇ ۋەزىيىتىنى ئاڭلاپ، مەخپى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى گۈرخانغا قارشى ئىسيانغا كۈشكۈرتكىلى باشلىدى. ئەگەر ،كۈچلۈك بۇ ئىسياندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەقدىردە خارەزىمشاھ سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى پۈتۈن ئۆلكىلەر(پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان) دە ئۇنىڭ گۈرخان ئۇنۋانى بىلەن مۇستەقىل ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى. كۈچلۈك بۇ ۋەدىگە ئىشىنىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغىنىدا يۇقىرىدا سۆزلەنگەندەك، گۈرخاننىڭ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىپ، بالاساغۇندىكى كۈچىنىڭ ئازقالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۈچلۈك بالاساغۇنغا ھۇجۇم قىلدى. بالاساغۇندىكى گۈرخاننىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگەكىرىۋېلىپ قاتتىق تۇرۇپ ئېلىشتى. شۇ ھالدا گۈرخان سەمەرقەنتتىن قايتىپ كېلىپ، كۈچلۈكنى ئېغىر ھالدا مەغلۇپ قىلدى. كۈچلۈكنىڭ ئادەملىرىدىن كۆپ كىشى ئۆلدى ئۆزى بولسا ئازراق يېقىنلىرى بىلەن قېچىپ، ئىمىل ئەتراپىدا يۈرۈپ، قاراقچىلىق قىلىشقا باشلىدى.

## كۈچلۈكنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىستىلاسى ۋە زۇلمى

ئىرگوگۈرخان تەسلىم بولغاندىن كېيىن كۈچلۈكخان ئۆزىنى گۈرخان دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى خەلقنى ئىسلامدىن ياندۇرۇپ، شامان دىنىغا كىرىشكە تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك نەپرەت

ھىسسىنى قوزغىدى. ئىلىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئالمىلىق (ئىلى بالىق) خەلقى ئۆز ئىچىدىن بىر كىشىنى خان قىلىپ كۈچلۈك بىلەن ئۇرۇشقىلى تەييارلاندى. قارلۇق خانى ئارسلان يابغۇ چىڭگىزخاننىڭ ھامىيلىقىغا كىردى. قەشقەر، ئۈچ ۋە كۇچا خەلقى كۈچلۈكنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلماي ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. كۈچلۈك ئالدى بىلەن ئالمىلىق خانى بىلەن ئېلىشىپ، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئالمىلىق خانى شېھىت بولدى ۋە ئالمىلىق كۈچلۈكنىڭ قولىغا ئۆتتى ۋە بۇ ئۆلكىدىكى پۈتۈن شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈك قەشقەر ۋە ئۈچ ئۆلكىلىرىگە تاجاۋۇز قىلدى. خەلق ناھايىتى قەھرىمانلىق بىلەن يۇرتىنى مۇداپىئە قىلغانلىقى ئۈچۈن، كۈچلۈك بۇ يۇرتلارنىڭ شەھەرلىرىگە كىرەلمىدى. ئاخىرى كۈچلۈك بۇ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا قاراقچىلارنى ئەۋەتىپ دېھقان چارۋىچىلارنى بولاپ تالىدى، ئۆلتۈردى. زىرائەتلىرىگە، يايلاقلىرىغا ۋە ئۆي جايلىرىغا ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن 2 يىل ئىچىدە قەشقەر ۋە ئۈچ شەھەرلىرىدە ئاچارچىلىق باشلىدى ۋە خەلق شەھەرنى مۇداپىئەقىلىشتا ئاجىزقالدى. كۈچلۈك ھىجرى 610 ـ (مىلادى 1213 ـ) يىلى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ شەھەرگە ئوت قويۇپ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى. شەھەر ئەتراپىدىكى خەلقلەرنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ئۆز ئادەملىرىنى يەرلەشتۈردى.

ھىجرى 611 ـ يىلى كۈچلۈك خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا قىلىچخان شېھىت بولدى ۋە شەھەرگە كىرگەن كۈچلۈك قەتلئام قىلىپ ۋە ئوت قويۇپ خوتەننى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ، شامان دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرخىل زۇلۇم سالغىلى باشلىدى. لېكىن، خەلق ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن بۇنىڭدا مۇۋەپپەق بولالمىدى. كۈچلۈك بۇنىڭ سەۋەبى خوتەندە ئىسلام دىنى ئالىملىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن دەپ تونۇپ، بۇدىنىي زاتلارنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى ۋە بىركۈنى « پۈتۈن ئالىملار يىغىلسۇن، دىن ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرىلىشىمىز، بۇ مۇنازىرە دەكىمنىڭ توغرالىقىسا شۇنىڭغا قوشۇلىمىز» دەپ ئېلان قىلدى. ئەرتىسى بىر مەيدانغا 3000 دەك ئالىم يىغىلدى. كۈچلۈك ئەسكەرلىرى بىلەن ھازىر بولدى ۋە مۇنازىرە باشلاندى. خوتەن ئالىملىرىدىن ئىمام ئالائىددىن ئىسلامنىڭ ھەققىتىنى، ئىسلامنىڭ ھەق (راست) دىن ئىكەنلىكىنى ۋە بۇتپەرەسلىكنىڭ باتىل (يالغان) ۋە ئاساسسىزلىقىنى ئىنتايىن كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىدى. بۇ دەلىللەرگە قارشى كۈچلۈك بىرنەرسە دېيەلمەي مات بولۇپ، ئىسلامغا ۋە پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلغىلى باشلىدى. ئىمام ئالائىددىن بۇقېتىم مىسلىسىز غەيرەت بىلەن ۋە تەمكىنلىك بىلەن جاۋاپ بېرىپ،كۈچلۈكنى تېخىمۇ مات قىلدى. بۇ ۋەزىيەتنى ئالىملارنى يوقىتىشنىڭ باھانىسى قىلىپ،كۈچلۈك ئەسكەرلىرىگەبىردىن بۇيرۇق قىلىپ توپلانغان ئالىملارنىڭ ھەممىسىنى قىلىچ بىلەن شېھىت قىلدى. شۇكۈندىن تارتىپ ئەزان ئوقۇش، جامائەت يىغىلىپ ناماز ئوقۇش قاتارلىق ئىسلام ئىبادەتلىرى پۈتۈنلەي مەنئى قىلىندى. مەسجىت ۋە مەدرىسىلەر ۋەيران

قىلىندى،كىتابلار كۆيدۈرۈلدى ۋە مۇسۇلمانچىلىقنى ئىزھارقىلغان كىشى مەڭبىر قىيىن - قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. كۈچلۈك بۇ زالىملىق بىلەن تۆت يىل ھۆكۈم سۈردى. بۇمۇددەت ئىچىدە مۇتەئەسسىپ «تويىن» ۋە «قام» لارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن شەرقىي تۈركستان خەلقىگە سالمىغان زۇلمى قالمىدى. ئىلىم ۋە مەدەنىيەتكە تولغان بۇمەملىكەتنى بىرخارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. خەلق داۋاملىق كۈچلۈككە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن قانلىق باستۇرۇلۇپ تۆلىسى شېھىت بولدى. قالغانلىرى قېچىپ كەتتى ۋە يۇرت ئاھالىسى بارغانسىرى ئازقالدى.

ھىجرى 615- (مىلادى 1218 -) يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى شەرقىي تۈركستان خەلقىنىڭ ياردىمىگە يېتىشتى. كۈچلۈكنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتقازدى، دىندە ۋە ھەر ئىشتا خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى ئېلان قىلدى.

## بىرتارىخىي ئويدۇرما توغرىسىدا

خىرىستىيان پاپا مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى رىۋايەتلەر ھازىرقى زاماندىكى بەزى تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلماقتا. مىنىڭ تەدقىق قىلىپ كۆرۈشىمچە بۇ رىۋايەتلەر ئاساسىز بولۇپ، ئۆز غەرەزلىرى ئۈچۈن خىرىستىيان مىسسىئونېرلىرى تەرىپىدىن توقۇلغان ئويدۇرما ھېكايىلاردىن ئىبارەت[61]. مەسىلەن:

1 - كۈچلۈكخاننىڭ قەبىلىسى بولغان نايمانلارنىڭ دىنى خىرىستىيان دىنى ئىدى . كۈچلۈكمۇخىرىستىيان بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى «يۇھەننا» ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننى ئالغاندىن كېيىن خوتۇنى (گۇرخاننىڭ قىزى) نىڭ تەسرى بىلەن شامان دىنىغا كىرگەن.

2 - «يۇھەننا» ئىسىملىك تۈرك خانى گىرايىت (كىرايىت) قەبىلىسىنىڭ خانى بولۇپ. چىڭگىزخاندىن بۇرۇنقى تارىختا ئۆتكەن ياكى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرىنىڭ زامانىسىدا ئۆتكەن كىشى. يۇھەننا خىرىستىيان دىنىنىڭ چوڭ ئالىملىرىدىن ياكى ئەۋلىيالىرىدىن بىرى.

3 - يۇھەننا نىڭ قەبىلىسى بولغان كىرايىت قەبىلىسى كۇكۇ(كۆكنۇر) ۋە ئۇدۇن (خوتەن) ئۆلكىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەنى، ھازىرقى چەرچەن ۋە چارقىلىقتا ئولتۇراقلاشقان.

مانا بۇ بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان رىۋايەتلەرنى تارىخچى ئەبۇلفەرج جۇرجىس«مۇختەسرىلدەۋل» ئاتلىق كىتابىدا يازىدۇ. بۇ، زامانى ۋە ماكانىنىڭ تايىنى يوق «يۇھەننا» ئەپسانىسى كېيىنكى دەۋرلەردە روسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تارىخىنى بۇئەپسانە بىلەن بوياپ كۆرستىپ، ئۇلارنى خىرىستىيانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بەزى خىرىستىيان پاپالىرى تەرىپىدىن ئويدۇرۇلغان ئاساسىزھېكايە ئىكەنلىكىنى ياۋروپا تارىخچىلىرى ئوتتۇرىغا چىقاردى. مانا بۇ رىۋايەتلەرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يۇھەننا ھەققىدە بىر - بىرىنى ئىنكارقىلىدىغان ئاجايىپ قىسسەلەر بار. (بۇقىسسەلەر«تەلفىق ئەلئەخبار» دېگەن تارىخىي ئەسەردە بايان قىلىنغان)

[61] خىرىستىيان پاپاسى - خىرىستىيانلارنىڭ رۇھانى داھىسى. مىسسىئونېر- خىرىستىيان دىنىنى تارقاتقۇچى(ن. ش. ھ.).

يۇقىرىقى رىۋايەتلەر ۋە قىسسەلەرنى موغۇلىستاننىڭ مۇھىتىگە ئۇيغۇن دېيىلگەندىمۇ يالغانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، چىڭگىزخاندىن بۇرۇنقى زاماندا نايمان بولسۇن ياكى كىرايىت ياكى باشقا موغۇل قەبىلىلىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ ئەجنەبى(يات) لاربىلەن خۇسۇسەن خىرىستىيان دۇنياسى بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوقلىقى ۋە بۇلارنىڭ پۈتۈنلەي كۆچمەن، دىن ۋە مەزھەپ بىلەن جىددى بىرئالاقىسى بولمىغان قوۋم ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. كىرايىت قەبىلىسى بولسا موغۇلىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەشھۇر ۋە قۇۋۋەتلىك بىرقەبىلە بولۇپ ئىستىقلالى چىڭگىزخان تەرەپىدىن يوقىتىلغانلىقى تارىختىن مەلۇم.

چەرچەن ۋە ئەتراپىدا بىرقانچە يۈزيىلدىن بېرى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن باشقا بىرتۈرك قوۋمى يوقلىقىغا تارىخ گوۋالىق بەرمەكتە. يەنە، تۈرك ۋە موغۇل تارىخلىرىنى پۈتۈن تەپسىلاتلىرى بىلەن يازغان يۈزلەرچە ئىسلام ۋە چىن تارىخچىلىرىدىن ھېچبىرى زىكىر قىلمىغان رىۋايەتلەرنى شامنىڭ «كەشىش» لىرىدىن بولغان مالتالىق ئەبۇلپەرەج جورجىس نىڭ يۇقىرىقىدەك بىر- بىرىگە زىت ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلغانلىقى بۇ رىۋايەتلەرنىڭ توقوما سۆزلەر ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر[62].

ئۇنداقتا، نايمان ياكى كىرايىتلارغا خىرىستىيانلىق نەدىن كەلگەن دېگەنگە جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن «ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن» دېگەننى ئىسپاتلايمىز دەپ، تۇرپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارجەريانىدا بەزەكلىكتىن خىرىستىيانلىققا ئائىت ئەسەرلەر تېپىلدى، دېگەن سۆزنى تاراتماقتا. ئۇيغۇرلاردا دەسلەپتە بۇددا ۋە مانى دىنى بارئىدى. كېيىنچە مانى دىنى يوقىلىپ، يالغۇز بۇددا دىنىلا قالغانلىقىنى تارىخ بىردەك ئىسپاتلايدۇ ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارداتېپىلغان ئەسەرلەر بىلەنمۇ ئىسپاتلانغان. تۇرپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارجەريانىدا بەزەكلىكتىن ۋە باشقا جايلاردىن چىققان ئەسەرلەر بېرلىن ئېتنوگرافىيا مۇزېيىدا ۋە لوندون بېرىتىش مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا بولۇپ بۇلاردا خىرىستىيانلىقنىڭ ئەسەرى بار يوقلۇقى مەيداندا تۇرۇپتۇ.

ھازىر چىن ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسەت قىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەزى شەھەرلىرىدە خىرىستئانلىقنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەشكىلئورگانلار قۇرۇلۇپ چىققان بولسىمۇ بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان شىۋىتسارىيىلىك مىسسىئونېرلىرنىڭ بەزىلىرى «چىڭگىزخاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمدارى بولغان ئوغلى چاغاتايخان خىرىستىيان ئىدى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا خىرىستىيانلىق راۋاج تاپقانىدى. قەشقەردە چوڭ بىر پاپا ئولتۇراتتى. چىڭگە بارغان مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو يەركەندە ئىككى چىركاۋ كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان» دەپ يازىدۇ.

چاغاتاي خاننىڭ خىرىستىيان بولۇپ بولمىغانلىقى ھەققىدە تارىخچىلار تەتقىقات ئېلىپ بارغان. بولار بىزنىڭ مەۋزۇيىمىزنىڭ تېشىدىكى بىر مەسىلە. شەرقىي تۈركىستاندا موغۇل دەۋرىدىن ئۈچ ئەسىر

[62] خىرىستئانلىقتا مۇرىت ياكى سوپى «كەشىش» دەپ ئاتىلىدۇ.( ن. ش. ھ.).

بۇرۇن ئىسلام دىنىنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم يىلتىز تارتقانلىقى، بولۇپمۇ قەشقەر ۋە يەركەندە قاراخانىلار زامانىسىدا مۇسۇلمانلاردىن باشقا توپلۇم قالمىغانلىقىنى تارىخ شەك ـ شۈبھىسىز ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قاراختايلار شامان دىنىدا بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىگە ھېچبىر مۇداخىلە قىلمىغان ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرىدىمۇ ئالتە شەھەردە ئىسلامدىن باشقا بىردىنىنىڭ يوقلىقى ھەممىگە مەلۇم. چىڭگىزخان ئوغۇللىرىنىڭ دىن بىلەن جىددى بىرئالاقىسى بولمىغانلىقى، يەنى، ھېچبىر دىننى راۋاجلاندۇرمىغان ياكى دۈشمەنلىك قىلمىغانلىقى ئازغىنە تارىخ بىلگەن كىشىگە ئايدىڭ بولغان بىرمەسىلە.

ماركوپولونىڭ ساياھەتنامىسىدا بولمىغان سۆزلەرنى، ئىسلام ۋە شەرق تارىخلىرىدا ھېچ كۆرۈلمىگەن بو توقۇلما يالغانلارنى ئويدۇرۇپ چىققان ئۇ مىسسىئونېرلارنىڭ مەخسىدى خەلقنى بولۇپمۇ بىرقىسىم جاھىل( ئىلىمسىز) كىشلەرنى بۇسۆزلىرى بىلەن قايمۇقتۇرۇپ « قاراڭلار! پادىشاھىڭلار، ئاتا ـ بوۋاڭلار خرىستىيان ئىدى. سىلەر ئاتا ـ بوۋاڭلارنىڭ بۇ يولىنى تاشلاپ ئازدىڭلار» دەپ، ئۆزلىرىنىڭ خرىستىيانلىقنى تارقىتىش ۋەزىپىلىرىگە دەسمايە قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خرىستىيان مىسسىئونېرلىرىنىڭ بۇنداق ھىيلە ـ ئەپسۇنلىرى توغرىسىدىكى مىساللار مىسىر، شام، تۈركىيە، تۇنىس ۋە ماراكەش قاتارلىق ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقا تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. موغۇل دۆلىتى زامانىسىدا رىم پاپاسى موغۇلستانغا بىرقانچە قېتىم مىسسىئونېرلار ئەۋەتىپ، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنى خرىستىيانلىققا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ نەتىجىسىز قالغانلىقىنى ياۋروپا تارىخچىلىرى بىردەك قوشۇلۇپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ماركو پولومۇ رىم پاپاسى تەرىپىدىن موغۇلستانغا ئەۋەتىلگەن بىرئىتالىيەلىك «كەشىش» ئىدى. بۇئادەم موغۇلستان ۋە چىنگە بېرىپ، بىرچاغدا قۇبىلاي خاننىڭ قېشىدا مەنسەپكىمۇ چىققان، 25 يىل چىن ۋە موغۇلستاندا خرىستىيانلىقنى تارقىتىشقا تېرىشقان بولسىمۇ ھېچ نەتىجە ئالالماي ئاخىردا ساياھەتنامە يېزىپ قايتىپ كەتكەن. ھەرقانداق بىر ياۋروپالىقنىڭ سۆزىنى ھەقىقەت دەپ تونۇيدىغان بەزى زامانىۋى شەرق يازغۇچىلىرى يۇقىرىقى سۆزلەرنى ھېچ تەدقىق قىلماستىن تارىخىي ۋەقەلەر قاتارىدا كىتابلىرىدا يازغان. ۋاھالەنكى بۇرۇنقى خرىستىيان مۇئەللىپلارنىڭ ۋە زامانىمىزدىكى مىسسىئونېر تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ تۈرك ۋە ئىسلام جامىئەسى ھەققىدىكى بوھتانلىرىنى «ھەئە» دەپ، تەستىقلايدىغان زامان ئۆتتۈپ كەتتى. ھازىرقى ياشاۋاتقان ئەسىرىمىز بولسا تەدقىق ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان ئەسىردۇر.

موغۇل ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى خرىستىيان پاپالىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى ھەققىدە «تۈرك تارىخ تەدقىق جەمئىيىتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئومۇمىي تارىخ» تا يېزىلغان بىر ئابزاسنى مۇھتەرەم كىتابخانلارغا سۇنۇمەن:

« چىڭگىز ياساسى(قانۇنى) غا بەك رىئايە قىلىدىغان ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، تەۋەسىدىكىلەرنىڭ

ۋىجدانىي ئازاتلىقىغا ھېچ دەخلى قىلمايتتى. يانلىرىدا مۇسۇلمان، خىرىستىيان، بۇددىست، شامان ۋە باشقا مەزھەپلەرگە مەنسۇپ كىشىلەر بار ئىدى ۋە ئۇلارغا پەرقسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئوخشاش خىزمەتتە قوياتتى. بىر زامانلار رىم پاپالىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مىسسىئونېرلەر ئەۋەتىپ، موغۇل دۆلىتى خانىدانىنى خىرىستىيان قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى ۋە بۇنىڭدىن سەلىب ئۇرۇشلىرىدا[63] يېتەلمىگەن مەقسەت لىرىگە، يەنى، مۇسۇلمانلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئىزىش مەقسەتلىرىگە، موغۇل ھۆكۈمدارخاندانى ئەزالىرىنى خىرىستىيان قىلىپ، بۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېرىشىشنى خىيال قىلدى. پەقەت، چىڭگىز نەۋرىلىرىدىن بىرقانچە شاھزادە ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى خىرىستىيان قىلغان بولسىمۇ ئاخىرىدا بۇ تەشەببۇسلىرى بىكار بولدى. چۈنكى، چىڭگىزخاندانى ئىمپېراتورلىرى پاپا ۋە ئۇنىڭ راھبلىرى قولىدا ئويۇنچاق بولۇشنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. موغۇل دۆلىتىگە تەۋە ئۆلكىلەردىن چىندىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسدە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى باشقا ھەرقانداق تەسىرگە غالىپ كەلدى. ئالتۇن ئوردا خانلىرى، چاغاتاي خاندانى ۋە ئىلخانلار ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسدە تېخىچە مۇسۇلمان بولمىغان باشقا نۇرغۇن تۈرك قوۋملىرى ئىسلامغا كىردى».

## قاراختايلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى

قاراختايلار ئۇزۇن بىرزامان چىندە ئولتۇراقلاشقانلىقلىرى ئۈچۈن رەسمى دۆلەت ئىشلىرىدا چىن تىلىنى قوللىناتتى ۋە دۆلەت تەشكىلاتىغا ئائىت كۆپلىگەن ئاتالغۇلار چىنچە ئىدى. پەقەت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىدا «گۇرخان » دېگەن تۈرك كەلىمىسىنى قوللانغان.

ھەربىي ئىشلار توغرىدىن توغراگۇرخانغا قارايتتى. قوماندانلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى 100دىن ئاشمايتتى.گۇرخاننىڭ ھامىيلىقىدىكى يەرلىك خانلارنىڭ ئىچكىي مۇستەقىللىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، بىز يۇقىرىدا تەكرار- تەكرار سۆزلەپ كېلىۋاتقان تۈرك دۆلىتى ئەنئەنىسىگە رئايەقىلىنغانىدى. مالىيە تۈزۈمدە چىندە يولغا قويۇلغان ئۇسۇل بويىچە ئۆي بېشىدىن ھېساپلاپ سېلىق ئېلىش، يەنى، يىلدا ھەرئۆي بېشىدىن دۆلەتكە بىرتىللا بېرىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. بۇ ئۇسۇل ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخى يېقىنقى زامانلارغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. خەلق دىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا ئەركىن بولۇپ بۇنىڭغا دۆلەت ئارىلاشمايمايتتى. پۈتۈن دىنلەر ئەركىن ئىدى. غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاندا( قوچۇ ، بەشبالىق، قۇمۇل ۋە كىنگىتتىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ۋە تېرىم، چەرچەن ئۆلكىلىرىدىكى بۇددىست سېرىق ئۇيغۇرلاردىن باشقا) مۇسۇلمانلار ياشايتتى. پەقەت ئارال كۆلى بويىدىكى ئازراق بىرقەبىلە خىرىستىيانلىقنىڭ نەستۇرىي مەزھەبىدە ئىدى. بۇ يەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. ئىسلام ئىلىملىرى ۋە مەدەنىيىتىدىكى تەرەققىيات

[63]«سەلىب» خىرىستىئانلىقنىڭ ئالامتى. سەلىب ئورۇشى «ئىسلام ۋە خىرىستىيانلىق ئۇرۇشى. (ن. ش. ھ .).

قاراختاي دەۋرىدىمۇ قاراخانلار دەۋرىدىكى سەۋىيەسىنى ساقلىيالىغانىدى. بالاساغۇن، قەشقەر، خوتەن، بارسغان، تالاس، ئىلىبالىق ۋە غەربىي تۈركىستاندا چوڭ ـ چوڭ ئالىملار يېتىشىپ چىققان ۋە غايەت مەشھۇر بولغان كىتابلار يېزىلىپ چىققانىدى. ئەرەبچە ئەدەبىيات ئىلمىنى ئۆزئىچىگە ئالغان «مۇپتاھ ئەلئۇلۇم» نىڭ مۇئەللىپى ئىمام ياقۇب يۈسۈپ ئەلسەكاكى بالاساغۇن ئالىملىرىدىن ئىدى. ھەنىپى مەزھەبىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر كىتابلىرىدىن « ھىدايە» نىڭ مۇئەللىپىمۇ ئەبۇلھەسەن بۇرھانىددىن مەرغىنانلىق ئالىملاردىن بولۇپ، ئەڭ توغرا پەتىۋاكىتابىنى يازغان ئىمام قازىخانىمۇ ئۆزكەنتلىك ئىدى. بۇ ئىككى زات قاراختايلار زامانىسىدا يېتىشىپ چىققان ئىسلام ئالىملىرىدۇر. قاراختايلار دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمانلار ساندا بولغانلىرىدەك مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن ئىدى. مانا بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا مەيلى قاراختايلار دەۋرىدە بولسۇن مەيلى موغۇل دەۋرىدە بولسۇن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ باشقا دىن ۋە مەدەنىيەتلەرگە ئۈستۈن كەلگەنلىكىنى تارىخ سەھىپىلىرىدە كۆرمەكتىمىز. بەزى ياۋروپا تارىخچىلىرى قاراختايلار موغۇللارغا مەدەنىيەت جەھەتتە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن دەپ، يازىدۇ. بۇ ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، موغۇللارغا مەدەنىيەت جەھەتتە ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەنلەر بىرىنچىدىن مۇسۇلمان تۈركلەر، ئىككىنچىدىن بۇددىست ئۇيغۇرلاردۇر. موغۇل دۆلىتىدە ئىدارىي تەشكىلنىڭ ئاساسى تەركىبى مۇسۇلمان تۈركلەر، بۇددىست ئۇيغۇرلار، قاراختايلار، تاڭغۇت ۋە مانجۇرلاردىن مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن موغۇل مەدەنىيىتىدە بۇتۈرك قوۋملىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرى كۆرۈلمەكتە.

خىتايلار توغرىسىدىكى بايانىمىزنىڭ ئاخىرىدا، چىنلىقلارنى خىتاي دېيىشنىڭ توغرى ئەمەسلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەك دەپ ھېساپلايمەن. قاراخانلار دەۋرىدىن تاكى چىڭگىزخان دەۋرىگىچە شىمال ۋە غەرب شىمال چىندە ھاكىمىيەت خىتايلارنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ سەۋەپتىن موغۇلىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇلارنىڭ شۆھرىتى زىيادە بولۇپ، موغۇلىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقى چىندا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى«خىتاي» دەپ ئاتايتتى. ھازىرقى زاماندا چىنلىقلارنى خىتاي دېيىش شۇ چاغدىن قالغان بىرخاتا چۈشەنچىدىن كېلىپ چىققان ئادەتتۇر. ئەمما، ئەملىيەتتە خىتايلار چىنلىق بولماستىن، بىر تۈرك قەبىلىسىدۇر. چىنلىقلارنى خىتاي دېمەستىن «چىنلىق» دېيىش لازىمكى، بۇشانلىق تۈرك قوۋمىنىڭ تارىخى چىن تارىخى ئىچىگە كىرىپ كۆمۈلۈپ كەتمىسۇن.

## شەرقىي تۈركىستاندا چىڭگىزخان ئىستىلاسى

چىڭگىز خاننىڭ ئەسلى، دۆلەت قۇرغانلىقى، سوقۇشلىرى، ياسا(قانۇن) لىرى ۋە باشقا ۋەقەلەر ھەققىدە تارىخ كىتابلىرىدا غايەت تەپسىلى مەلۇماتلاربار. بۇ كىتابىمىزدا يالغۇز شەرقىي تۈركىستانغا

ئائىت ۋەقەلىرىنىلا بايان قىلىمەن.

چىڭگىزخان موغۇلىستان ۋە شىمالىي چىندا ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئەشەددى دۈشمىنى كۈچلۈك خاننى يوقىتىش ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىمپېراتورلۇقىغا قوشۇۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى.

ھىجرى 614 (مىلادى 1217ـ) يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭگىزخان چەتە(جەبە) نويان ئىسىملىك قوماندانىنى 20,000 ئاتلىق ئەسكەربىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يوللىدى. جەبە نويانغا ئۇيغۇر ۋە قارلۇق قاتارلىق تۈرك قوۋملىرىدىن نۇرغۇن ئەسكەر قوشۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. كۈچلۈكمۇ پۈتۈن كۈچىنى ئېلىپ خوتەندىن يولغا چىقىپ، ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىدا توختىدى. ئۇتەرەپتىن نويان يېتىپ كېلىپ ئۇرۇش باشلاندى. نەتىجىدە، كۈچلۈك ئېغىرھالدا مەغلۇپ بولۇپ پۈتۈن قوشۇنى تارمار بولدى. ئۆزى ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن قېچىپ، قەشقەرگە كەلدى. قەشقەرخەلقى بۇ زالىمنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تازا ئىنتىقام ئالدى. كۈچلۈك ئۈچ ئادىمى بىلەن قېچىپ، قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلارغا چىقىۋالدى. چەتە نويانىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بەدەخشان تەرەپكە قاچتى ۋە سېرىق قولغا كەلدى.ا ئۇ يەردىكى بۇرۇن كۈچلۈكنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ كېلىپ، ئوۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتقان تۈركىستانلىقلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، نويانىنىڭ ئەسكەرلىرىگە بەردى. چەتەنويان ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، چىڭگىزخانغا ئەۋەتتى.

چەتە(جەبە) نويان ئۇندىن كېيىن يەركەن، خوتەن ۋە كۇچانى ئۇرۇشمايلا قولغا چۈشۈردى ۋە بۇ جايلاردىكى ئىشغالىيەت تاماملانغاندىن كېيىن چېڭگىزخان بېكىتكەن قانۇنغا ئاساسەن دىن مەزھەپ، تىجارەت، تېرىلغۇ ۋە باشقا تۇرمۇش ئىشلىرىدا خەلقنىڭ ئەركىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. مانا بۇ سۈرەت بىلەن باشقا يۇرتلارنىڭ بېشىغا بالا بولغان چىڭگىزخان شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن بىرقۇتقازغۇچى بولدى.

ھىجرى 615 ـ ( مىلادى 1218 ـ) يىلى چېڭگىزخان ئۇيغۇر، قارلۇق ۋە سېرىق ئۇيغۇرلاردەك يەرلىك خانلىقلارغا ئۆز خانلىرىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ئىچكىي مۇستەقىللىق بەردى. ئالتى شەھەر مەنتىقىسىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمدارى يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن چېڭگىزخاننىڭ ئالدىدا چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولغان يۇرت كاتتىلىرىدىن ماڭلاي سۈيە[64] ئىسىملىك كىشىنى ئالتى شەھەرگە يەرلىك خانلاردەك ھوقۇقلۇق ۋالى قىلىپ ئەۋەتتى. ماڭلاي سۈيەنىڭ بىر پۇتى ئاقساق بولغانلىقى ئۈچۈن چىڭگىزخان ئۇنى «دوغلات» دەپ ئاتايتتى («دوغلات» موغۇلچە «ئاقساق» دېمەكتۇر) شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرى 921ـ (مىلادى 1515ـ) يىلىغىچە ئالتى شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ماڭلاي سۈيە خانىدانى تارىخ كىتابلىرىدا «دوغلات» خانىدانى دەپ يېزىلىدۇ.

[64] «تارىخى رەشىدى» نىڭ مىكروفىلىمگە ئېلىنغان نۇسخىسى 13ـ بەتتە، «ماڭلاي سۈيە» نىڭ مەنىسى «ئاپتاپرۇي» (ن . ش . ھ.).

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىڭگىزخان زامانىسىدىكى ئەھۋالى

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. قاراختايلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى كۈچلۈكخان زامانىسىدا يۈزبەرگەن قالايمىقانچىلىقلار سەۋەبى بىلەن خەلق تىجارەتنى تاشلاشقا مەجبۇر بولغانىدى. چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن تىنچلىق ئەكسگە كېلىپ، خەلق يەنە تىجارەتكە يۈزلەنگىلى تۇردى. ئۇچاغلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقىي تىجارىتى ئاساسەن غەربىي تۈركىستان بىلەن ئىدى. چىڭگىزخان بۇ يولنى ئېچىش ئۈچۈن، مەھمۇد يالۋاچ ئىسىملىك مۇسۇلمان ۋەزىرىنى خارەزىمشاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، بىرتىجارەت كېلىشىمى ئىمزالاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھىجرى 616 ـ (مىلادى 1219 ـ) يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان تىجارەتچىلىرى پەرغانە، بۇخارا، خارەزىم ۋە بەلخكە بېرىش ـ كېلىشكە باشلىدى. لېكىن بۇ تىجارەت ئاران بىرىيل داۋام قىلىپ، 400 شەرقىي تۈركىستانلىق تىجارەتچىنى ئوترار شەھرىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن توختىدى. بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: ھىجرى 617 ـ يىلى 400 كىشىلىك چوڭ بىركارۋان شەرقىي تۈركىستاندىن نۇرغۇن مال بىلەن خارەزىمگە قاراپ يولغا چىقىپ، سىر دەريا بويىدىكى ئوترار شەھەرىگە كەلگەندە شەھەرنىڭ ھاكىمى كارۋان ئىچىدىكى بىرئادەم بىلەن شەخسى ئاداۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن كارۋاننى توختىتىپ قويىدى ۋە خارەزىمشاھقا «چىڭگىزخاننىڭ 400 نەپەر جاسۇسى سودىگەر قىياپىتىدە كەلدى. بۇلارنى نېمە قىلىمەن؟» دەپ خەت يازدى. خارەزىمشاھ ھېچ ئويلاپ تۇرماستىن «ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ ماللىرىنى ئال ۋە بۇخاراغا ئەۋەت» دەپ بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم 400 شەرقىي تۈركىستانلىق بىگۇناھ مۇسۇلماننى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ماللىرىنى ئالدى. مانا شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەت توختىدى. بۇ ۋەقە چىڭگىزخاننىڭ غەربىي تۈركىستانغا ۋە باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، يول ئېچىپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن مەشھۇر«موغۇل ئىستىلاسى پاجىئەسى» مەيدانغا چىقتى. نەتىجىدە مىليونلارچە مۇسۇلمان جېنىدىن ۋە مېلىدىن ئايرىلدى (تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن موغۇل ۋە ئىسلام تارىخلىرىغا قاراڭ).

## چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان

چىڭگىزخان ئۆزى ھايات چېغىدا قول ئاستىدىكى پۈتۈن جايلارنى 4 ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى. بۇ تەقسىماتتا پۈتۈن غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتاي ۋە ئېمىلدىن باشقا جايلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خاننىڭ ھەسسىسى ئىدى. ئالتاي ۋە ئېمىلنى

ئۈچىنچى ئوغلى ئوكتاي خانغا بەرگەن (16 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا چاغاتاي خان ئاز بىر زامان ئالمىلىق شەھىرى (ھازىرقى قورغاس) نى پايتەخت قىلىپ، ئالمىلىق ۋە بالاساغۇن ئارىسىدا يۈرۈپ ھاكىمىيەت سۈرگەندى. چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن( ھىجرى 624 ـ مىلادى 1227 ـ يىلى) چاغاتاي خان داۋاملىق قارا قورۇمدا تۇرۇپ چىڭگىزخاننىڭ ئورنىغا قاغان بولغان تۇلۇخانغا مەسلىھەتچى بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇندىن كېيىن چوڭ خان بولغان يەنە بىرئىنىسى ئۆكتاي خان زامانىسىدىمۇ ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولدى. ئۇدەۋردە تۈركىستان «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتالسىمۇ، ئۇجايلار ئەملىيەتتە چاغاتاينىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا ئەمەستى.

غەربىي تۈركىستان مەھمۇد يالۋاچ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى مەسئۇد يالۋاچنىڭ باشقۇرۇشىدا، سىر دەريادىن ئېمىلغىچە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالى يەرلىك بەگلەر ئىدارىسىدە، ئالتى شەھەر بولسا ماڭلاي سۈيە دۇغلاتنىڭ قارىمىغىدا ئىدى. قۇچۇ، بەشبالىق، قۇمۇل ۋە بارىكۆلنى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئىدارە قىلاتتى. بۇ يەرلىك ھۆكۈمدارلار ئىچكىي مۇستەقىللىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۆز ئۆلكىلىرىنى چاغاتاي خان نامىدا ئەمەس، بەلكى، قاغاننىڭ نامىدا ئىدارە قىلاتتى. دېمەككى، بۇ ئۆلكىلەرنى چاغاتاي ئۇلۇسى دېيىش، پەقەت ئىسىم ئېتىبارى بىلەنلا ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ دەۋردە تېچ ياشاپ ئىقتىسادىي ۋە ئىلمىي جەھەتلەردە خېلى ياخشى تەرەققى قىلغانىدى.

## شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا چاغاتاي خاندانى دۆلىتى

چاغاتاي خان، ھىجرى 639 ـ (مىلادى 1241 ـ) يىلى ئۆلدى . تۈركىستاندىن ئىبارەت چاغاتاي ئۇلۇسى بۇرۇنقىدەك يەرلىك خانلارنىڭ «قاغان» نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھاكىمىيەت شەكلىدە ئىدى. ھىجرى 644 ـ (مىلادى 1124 ـ) يىلى چوڭ قاغانلىق تەختىگە چىققان كۈيۈكخان، چاغاتاي خاننىڭ ھايات چېغىدا بىرئۇرۇشتا ئۆلگەن ئوغلى مۇتۇگەننىڭ ئوغلى قارا ھۈلاكۇنى چاغاتاي ئۇلۇسىغا خان قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تۈركىستان بىۋاستە چاغاتاي خاندانىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. قارا ھۈلاكۇ ئالمىلىقنى پايتەخت قىلدى. كۈيۈك قاغان چاغاتاي خاننىڭ ئوغلى يېسۇمۆڭگۇنى قارا ھۈلاكۇنىڭ ۋەلىئەھدى قىلىپ تەيىنلىگەندى. ھىجرى 646 ـ (مىلادى1249ـ) يىلى يېسۇمۇڭگۇ قارا ھۈلاكۇبىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزى خان بولۇۋالغان بولسىمۇ بىرىيلدىن كېيىن ئۆلدى. ئورنىغا خان بولغان ئوغلى مۇبارەكشاھ كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئانىسى ئەرگىنە

خاتۇن خانلىقنى ئىدارە قىلاتتى. لېكىن، شۇيىلىنىڭ ئايىغىدا چاغاتاي خاننىڭ يەنەبىر نەۋرىسى ئالغۇ، ئەرگىنە خاتۇننى ئۆلتۈرۈپ تەختنى تارتىۋالدى[65]. قارا ھۈلاكۇنىڭ تەختكەچىقىشى بىلەن ئالغۇنىڭ تەختكە چىقىشى ئارىلىقىدىكى 6 يىل ئىچىدە چاغاتاي خاندانى ئىچىدە داۋاملىق جېدەل - ماجىرا بولۇپ تۇرغانلىقتىن شىمالىي تۈركىستاننىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرى ۋەيران بولدى. ئالغۇ بۇ قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، يۇرتنى تىنچىتتى ۋە پۈتۈن تۈركىستاننى ئۆزئىدارىسى ئاستىغا ئالدى. يالغۇز ئالتى شەھەردىكى دۇغلات خاندانى ۋە بەشبالىقتىكى ئىدىقۇتنى ئۆزىگە تەۋە جايلىرىدا خاننىڭ ئورۇنباسارى سۈپىتى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا تەيىنلىدى. خارەزىم ۋە ئافغانىستانىمۇ بويسۇندۇرۇپ، چاغاتاي دۆلىتىگە قاتتى. ھىجرى 655 - يىلى قۇبىلاي قاغاننىڭ قاغانلىق مەركىزىنى قارا قۇرۇمدىن بېجىڭغا يۆتكەپ، تۈركىستاندىن بەك ئۇزاقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئالغۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستان، خارەزىم ۋە ئافغانىستان قوشۇلغان ھالدا بىرچاغاتاي ئىمپېراتورلۇقنى قۇرۇپ، پايتەختنى ئالمىلىقتىن سەمەرقەنتكە يۆتكىدى.

ھىجرى 664- (مىلادى 1265-) يىلى ئالغۇ ئۆلدى ۋە ئورنىغا قارا ھۈلاكۇنىڭ ئوغلى مۇبارەكشاھ يەنە تەختكە چىقتى. مۇبارەكشاھ چاغاتاي ئەۋلادىدىن تۇنجى مۇسۇلمان بولغان خاقان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مۇبارەكشاھنىڭ زامانىسىدا چاغاتاي خانلىقىدا يالغۇز غەربىي تۈركىستان ۋە ئافغانىستاننىڭ ئاز بىرقىسمىلا قېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆكتاي خاندانى ئىگەللىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا ئۆكتاي ھاكىمىيتى

ئۆكتاي خاندانىدىن غەربىي موغۇلىستان، ئالتاي ۋە ئېمىل ئۆلكىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، زارغالانتۇ(ھازىرقى قۇبدۇ) دا تۇرۇۋاتقان قايدۇخان، ئالغۇخان ئۆلگەندىن كېيىن ئىلى، ئالتى شەھەردىكى دۇغلات بەگلىكى، قۇچۇ ۋە بەشبالىقتىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ ئۆزىگە تەۋە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھىجرى 665 - يىلى شەرقىي تۈركىستان قايدۇخاننىڭ ھاكىمىيتى ئاستىغا كىردى. قايدۇخاننىڭ ئۆلۈمىگە قەدەر بۇ ھاكىمىيەت مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان. قايدۇخان ھىجرى 702 - يىلى ئۆلدى ۋە ئورنىغا ئوغلى چاپارخان تەختكە چىقتى. بۇچاغداغەربىي تۈركىستاندا چاغاتاي خاندانىدىن دۇۋاي چىچەن خان ھۆكۈمرانلىق قىلماقتائىدى[66]. ئۇشەرقىي تۈركىستاننى چاغاتاي دۆلىتىگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن چاپارخانغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى ۋە بىرتەرەپتىن

65 بەزى مەنبەلەردە مۆتۈگەن خاننى «مۆگكەخان» ۋە چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھۈلاگۇنى«ھۈلاكۇ»، «ھىلاكۇ» يېسۇمۇگگۇنى«يېسۇمۆگكە» ۋە ئەرگىنەخاتۇننى«ئورخاناخاتۇن» دەپ ئالغان. ئە. بايتۇر 791- 801 - بەتلەر (ن. ش. ھ ).

66 ھازىرقى ئۇيغۇرچەمەنبەلەردە دۇۋاي چىچەنخان «داۋايخان» ياكى «داۋاخان» يېزىلىدۇ. ئە. بايتۇر 817- بەت (ن. ش. ھ.)

دۇغلات خانى بايدارخاننى يېنىغا تارتتى. غەربدىن دۇۋاي چېچەن خان ۋە جەنۇبدىن بايدارخان ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرى چاپارخاننى مەغلۇپ قىلىپ قوغلىۋېتىپ شەرقىي تۈركىستاندا40 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۆكتاي ھاكىمىيىتىنى يىقىتتى.

## شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يەنە چاغاتاي خاندانى ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەنلىكى

دۇۋايخان ھىجرى 706-(مىلادى 1306-) يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى. بەش يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇش جەريانىدا بىرجەك مەيدانىغا ئايلانغان ئىلى، يەتتەسۇ ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى شەھەرلەر ۋەيران بولدى، خەلقلەر قەتلئىام قىلىندى. دۇۋاي چېچەنخان بۇئىشغالىيەت جەريانىدا ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن بايدارخاننى مۇكاپاتلاپ ئىسسىقكۆل ئەتراپىنى، شىمالدا توخماقنى، ئالمائاتا ۋە شەرقتە يەتتەسۇ قاتارلىق جايلارنى ئالتى شەھەردىكى دۇغلات ھۆكۈمىتىگە قوشۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن دۇغلات ھۆكۈمىتى خېلى كەڭ ۋە مۇنبەت زېمىنگە ئىگە مەملىكەت بولۇپ كۈچلىنىپ قالدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۇغلات خاندانىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچلىنىشى ۋە شۆھرەت تېپىشى بايدارخان زامانىسدىن تارتىپ باشلانغان. بۇلارنى دۇغلات تارىخچىسى پەسلدە بايان قىلىمەن. چىڭگىزخان ۋە ئۆكتاي قاغان زامانىسىدا خېلى ياخشى بولغان شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۇلاردىن كېيىن، موغۇل شاھزادىلىرىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان جېدەل - ماجىرا ۋە ھەسەتخورلۇقلىرى نەتىجىسدە پۈتۈنلەي بۇزۇلغانىدى. يەنە بىرسەۋەبى چاغاتاي ئۇلۇسى دەپ ئاتالغان تۈركىستان ئۆلكىلىرىنىڭ ھېچبىرى دېڭىزغا تۇتاش ئەمەس ۋە تۆت ئەتراپى بىر - بىرىگە دۈشمەن موغۇل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ زېمىنلىرى بىلەن ئورالغانلىقى ئىدى. بۇ ۋەزىيەتتە تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ سىرتقا چىقىپ تىجارەت قىلىش ئىمكانى بولمىغانلىقتىن ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچارلاشتى. دۇۋايخان بۇ مەسىلىگە چارە تېپىش ئۈچۈن پۈتۈن چىڭگىز ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا بىر ئومۇمىي سۈلھى تۈزۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ ئۆمرى ۋاپا قىلماي ھىجرى707- يىلى ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى كانجۇكخان تەختكە چىقتى. ئۇ مۇبىر يىلدىن كېيىن ئۆلدى ۋە ئورنىغا چاغاتاي خاندانىدىن تالغۇ خانلىق تەختىگە چىقتى. تالغۇ ئۆلگەندىن كېيىن دۇۋايخانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى كېپەك خان بىلەن ئىنىسى ئېسەن بوغاخان[67] تەخت تالىشىپ، ئېسەن بوغاخان غالىپ كەلدى ۋە ھىجرى 710- يىلى خانلىق تەختىگە چىقتى.

ئېسەن بوغاخان تۈركىستاننى بىرمەزگىل تىنچىتقان بولسىمۇ ئۇنىڭ دەۋرىدە تۈركىستانىنىڭ بېشىغا بۇچاغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان پالاكەتلەر كەلدى. قۇبىلاي خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چىندە تۇرۇپ

67 چاغاتايچە بوغا ئۇيغۇرچىدىكى كالىنىڭ «بوقا» سى،كېيىكنىڭ «بوغا» سى ئەمەس. «تارىخى رەشىدى» فارسچە نۇ سخىسى 13 - بەتتە «بوغاخان» دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە «بوقاخان» دەپ ئالىدۇ .(ن. ش. ھ .).

ئۆزلىرىنى«پۈتۈن چىڭگىز ئەۋلادىنىڭ قاغانى» ھېساپلىسىمۇ، تۈركىستاندىكى چاغاتاي خاندانى، قىپچاق ئۆلكىسىدىكى ئالتۇن ئوردا(جۇجى) خاندانى خانلىرى ئۇ قاغانلارغا ھېچ بويسۇنماستىن ئۆزئالدىغا مۇستەقىل ياشىدى. ئىراندىكى ئىلخانلار(ھۇلاكۇخاندانى) يالغۇز ئېغىزدا قاغانغا ھۆرمەت قىلاتتى. مانا بۇ سەۋەپلەردىن قاغانلار ھەر زامان چاغاتاي خاندانىنى ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىرىنى بويسۇندۇرۇش پۇرستىنى كۈتەتتى. ئېسەن بوغاخان تەختكە چىققان يىلى قۇبىلاي خانىنىڭ نەۋرىسى«بويانتۇقاغان» موغۇل ۋە چىن ئەسكەرلىرىدىن تەركىپ تاپقان غايەت زور بىرقوشۇن بىلەن تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئېسەن بوغاخان بىلەن ئالتۇن ئوردا خانى توقتاي خان ئارىسىدا دۈشمەنلىك بارئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئالتۇن ئورداخانى قاغان تەرىپىگە ئۆتۈپ، 100 مىڭ كىشلىك بىرقوشۇن بىلەن ياردەم قىلدى. ئېسەن بوغاخان قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، ئۇرۇشقان بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولدى ۋە بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن مۇستەھكەم تاغلىق رايونغا چېكىنىپ، ئۆزىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى خەتەردىن ساقلاپ قالدى. بويانتۇقاغان تۈركىستاندا 2 يىلچە تۇردى ۋە بۇ مەزگىل ئىچىدە قەتلئىام يۈرگۈزۈپ، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلدى. تۈركىستاندا ناھايىتى ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ قەتلئىامدىن ساق قالغان خەلقمۇ ھەرتەرەپكە قېچىپ كەتتى. نەتىجىدە قاغاننىڭ ئەسكەرلىرىمۇئاچلىقتىن ئۆلگىلى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن قاغان چىنگە قايتىشقا مەجبۇربولدى. قاغاننىڭ چىنگە قايتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئېسەن بوغاخان قاچقان يېرىدىن ئەسكەرلىرى بىلەن قايتىپ كېلىپ، يۇرتىنى قولغا ئالدى ۋە ھىجرى 718 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئاكىسى كېپەكخان ئىككىنچى قېتىم خان بولدى. كېپەكخان ھىجرى 721 - يىلى ئۆلدى ۋە ئورنىغا ئىنىسى ئىلچىكداي خان ئالتە ئاي خانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى دۇۋاي تۆمۈرخان خان بولدى ۋە بىرىيىلدىن كېيىن (ھىجرى 722) ئۆلدى ۋە ئورنىغا ئىنىسى تارماشىرخان تەختكە چىقتى[68].

تارماشىرخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىسلام بىلەن مۇشەررەف بولدى ۋە ئۆزىگە ئالائىددىن دېگەن لەقەمنى ئالدى. چىڭگىزخاننىڭ ياساسى(قانۇنى) نى تاشلاپ، ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىپ تەۋەلىكىدىكى باشقا پۈتۈن چاغاتاي خاندانىغا مەنسۇپ شاھزادىلارنى، خان ۋە بەگلەرنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشكە تىرىشقىلى باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن تېخى شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمان بولمىغان دۇغلات خاندانى، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ۋە باشقا چاغاتاي ئەۋلادلىرى نارازى بولۇپ تارماشىرخانغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقىلى تۇردى. تارماشىرخان بۇ ئىسيانلارنى بېسقتۇرۇش ئۇچۇن جىددى بىرھەرىكەت قىلمىدى. ئاخىرى چاغاتاي دۆلىتى ئىككىگە ئايرىلىپ كەتتى.

[68] بەزى مەنبەلەردە ئىلچىكداينى، «ئىلچىگىداي» ۋە تارماشىرخاننى «تارماشىرىخان» دەپ ئالغان. ئە. بايتۇر، 839- بەت (ن. ش. ھ.).

## مۇستەقىل چاغاتاي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى

تارماشىرخان ۋاپات قىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلار مۇستەقىل ياشىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك بىرساھادا ئايرىم ـ ئايرىم ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقتىن بىرلىك يوقتى. تاشقى دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن ھەر زامان يوقىلىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ بىرچاغاتاي ھۆكۈمدارىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بىرلىشىش ئارزۇلىرى بارئىدى.

تارماشىرخان ھىجرى 730 ـ(مىلادى1330 ـ) يىلى جىيەنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن غەربىي تۈركىستاندا بىرئىغىرئىچكىي قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولغان دۇغلات ھۆكۈمدارى پۇلاچى بەگ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تارماشىرخانىنىڭ ئىنىي مۇسۇلمان بولمىغان ئىنىلىرىدىن ئىمال خوجا نى بۇخارادىن قاچۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ كەلدى. چاغاتاي خاندانى ۋە دۇغلات خاندانىغا مەنسۇپ كاتتا كىشىلەر، قەدىمكى تۈرك مۇراسىمى بويىچە ئالملىق شەھرىدە بىريەرگە يىغىلىپ، ئىمال غۇجىنى بىر ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى ۋە «ئىيسەن بوغاخان» دېگەن نامنى بەردي. بۇچاغاتاي خاندانىدىن ئىيسەن بوغاخان ئىسىملىك 2 ـ ھۆكۈمداردۇر[69]. II ـ ئىيسەن بوغاخان ئالملىقتا تەختكە چىقىپ، ئۇزۇنغا قالماي شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلارنى ۋە قەبىلە بەگلىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. تەختكە چىقىشىدا ئەڭ چوڭ ياردەم قىلغان پۇلاچى بەگنى «بەگلەربېگى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئۆزىگە ۋەزىر قىلدى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ئىختىيارىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

II ـ ئىيسەن بوغاخان ئاستا ـ ئاستا ئەسكەرىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، غەربىي تۈركىستاندىكى چاغاتاي ھوكۈمىتى ئۈستىدىمۇ سىياسى نوپۇزىنى تىكلىۋالدى ۋە ئۆزىنى پۈتۈن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ چوڭ خانى دەپ ئېلان قىلدۇردى. كۆرۈنۈشتە غەربىي تۈركىستاندىكى چاغاتاي ھاكىمىيتى ۋە II ـ ئىيسەن بوغاخاندىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەت بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە II ـ ئىيسەن بوغاخانىنىڭ ھاكىمىيىتى مەركىزى ۋە ئاساسلىق ھۆكۈمەت ئىدى. II ـ ئىيسەن بوغاخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ئورنىنى ساقلاپ ھىجرى 741ـ (مىلادى 1310ـ) يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا چىققۇدەك ئوغلى يوقتى. كىچىك خوتۇنىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر دېگەن ئوغلىنى گۆدەك چېغىدا چوڭ خوتۇنى موغۇلىستانغا ھەيدىۋەتكەنىدى. بۇئوغلى، II ـ ئىيسەن بوغاخان ۋاپات بولغاندا سەككىز ياشقا كىرگەنلىكتىن تەختكە چىقىدىغان ۋەلىئەھد يوق، تەخت بوش قالدى. نەتىجىدە يەرلىك ھۆكۈمدار لار ئۆزجايلىرىدا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى باشلىدى. بۇ ھەسەتخورلۇق ۋە ئىچكىي جېدەل ـ ماجىرا سەككىز يىل داۋام قىلدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە پۇلاچى بەگ ئىيسەن بوغاخانىنىڭ نارىسىدە

[69] بەيئەت، ئىسلامدا مۇراسىم بىلەن ھۆكۈمدارغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىغا ئەھدى بايان قىلىش(ن. ش. ھ. ).

ئوغلىنى موغۇلىستاندىن ئېلىپ كېلىپ، تەختكە چىقىرىشنىڭ غېمىدە ئىدى. باشقا يەرلىك ھۆكۈمدارلار بۇنىڭغا قارشى ئىدى. بىرمۇنچە چاغاتاي شاھزادىلىرى تەختكە چىقىشنى تەمە قىلىپمۇ بۇ ئىشقا قارشى چىقىپ، ئۆزلىرىگە تەرەپتار پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ھەرىيەردە جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىپ تۇرغانىدى. بۇ سەككىز يىل ئىچىدە غەربىي تۈركىستان ۋە ئۆكتاي خانىدانى ئوتتۇرىسىدا توختىماستىن قانلىق ئۇرۇشلار بولۇپ تۇردى. ئاخىرى غەربىي تۈركىستان تەختىنى قولغا ئالغان غازان خان (چاغاتاي) شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكىي زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ يەرنىمۇ ئىشغال قىلىش كويىغا چۈشتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمدارلىرى ۋە بىرقىسىم شاھزادىلار غازانخان شەرقىي تۈركىستانىنى ئىستىلا قىلىۋالسا شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ يوقىلىپ تۈگىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېغىر خەتەرنى سەزدى ۋە پۇلاچى بەگ بىلەن بىرلىشىپ، بۇ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارارقىلدى ۋە پۇلاچى بەگنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى.

پولاچى بەگ، تۇغلۇق تۆمۈرنى خانلىق تەختىگە چىقىرىپ شەرقىي تۈركىستاندا كۈچلۈك بىرھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقماستىن تۇرۇپ، ھەرقانداق ئىچكىي ۋە تاشقىي خەتەردىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بۇ يەرلىك ھۆكۈمدار ۋە شاھزادىلارغا چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنى قايىل قىلدى. تۇغلۇقتۆمۈرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن موغۇلىستانغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇكىشى بىرىيل بويىي موغۇلىستاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى بىرىيلدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرنى تېپىپ ئالىملىقا ئېلىپ كەلدى. تۇغلۇق تۆمۈرنى تەختكە چىقىرىشقا تەرەپلەر بىردەك قارار قىلىشتى.

## تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خان بولغانلىقى

ھىجرى 748 ـ مىلادى1347ـ) يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش مۇراسىمنى ئۆتكۈزۈپ، خانلىق تەختىگەچىقاردى. ئۇچاغدا تۇغلۇق تۆمۈرخان 18 ياشقا كىرگەنىدى. تۇغلۇقتۆمۈرخان پۇلاچى بەگنى «بەگلەربىگى» ئۇنۋانى بىلەن پۈتۈن دۆلەت كاتتالىرىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ۋەزىرلىك مەنسەپكە تەيىن قىلىپ، ئالتى شەھەر ۋە ئىسسىقكۆلدىن ئىبارەت دۇغلات خانلىقىنى بەردى. پۇلاچى بەگ بۇ جايلارنى ئىنىلىرى قەمەرىددىن بەگ، شەمسىددىن بەگ ۋە شەيخ دۆلەت بەگنى ۋالى قىلىپ بەلگىلەپ ئىدارە قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھاكىمىيىتىنىڭ 4 ـ يىلى يەنى، ھىجرى 752ـ يىلى مەۋلانا ئەرشىدىن ئىسىملىك بىرئالىمنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پۇلاچى بەگ باشلىق پۈتۈن دۆلەت كاتتالىرىنى ۋە باشقا مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى. تۇغلۇق تۆمۈرخان نۇرغۇن ئالىملارنى ئالىملىقا ئېلىپ كېلىپ، خەلققە ئىسلام ئەھكاملىرىدىن تەلىم بەرگۈزدى. مەۋلانا ئەرشىدىن كېيىنچە تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن

ئىجازەت ئېلىپ،كۇچاغا يەرلەشتى ۋە شۇيەردە ۋاپات بولدى. بۇكىشىنىڭ تۇپراق بېشى ھازىر كۇچانىڭ تەبەررۇك مازارلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۈگۈنگىچە كۇچادا ئۆتكەن دىنى زاتلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇكىشىنىڭ ئەۋلادلىرىدىندۇر. ھىجرى 762 ـ يىلى پۇلاچى بەگ ئالەمدىن ئۆتتى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭ مەنسۇپنى ۋە دۇغلات ھوكۇمدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭ يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى خۇدادادىخانغا بەردى. خۇدادادىخانىنىڭ تاغىسى قەمەرىددىن بەگ ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن بەگلىكنى باشقۇردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىنتايىن پائال ۋە ئەسكىرىي جەھەتتە قابىلىيەتلىك بىرىگىت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندىن كۈنگە ئەسكىرىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇردى ۋە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تولۇق ئىتائەتكە كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان يۇرتتا تىنچلىق ۋە ئامانلىقنى مۇكەممەل يولغا قويدى ۋە پۈتۈن چاغاتاي ئۇلۇسنى ئۆزبايرىقى ئاستىغا ئېلىشقا تەييارلاندى.

## تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ غەربىي تۈركىستانىنى ئالغانلىقى

ھىجرى737ـ (مىلادى 1336 ـ) يىلىدىن باشلاپ، غەربىي تۈركىستاندا چىڭگىزخان نەسلىدىن بولمىغان، بارلاس دېگەن بىرتۈرك قەبىلىسىنىڭ بېگى بولغان ئەمىر قازانخان كۈچلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى. كۆرۈنۈشتە چاغاتاي خانىدانىدىن بىرىنى تەختكە چىقىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققان خاننى دەرھال يوقىتىپ، ئورنىغا باشقا بىرسىنى خان قىلىپ تىكلەيتتى. ئاخىرى ئەمىر قازان ئۆلتۈرۈلدى نەتىجىدە، غەربىي تۈركىستاندا ناھايىتى ئېغىر قالايمىقانچىلىق ۋە باشباشتاقلىق يۈز بېرىپ ئىچكىي ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە بەكمۇ ئۇيغۇن دەپ كۆرۈپ، ھىجرى 760 ـ يىلى چوڭ ۋە غايەت مۇنتىزىم بىر قوشۇن بىلەن غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. غەربىي تۈركىستاندىكى بىر- بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان بەگلەر بۇنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. بارلاس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەمىر ھاجى بارلاس باشلىق بىرقىسىم بەگلەر ئۆز تەۋەسىدىكىلىرىنى ۋە مال مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ ھىرات ۋەكابۇل تەرەپلىرىگە قاچتى. جالايىر قەبىلىسىنىڭ بېگى ، پەرغانە ھۆكۈمدارى بەيازىدبەگ ۋە بارلاس ئېسىلزادىلىرىدىن كېش(يېشىل) شەھىرىنىڭ ھاكىمى تۆمۈربەگ (داڭلىق دۇنيا فاتىھى ئەمىرتۆمۈر[70]) قاتارلىق بىرقانچە بەگلەر تۇغلۇق تۆمۈرخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خان بۇلارغا چوڭ ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، ئۆزجايلىرىنى ئۆزلىرىگە بەردى. شۇنداق قىلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان غەربىي تۈركىستانىنى ھېچ ئۇرۇش قىلماستىن قولغا كىرگۈزدى. لېكىن غەربىي تۈركىستاندا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن پىتنە ـ پاسات ۋە ئىنتىزامسىزلىق نەتىجىسىدە يۇرتتا باشباشتاقلىق ۋەجەمئىيەتتە ئېغىرھالدا تىنچسىزلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇلارنى بىرتەرەپ قىلىش

70 تارىختىكى داڭلىق ھۆكۈمدار تۆمۈر لەڭ يەنى «ئاقساق تۆمۈر» (ن. ش. ھ. ).

ئاسان ئەمەستى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇغلۇق تۆمۈرخان غەربىي تۈركىستاندا ئىككى يىل تۇرۇپ، بۇئىشلارنى تۈزەتىشكە تىرىشتى. بۇ مەزگىلدە تۆمۈربەگ سەمەرقەنتتىكە كېلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قېشىدا تۇرغانىدى. تۆمۈربەگ 23 ياشقا كىرگەن ناھايىتى ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك بىريىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنى يېنىغا ئېلىپ ئۆزىگە سەممىي بىرخادىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن غەربىي تۈركىستانىنى ئىدارە قىلىشقا قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈربەگكە يېشىل شەھرىنىڭ ھاكىملىقىنىڭ ئۈستىگە تۈمەن بەگ(ئونمىڭ ئەسكەرگە قوماندان) لىك مەنسىۋىنى بەردى. ئۇندىن باشقا بارلاس قەبىلىسىنىڭ بەگلىكىنىمۇبىرىپ، ئالتۇن تامغۇلۇق مەنشۇرنامە(يارلىق نامە) ۋە بىرتامغا بەردى. بۇنىڭ بىلەن تۆمۈربەگ غەربىي تۈركىستاندىكى يەرلىك بەگلەرئىچىدە ئەڭ ئۈستۈن ئىمتىيازغا ئىگەكىشى بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ غەربىي تۈركىستاندا ئىككى يىل تۇرۇشى، ئۇيەردىكى ئىسلاھاتلارنى تامامىلىشىغا يەتمىدى ۋە ئالمىلىق ئەترىپىدا چوڭ بىرئىسيان يۈز بەرگەنلىكتىن غەربىي تۈركىستانىنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى تۆمۈربەگ ۋە بەيازىدبەگلەرگە تابشۇرۇپ، ئۆزى شەرقىي تۈركىستانغا قايتتى.

ئىسيانىنىڭ جەريانى مۇنداق: تۇغلۇق تۆمۈرخان بىرىنچى قېتىم سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلغان كۈنلىرىدە ئىككى مەنسەپتارخەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىۋالغانىدى. خان بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارنى جازالىماقچى بولغاندا ئۇئىككى مەنسەپتار ئۆزئادەملىرى بىلەن قېچىپ كەتكەن ۋە ئىلى ئەتراپىدىكى بەزى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ بۇلاڭچىلىق قىلغىلى باشلىغانىدى. دەسلەپتە خان بۇلارنى ئاددى بۇلاڭچىلاردەپ كۆرۈپ، ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ خانلىققا قارشى بىرئىسيان كۆتەرگىدەك ھالى يوقتى. لېكىن، خاننىڭ ئورنىدا ئورۇنباسارخانلىق سۈپىتى بىلەن پايتەختتە تۇرۇپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان بەگلەربىگى پولاچى بەگنىڭ ھىجرى 762 ـ يىلى ۋاپات قىلىشى بىلەن بۇ بۇلاڭچىلار ناھايىتى كۈچلىنىپ، بىر ئىسيانچىلارگورۇھى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ھەريەردە پاراكەندىچىلىك سېلىپ، بارغانسىرى پايتەخت ئالمىلىققا تەھدىت سالغىلى باشلىدى. مانا بۇسەۋەپتىن خان غەربىي تۈركىستاندىكى ئىسلاھات ئىشلىرىنى چالا قويۇپ قايتىپ كەلگەنىدى. بىريىل داۋام قىلغان شىددەتلىك قوغلاپ يۈرۈپ يوقىتىش ئۇرۇشى نەتىجىسىدە ئىسيانچىلارنى يوقاتتى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان شەرقىي تۈركىستاندا ئىسيانچىلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىشكە مەشغۇل بولىۋاتقان كۈنلەردە ھاجى بارلاس بەگ ۋە باشقا قېچىپ كەتكەن بەگلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي تۈركىستانغا كەلدى ۋە ھاجى بارلاس سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىۋالدى. جالايىر قەبىلىسىنىڭ بېگى بەيازىد بەگمۇخاندىن يۈزئۆرۈپ، باشتارتىپ چىقتى. ئەمما، تۆمۈربەگ خاننىڭ بىر ۋاپادارخادىمى سۈپىتى بىلەن ھاجى بارلاس ۋە بەيازىد بەگلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى. ھاجى بارلاس تۆمۈربەگنى يوقىتىش ئۈچۈن بىرھىلە بىلەن سۇيىقەست ئېلىپ بارغان بولسىمۇ مۇۋەپپەق بولالمىدى. بەيازىد بەگ

بۇمۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن كېيىن ھاجى بارلاستىن ئايرىلىپ كەتتى. ئاخىرى بارلاس بەگ پۈتۈن كۈچى بىلەن تۆمۈربەگنى يوقىتىش ئۈچۈن، يېشىل شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. تۆمۈربەگ «مەن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئادىمى، قولۇمدا ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن يارلىقنامىسى بار. ھاجى بارلاسقا بويۇن سۇنمايمەن» دەپ قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشۇپ ئاخىرى ھاجى بارلاسنى مەغلۇپ قىلىپ، سەمەرقەنتكە قاچۇردى. تۆمۈربەگ قوغلاپ سەمەرقەنت يېقىنلىرىغا بارغىنىدا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بارلاس قەبىلىسىدىكىلەر يۈز ئۆرۈپ ھاجى بارلاس تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. نەتىجىدە، تۆمۈربەگنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى ۋە بالاچاقالىرىنى ئېلىپ كابۇلدىكى قېيىن ئاتىسى ئەمىر ھۆسەيىننىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى. ئەمىرھۆسەيىن بىلەن بىرلىشىپ كابۇل ئەتراپىدىكى ئافغان قەبىلىلىرىدىن ۋە باشقا تۈرك قەبىلىلەردىن ئەسكەر يىغىپ غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى ۋە ھاجى بارلاسنى مەغلۇپ قىلىپ، تۆمۈربەگ يېشىل شەھەرنى ئەمىرھۆسەيىن سەمەرقەنتنى ئىگەللەپ ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈربەگ بىلەن ئەمىرھۇسەيىن بىرتەرەپ، ھاجى بارلاس بىلەن بەيازىد بەگ بىرتەرەپ بولۇپ ئوتتۇرىدا دەھشەتلىك بىرئىچكىي ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. بۇجېدەل تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ «بىرمۇنچە قوشلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاسماندىن تۇيۇقسىز بىرتاش چۈشكەندەك» قىلغان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا قەدەر داۋام قىلغان. ھىجرى 764- (مىلادى 1363-) يىلى توغلۇق تۆمۈرخان زور بىر ئەسكىرى قوشۇن بىلەن غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. خان بۇقېتىمقى يۈرۈشتە، ئىسيانچىلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ غەربىي تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيىتىنى تامامەن ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئۇ يەردە يىللاردىن بىرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پىتنە - پاسات ۋە قان تۆكۈلۈشلەرنى قەتئىي تۈگىتىشنى مەقسەت قىلغان جىددى بىر پىلان بىلەن كەلگەندى. خان خوجەندگە كېلەر- كەلمەس بەيازىد بەگنى ئالدىنقى قېتىم باشباشتاقلىق قىلىپ ھاجى بارلاس بىلەن بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن ئەيىپلاب ئۆلتۈردى. ھاجى بارلاس ۋە ئەمىرھۇسەيىن خاننىڭ قاراۋۇل قىسىملىرى بىلەن ئازراق توقۇنۇشۇپ قاچتى ۋە شۇ قاچقىنىچە كابۇلغا بېرىپ توختىدى. تۆمۈربەگ بولسا بۇرۇنقىدەك ئىتائەتكارلىق مەيداندا تۇرۇپ، خاننى قارشى ئالدى.

توغلۇق تۆمۈرخان دەسلەپتە تۆمۈربەگنى سەمەرقەنتكە ۋالىي تەيىن قىلىپ، كېيىنچە ۋالىلىقتىن ئېلىپ تاشلىدى. باشقا پۈتۈن مۇخالىپلىرىنى ھېچبىرىنى قويماي يوقاتتى. بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلغانلارغىمۇ بۇرۇنقىدەك ھوقۇقنى بەرمەي ھەرئىشنى مەركەزگە تەۋە ھاكىم ياكى بىر ھەربىي قوماندانغا باغلىدى. تۆمۈربەگ بۇقېتىم خاندىن چوڭ بىرمەنسەپ تەمەقىلغانىدى. لېكىن، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭغا بۇرۇنقى مەنسەپلىرىدىن يېشىل شەھىرىنىڭ ھاكىملىقى ۋە بارلاس قەبىلىسى ئۈستىدە تۇمەن بەگلىكتىن باشقا مەنسەپ بەرمىدى. تۆمۈربەگنىڭ كېيىنچە تۇغلۇق تۆمۈرخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرىدىن بىرى بۇ بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوغلى ئىلياس خوجا ئوغلاننى غەربىي تۈركىستانغا ئومۇمىي ۋالى تەيىنلەپ

كىچىك بەگ ئىسمىلىك بىر قوماندانىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئەسكەرلەر بىلەن سەمەرقەنتتە قويدى. پۈتۈن چېگرا ۋە شەھەرلەرگە ھاكىم بەلگىلەپ، ئۆزى ھىجرى 765- (مىلادى 1363-) يىلى ئالمىلىققا قايتتى.

## تۆمۈربەگنىڭ ئىسيانى

تۇغلۇق تۆمۈرخان كەتكەندىن كېيىن تۆمۈربەگ ئىسيان كۆتۈرۈش ئۈچۈن، پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى. ئىلياس خوجا ئوغلان ۋە كىچىك بەگ باشلىق ئەسكىرىي ۋە مەمۇرىي كىشىلەر موغۇللارنىڭ ئادىتىنى قىلىپ، كۆپىنچىسى تۈرك ۋە مۇسۇلمان بولغان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قۇل قىلىپ ساتقىلى باشلىدى. غەربىي تۈركىستان خەلقى بۇ مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇل قىلىش ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشقا قاتتىق نارازى بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك بەگ بەك زالىم بىرئادەم ئىدى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىشىنى توسمايتتى. ئىلياس خوجا ئوغلان ياش ۋە مەغرۇر بىرشاھزادە بولۇپ، داۋاملىق ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۇسەۋەپلەردىن غەربىي تۈركىستان ئاھالىسى ئىچىدە ئىلياس خوجائوغلان بىلەن كىچىك بەگكە بولغان نەپرەت ئارتماقتا ئىدى.

تۆمۈربەگ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دوست ۋە يېقىن يۇرۇقلىرىنى مەخپىي ھالدا ئىسيانغا تەشۋىق قىلغىلى باشلىدى ۋە يەنە بىرتەرەپتىن خەلقنى ئۆزىگە جەلب قىلىشقا تىرىشتى. ھىجرى 765 - يىلى تۆمۈربەگ يېشىل شەھەر ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئەسىرلەرنى زوربىلەن تارتىۋېلىپ ئازات قىلغىلى باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىلياس خوجا ئوغلان خانغا خەت يېزىپ تۆمۈربەگنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى «خەلقنى ئىسيانغا تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. خان تۆمۈربەگنى يوقىتىشقا ئەمر قىلدى. تۆمۈربەگ بۇ ئۇيرۇقتىن خەۋەر تېپىپ، بىر كېچىدە ئالاچاقالىن ۋە 25 كىشىلىك ھەمراھلىرىنى ئېلىپ قاچتى. ئامۇدەرياسىدىن ئۆتۈپ مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن قىيىنچىلىقتا ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن بىرلەشتى. ئافغانىستان ۋە بەلخ ئارىسىدا يۈرۈپ، ئۆزىگە تەرەپتار توپلاپ 5-6 مىڭ كىشىلىك بىر قوۋۋەت يىغدى. بۇ كۈچ بىلەن ئەمىرھۈسەيىن ۋە تۆمۈربەك ئامۇ دەرياسىغا يېقىن بەلخ ئەتراپىدا بىريەرگە يەرلەشتى. تۆمۈربەگ بۇ كۈچ بىلەن غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ مەقسىدى بۇ كۈچ بىلەن ئاستا - ئاستا غەربىي تۈركىستاندىكى تەرەپتارلىرىنى كۆپەيتىپ ۋە يېنىغا توپلاپ، يېتەرلىك مىقداردا قۇۋۋەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىش ئىدى. لېكىن، ئەمىرھۈسەيىن تۆمۈربەگكە مەسلىھەت سالماستىن ئامۇدەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىلياس خوجا ئوغلاننىڭ چېگرا قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئېغىر ھالدا مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ ئاران تۆمۈربەگنىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. ئەمىرھۈسەيىننىڭ بۇ ۋاقىتسىز ھۇجۇمى ۋە مەغلۇبىيىتى تۆمۈربەگنىڭ پىلانلىرىغا چوڭ زەربە بولدى. يەنە ئۇ تەرەپتىن ئىلياس خوجائوغلاننى ئويغىتىپ قويدى ۋە ئۇ ئامۇدەرياسىنىڭ

ئۇتەرەپىدە كۆچلۈك بىردۈشمەن بارلىقىنى بىلىپ، دەرھال كىچىك بەگ قوماندانلىقىدا دەريا بويىغا 20000 كىشىلىك بىركۈچ يوللىدى.

## تاشكۆرۈك ئۇرۇشى

ئەمىرھۇسەيىنىنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيىتى تۆمۈربەگ ئۈچۈن ئۈمىتسىزلىك كەلتۈرىدىغان بىرھادىسە ئىدى. لېكىن، جاھانگىرلىك تەبىئىتى بىلەن يارىتىلغان تۆمۈربەگ بۇ ھادىسىدىن ھېچ تەسىرلەنمىدى ۋە دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، پاراكەندە بولۇپ چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى مۇمكىنقەدەر توپلىدى. ئۇندىن باشقا غەربىي تۈركىستاندىكى ۋە باشقا يەرلەردىكى تەرەپتارلىرىنى بىرئامال قىلىپ، يېنىغا تارتىشقا تىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، قىسقا بىرۋاقىت ئىچىدە خېلى كۈچ توپلىدى. تۆمۈربەگ بۇ قۇۋۋەت بىلەن بىر ئاز ئىلگىرلەپ ئامۇ دەرياسىنىڭ تاشكۆرۈك دېگەن كېچىگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، يەرلەشتى. ئۇ تەرەپتىن كىچىكبەگ پۈتۈن يول ئېغىزلاردا ئەسكەر قويۇپ، ئۆزى ئاساسى قىسمىنى ئېلىپ، تاشكۆرۈكنىڭ ئۇ تەرەپىگە كەلدى ۋە تۆمۈربەگنىڭ كۈچى ئۆزىنىڭ كۈچىگە قارىغاندا ئازئىكەنلىكىنى سېزىپ دەريادىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلىشنى لازىم كۆرمەي تۇردى.

تۆمۈربەگ شۇ ھالەتتە بىرئاينى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئەمىرمۇسا دېگەن قوماندانىنى 500 ئەسكەر بىلەن تاشكۆرۈكتە قويۇپ ئۆزى پۈتۈن ئەسكىرىنى ئېلىپ، بىركېچىدە مەخپىي ھالدا ئاياغ تەرەپتىن ئامۇدەرياسىدىن ئۆتۈپ، كىچىكبەگنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ۋە ھەممە ئىگىزلىكلەرنى ئىگىلىۋالدى. كىچىكبەگ ئەرتىسى ئۆزىنىڭ دۈشمەن قورشاۋى ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆردى. لېكىن بۇنىڭغا ھودۇقۇپ قالماستىن كەچكىچە شىددەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۆز سېپىنى ساقلاپ قالدى . كېچىسى تۆمۈربەگنىڭ چارچاپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنىڭ دەم ئېلىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كەتتى. شۇ ھالەتتە ئەمىر ھۇسەيىن نۇرغۇن ئافغان ۋە تۈرك ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، تۆمۈربەگنىڭ ياردىمىگە يېتىپ كەلدى. ئۇندىن باشقا غەربىي تۈركىستاندىن بىرقىسىم قەبىلىلەر ھەتتا قولىغا ياراغ ئالالىغۇچىلىكىمۇ بولمىغان ئەر- ئاياللاردىن بىرقانچە مىڭ كىشى ياردەمگە يېتىشتى. بۇنىڭ بىلەن تۆمۈربەگنىڭ كۈچى كىچىكبەگنىڭ كۈچىدىن ئېشىپ كەتتى ۋە بۇكۈچ بىلەن تۆمۈربەگ كىچىكبەگنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغىلى باشلىدى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان تۆمۈربەگنىڭ مۇنتىزىم ئەسكەرلىرىنىڭ ۋە ياندىن ئۇرۇۋاتقان غەربىي تۈركىستانلىق ئىنتىزامسىز پىدائىيلارنىڭ زەربىسىدىن گاڭگىراپ كەتكەن كىچىكبەگ قېچىشنىڭ يولىنى تۇتتى. تۆمۈربەگنىڭ كۈندىن كۈنگە ئېشىۋاتقان كۈچىنى كۆرگەن ئىلياس خوجا ئوغلان ئۆزىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن غەربىي تۈركىستاننى بوشىتىپ چىقىپ كەتتى ۋە سىردەرىيادىن ئۆتۈپ، پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ مۇداپىئەدە تۇردى. تۆمۈربەگ بىلەن ئەمىرھۇسەيىنمۇ كېلىپ، دەريا بويىغا چۈشتى.

بىر رىۋايەتكە كۆرە بىركۈنى ئىلياس خوجا ئوغلان دەريا بويىدا ئاتلىق يۈرۈۋاتقانىكەن تۆمۈربەگ بىلەن ئەمىرھۇسەيىن دەريا بويىغا كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشكەن ھالدا قارشى قىرغاقتا تۇرۇپلا تازىم بىلەن سالام بېرىپ، ئېھتىرام مۇراسىمىنى بەجاكەلتۈرگەن.

## ئىلياس خوجائوغلاننىڭ خان بولغانلىقى

ھىجرى767-(مىلادى 1365-) يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولدى. ئۇتېخى ياش، ناھايىتى ئەقىللىق، ئادىل ۋە سىياسەتتە بىرداھى ئىدى. ئۇ دەۋردە چىڭگىزخاندانى ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن باشقىلىرى مۇنقەرىزلىككە يۈز تۇتۇپ، چۆكۈش دەۋرىنى ياشىماقتا بولۇپ، ئەھمىيىتىنى يوقاتقانىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان دۆلەتنى يېڭىدىن جانلاندۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدى. ئۆنىڭ بۈيۈك جاھانگىرلىك پىلانلىرى بار ئىدى. لېكىن، 36 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، بۇ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ئاخىردا بۇمەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇنىڭ دۈشمىنى تۆمۈربەگكە نېسىپ بولدى.

تۇغلۇقتۆمۈرخان ۋاپات بولغىچە ئىلياس خوجائوغلان بىلەن تۆمۈربەگ ئارىسىدا ئۇرۇش بولمىدى. خاننىڭ ئۆلۈم خەۋەرى كەلگەن زامان ئىلياس خوجا ئوغلان كىچىكبەگ ۋە باشقا 2 قوماندانىنى يېتەرلىك مىقتاردا ئەسكەر بىلەن قويۇپ ئۆزى ئالمىلىققا قايتىپ ئۇ يەردە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ خانلىق تەختىگە چىقتى. بۇئارىدا تۆمۈربەگ بىلەن كىچىكبەگ ۋە ئەمىرھۇسەيىن ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىپ، ئاخىرى خاننىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. كىچىكبەگ ۋە باشقا قوماندانلار باشلىق نۇرغۇن ئەسكەرلەر تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئەسىرچۈشتى. تۆمۈربەگ بۇلارغا ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ۋە خاننىڭ تۈزىغا بولغان ۋاپادارلىقلىرى ئۈچۈن ناھايىتى كاتتا بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالدى. زىياپەتتە تۆمۈربەگ، كىچىكبەگدىن «سىلىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمنى ئۈمىت قىلىسىلار؟» دەپ سورىغىنىدا، كىچىكبەگ ھېچ ھاياجانلانماي پەرۋاسىزتۇرقى بىلەن «بىزگەقانداق مۇئامىلە قىلىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىكى ئىش. ئۆلتۈرسەڭ، ئىنتىقام ئالغان بولىسەن. قويۇۋەتسەڭ، ئۆز پايداڭنى كۆزلىگەن بولىسەن. ئەمما، بىز ئۈچۈن، ھەرئىككىسىنىڭ پەرقى يوق. چۈنكى؛ بىز بىلىمىزگە قىلىچ ئاسقان كۈندىن باشلاپ، ئۆلۈمگە ئۆزىمىزنى تىككەن ئىدۇق» دەپ جاۋاپ بەرگەن. تۆمۈربەگ بۇنداق جاسارەتلىك جاۋابتىن تەسىرلىنىپ ئۇلارنىڭ ياراغلىرىنى ۋە ئاتلىرىنى بېرىپ ئازات قىلىپ، ئالمىلىققا ئەۋەتىۋەتكەنىكەن. ئۇندىن كېيىن تۆمۈربەگ بىلەن ئەمىرھۇسەيىنمۇ سەمەرقەنتكە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى، ئافغانىستاننىڭ كابۇلغىچە ۋە غەزنىنىڭ يېرىمىنى ئىشغال قىلىپ، ئورتاق ھۆكۈمرانلىقلىرى ئاستىغا ئالدى. ئىلياس خوجا ئوغلانخان تەختكەچىققان كۈندىن باشلاپ كۈچلۈك، مۇنتىزىم ۋە تولۇق قوراللانغان بىرئەسكىرىي قۇۋۋەت تەييارلاپ، تۆمۈربەگ ۋە ئەمىرھۇسەيىننى قەتئىي سۈرەتتە مەغلۇپ قىلىپ،

غەربىي تۈركىستاننى چوقۇم قولغا كەلتۈرۈشنى ئەڭ مۇھىم مەقسىدى قىلدى. تۆمۈربەگ ۋە ئەمىرھۈسەيىنمۇ يېڭىدىن قۇرۇپ چىققان بۇدۆلىتى ئۈچۈن ھەر زامان ئەڭ كۈچلۈك ۋە دائىمىي بىرخەۋپ دەپ ھېساپلاپ ئىلياس خوجا ئوغلانخانغا ھېچ ئارام بەرمەي داۋاملىق قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ئاجىزلاشتۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار غەربىي تۈركىستان خەلقى ۋە ئافغانىستاندىكى ئافغان ۋە غورىي قەبىللىرىدىن تەشكىللەنگەن غايەت زور ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ھىجرى 767 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۈرۈش قىلىپ، سىردەريا بويىغا كەلدى ۋە دەريادىن ئۆتۈپ خانىنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇب قىلىپ ئىگىرىلىگىلى باشلىدى. ئۇتەرەپتىن ئىلياس خوجائوغلانخان مۇنتىزىم ۋە تولۇق قوراللانغان غايەت چوڭ بىرقوشۇن بىلەن ئالمىلىقتىن يولغاچىقىپ ھەرئىككى قوشۇن تاشكەنت يېقىنلىرىدا ئۇچراشتى ۋە ئۇرۇشقا تەييارلاندى.

بۇئىككى بۈيۈك ئەسكىرىي قۇۋۋەتنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا بەزى تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلغان مۇلاھىزىلارنى ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرى سان جەھەتتە ئىلياس خوجا ئوغلانخانىنىڭكىدىن خېلى كۆپ ئىدى. لېكىن، ھەربىي سۈپىتى جەھەتتە ئىلياس خوجائوغلانخانىنىڭ ئەسكەرلىرى بەك ئۈستۈن تۇراتتى. چۈنكى خانىنىڭ ئەسكەرلىرىدە ياخشى بىرتەرتىپ - ئىنتىزام قائىدىسى يولغا قويۇلغان بولۇپ،كۈچلۈك ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق ھەربىي تەجرىبىلىرى مۇكەممەل، تولۇق قورالانغان، قوماندانلىرىغا ئىتائەتكار، مىللىتىگە ۋەتىنىگە سادىق بىرمىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئەمما، تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىدە بۇ سۈپەتلەر بەك ئاز ئىدى. تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاساسى قىسمى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرىدىغان بىرقىسىم ماشايىخلارنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن كېلىپ قوشۇلغان «ئەلئامان» چى پىدائىلار، ئۇرۇشنى ئۇزاقتىن ئىشتكەن، ئەمما، ھېچ ئۇرۇش كۆرمىگەن ئافغان ۋە غورىي قەبىلىسىدىن تەركىپ تاپقان ھەربىي سالاھىيىتى يوق كىشىلەر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكلىرى ۋە بەزى رۇھانىي مەدەتكارلىرىغا ئىشىنىپ غەلىبە قىلىدىغانلىقلىرىدىن شۈبھى قىلمايتتى. ئەمما، تۆمۈربەگ بىلىملىك ۋە تەجرىبىلىك بىرھەربىي كىشى بولغانلىقىدىن يۇقىرىقى پەرقنى بىلەتتى. ئاز بولسىمۇ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى بىرقىسىم ھەربىي سالاھىيىتى باربولغان ئەسكەرلەرنى توپلاپ، ئەسكىرى مانېۋېر بىلەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئۈمىت قىلاتتى.

ئۇرۇش باشلار - باشلىماس بىردىن ھاۋا بۇزۇلدى ۋەگۈلدۈرماما بىلەن چاقماق چېقىلىپ شىددەتلىك بوران چىقىپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ قاتتىق يامغۇر يېغىش بىلەن قورقۇنچ بىر ۋەزىيەت بارلىققاكەلدى ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا مەيدانلەر پاتقاق دېڭىزىغا ئايلىنىپ، ئادەم ۋە ئاتلار ماڭالماي قالدى. بۇھالەتتە ئۇرۇش داۋام قىلىپ كەچكە يېقىن ئالدى بىلەن ئەمىر ھۈسەيىن ئېغىرمەغلۇبىيەتكە

ئۇچراپ مەيداندىن قاچتى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۆمۈربەگمۇ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. ئەتىسى تۆمۈربەگ ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، قايتارما ھۇجۇمغا تەييارلاندى. يامغۇر تۈنۈگۈنكىدەك توختىماستىن يېغىپ تۇراتتى. شۇنداق بىر پەيتتە ئىلياس خوجائوغلانخاننىڭ ئەسكەرلىرى تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ دەھشەتلىك بىر قىلىچۋازلىق ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. ئاخىرى تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى قىرىلىپ تۈگىدى، تۆمۈربەگ قاچتى ۋە شۇ قاچقانچە سەمەرقەنتكە بېرىپ توختىدى.

تۆمۈربەگنىڭ تۈزىنى يىگەن ۋەقەنۋىسلەر ۋە ئۇلارغا تەۋە بەزى تارىخچىلار بۇمەغلۇبىيەتنىڭ مۇنداق ئىككى خىل سەۋەپتىن بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا: (1) موغۇل سېھىرگەرلىرى يادا قىلىپ يامغۇر ياغدۇرغان.[71] (2) ئەمىرھۇسەيىن غەيرەتسىزلىك قىلىپ قېچىپ كەتكەن.

تۆمۈربەگ سەمەرقەنتىمۇ ئەسكەرلىرىنى توپلىيالمىدى. خەلقنى مۇداپىئەگە تەشۋىق قىلىپ «پات يېقىندا كۈچ توپلاپ قايتىمەن» دەپ ۋەدە قىلىپ يېشىل شەھەرگە كەتتى. ئىلياس خوجا ئوغلانخان ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، سەمەرقەنتنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان تۆمۈربەگ خاندىن مۇداپىئە قىلىشقا كۈچى يەتمەسلىكىنى چاغلاپ، يېشىل شەھەرنى تاشلاپ، ئادەملىرى بىلەن قاچتى ۋە ئامۇدەرىيادىن ئۆتۈپ بەلخكە يېقىن بىرجايدا توختىدى. خان سەمەرقەنتتىن باشقا غەربىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن شەھەرلىرىنى ئالدى. سەمەرقەنت قەلئەسى بەك مۇستەھكەم بولغانلىقى ۋە خەلقنىڭ قوراللانغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئەقىلدى. شۇنداق بىر پەيتتە شەرقىي تۈركىستاندا چوڭ بىرئىسيان كۆتۈرۈلۈپ، خان سەمەرقەنت ئەتراپىدا ۋە باشقا جايلاردا يېتەرلىك ئەسكەرقويۇپ ھىجرى 768 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستانغا قايتتى.

## شەرقىي تۈركىستاندا ئىسيان

ئىلياس خوجا ئوغلان خان ئەسكىرى ئىنتىزام ۋە ھەربىي پەن جەھەتتە خېلى ماھىربولسىمۇ يېشى كىچىك، مەغرۇر ۋە سىياسى جەھەتتە تەجرىبىسىز بىرىگىت ئىدى. ئۇدۆلەت ئىشلىرىدا ياش يىگىتلارغا ئېتىبار بېرىپ، يۇرتنىڭ نۇپۇزلۇق ۋە تەجرىبىلىك پېشقەدەملىرىنى چەتكە قاقتى ۋە ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇلاردىن مۇھىم بولغانلىرىدىن بىرىنى مىسال قىلىپ ئۆتىمەن:

تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىسىدا دۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئادەملىرىدىن ۋە ئەڭ تەدبىرلىك كىشلىرىدىن بولغان دۇغلات قەمەرىددىن بەگ، دۇغلات شەمسىددىن بەگ ۋە دۇغلات شەيخدۆلەت بەگلەرنى ئىشتىن چىقىرېۋەتتى. بۇلارنىڭ ئورنىغا بۇرادەرزادىلىرىدىن ئەمدى 20 ياشقا كىرگەن خۇدا دادىخاننى

[71] يادا قىلىش ـ سېھىرجادۇ قىلىش (ن . ش. ھ.).

بەگلەربېگى ھەم دۇغلات بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇلارغا ئوخشاش بىرقانچە ئىدارىي ۋە سىياسى خاتالىقلار ئۆتكۈزۈپ، يۇرتنىڭ كاتتىلىرىدىن تولىسىنى نارازى قىلدى. ئىش بېشىغا چىققان ياش ئادەملەرنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن دۆلەت ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ مەملىكەتنىڭ ئىچكىي ئىنتىزامى بۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلياس خوجائوغلانخاننىڭ ھۆكۈمىتىدىن زېرىككەن كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى.

ئىلياس خوجائوغلانخان يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، تاشكەنت ئۇرۇشى بىلەن پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كېتىپ تەخمىنەن بىرىيل مەركەزدىن ئۇزاقلاشقانىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان قەمەرىددىن بەگ باشلىق خانغا نارازى بولغان بەگلەر بىرلىشىپ كۈچ توپلاپ، ئىسيان چىقاردى. شىمالدىكى جەڭگىۋار قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەمەرىددىن بەگكە قوشۇلدى ۋە ھىجرى 768 - يىللىرى ئالمىلىققا ھۇجۇم قىلغىلى باشلىدى. ئىلياس خوجا ئوغلانخان بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ سەمەرقەنتنى پەتھى قىلىشنى قويۇپ ئالمىلىققا كەلدى ۋە ئىسيانچىلار بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. غەربىي تۈركىستاندا قالدۇرۇپ قويغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىسيانچى قەبىلىلەرگە مەنسۇپ كىشىلەر بولغانلىقتىن بۇلار قېچىپ كەلگىلى تۇردى. يەنە بىرتەرەپتىن غەربىي تۈركىستاندا ئات ۋاباسى تارقىلىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلىرى ئۆلگىلى باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاتسىز قالغان ئەسكەرلەر پىيادە ئۇرۇش قىلىشنى ئىمكانسىز كۆرۈپ، غەربىي تۈركىستاننى تاشلاپ ھەممىسى قايىتتى. نەتىجىدە غەربىي تۈركىستاندا ئەسكەرقالمىغاندىن كېيىن ئەمىرھۇسەيىن كېلىپ، سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى ئىگىلەپ ئۆزىنى ھۆكۈمدار ئېلان قىلدى، تۆمۈربەگ ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ قالدى.

ئىلياس خوجائوغلانخان بىلەن ئىسيانچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش خېلى ئۇزۇن بىرمۇددەت داۋام قىلىپ ئاخىرى قەمەرىددىن بەگ غالىپ كېلىپ، ئىلياس خوجا ئوغلانخان ۋە خاندانىدىن 18 شاھزادە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قەمەرىددىن بەگ قەشقەر، ئۇچ، يەركەن،خوتەن، ئىسسىقكۆل ئەتراپى، ئىلى ۋادىسى ۋە يەتتەسۇقاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمدارى بولدى ۋە قەشقەرنى پايتەخت قىلدى. ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا ئاكىسى شەمسىددىن بەگنى ۋە يەتتەسۇغا ئىنىسى شەيخدۆلەت بەگنى ۋالىي قىلدى. ئىلىدا يەرلىك بەگلەر قەمەرىددىن بەگكە ۋاكالىتەن ھۆكۈمەتنى باشقۇردى. بەگلەربېگى خۇدادادىخان باشلىق ئىلياس خوجا ئوغلان تەرەپتارلىرىنىڭ ھەممىسى ئېغىرھالدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ۋە ئىلياس خوجائوغلانخاننىڭ ئىنىسى خىزىرخوجائوغلانخاننى بىرگە ئېلىپ كۇچاغا قېچىپ كەتتى. خۇدادادىخان كۇچاغا كېلىپ، چالىشنىمۇ ئىشغال قىلدى ۋە ئىستىقلال ئېلان قىلدى. (موغۇلچە قاراشەھەرنى«چالىش» ۋەكۇچا نى«كۇسەن» دەپ ئاتايتتى). بۇئارادا ئۇيغۇرئىدىقۇتمۇ مۇستەقىل بولدى. بۇ پارچىلىنىشلار نەتىجىسىدە ھىجرى771- يىلىغا كەلگەندە قىپچاقىسى ئەمىرھۇسەيىن بىلەن تىركىشىۋاتقان تۆمۈربەگنىڭ ھۇجۇملىرىدىنمۇ قۇتۇلۇپ، ئىچكىي

ئۇرۇش ئاياغلاشتى. تۆمۈربەگ ھىجرى 771 ـ يىلى ئەمىر ھۈسەيىننى يوقىتىپ، پۈتۈن غەربىي تۈركىستاننى ۋە شىمالىي ئافغانىستاننى ئىگەللەپ، داغدۇغىلىق بىرمۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى ھۆكۈمدار ئېلان قىلدى. بۇيەردە شۇنى ئەسكەرتىشنى خالايمەنكى، تۆمۈربەگ ئۆزىگە ھېچقاچان بىرئۇنۋان قوبۇل قىلمىغان. «ئەمىر» تۆمۈربەگنىڭ ئۇنۋانى ئەمەس، بەلكى، تۈركچە«بەگ» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئەرەپچىسى بولۇپ، تولاراق ئىرانلىق تارىخچىلار قوللانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بوكىتابىمدا تۆمۈر بەگ دەپ يازدىم. تۆمۈربەگنىڭ «كورگان» يەنى ھۆكۈمدارنىڭ كۈيئوغلى دېگەن ئۇنۋانى بارلىقى رىۋايەت قىلىندۇ.

بۇتارىخلاردا شەرق دۇنياسىدا، غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرىقى تارىخىي ھادىسىلەردىن باشقا يەنە ناھايىتى مۇھىم ۋەقەلەر يۈزبەرگەن. ھىجرى 772 ـ(مىلادى1370ـ) يىلى چىندە موغۇل قاغانلىقى يىقىلىپ، چىن «مىڭ» سۇلالىسى ئىمپېراتورلۇقى قۇرۇلدى ۋە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن چىن ئىمپىراتورلۇقى ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ۋىلايىتى بولۇپ كەلگەن ئۈچ ئىل (بۈگۈنكى سۇجۇ ۋە دۇڭخۋاڭ)، قۇمۇل ۋە باركۆلنى ئىدىقۇتتىن تارتىۋالدى. ھىجرى 800 ـ يىلىغىچە قۇمۇل ۋە باركۆل چىن ئىشغالىيىتىدە قالدى.

## شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمدارلىرى ۋە تۆمۈربەگ ئوتتۇرىسىدا 10 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش

تۆمۈربەگ ھۆكۈمداربولغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كۈچىنى ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەۋپ دەپ تونۇماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇكۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ياكى ھېچ بولمىغاندا بۇلارنى غەربىي تۈركىستان چېگرالىرىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ئۇنىڭ بىردىن ـ بىرمەقسىدى ئىدى. بۇمەقسەدنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ تۆۋەندىكى ئىككى خىل يولنى تۇتتى:

1 ـ غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى بىرلىكىنى، دىنىي ۋە مەزھەپ ئىتتىپاقى ۋە باغلىنىشلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە «چەتەموغۇل» يەنى، ئىسيانكار ياكى يولدىن ئازغان موغۇل دېگەن نامنى ئىجاد قىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى دىنسىز ياكى ئىسلامنىڭ يولىدىن ئۇزاقلىشىپ كەتتى دەپ يالغان تەشۋىق تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە غازات قىلىشنى پەرزدەپ ئېلان قىلدى. 2 ـ سىردەريا بويىغىچە سوزۇلغان قەمەرىددىن بەگنىڭ مەملىكىتىگە ھەردائىم ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالماقتا ئىدى. قەمەرىددىن بەگنىڭ قاتتىق تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلىشى نەتىجىسىدە بەزىدە تۆمۈربەگ بەزىدە قەمەرىددىن بەگ غالىپ كېلىپ ئۇرۇش تەخمىنەن 10 يىل داۋام قىلغاندى. مەسىلەن: ھىجرى 771 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرى سىردەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قەمەرىددىن بەگنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم قىلغىلى باشلىدى. قەمەرىددىن بەگ ئېلى

ۋادىسىدىكى قەبىلەبەگلىرىدىن كېپەك تۆمۈربەگ، شىرئاۋۋەل بەگ ۋە ھاجىبەگلەر بىلەن بىرلىشىپ، خېلى كۈچلۈك بىرقوشۇن بىلەن سىردەريا بويىغا يۈرۈش قىلدى. تاشكەنتكە بارغاندا ھاجىبەگ بىلەن ئارىلىرىدا ئىختىلاپ پەيدا بولغانلىقتىن ئىتتىپاقلىرى بۇزۇلۇپ پارچىلىنىپ كېتىپ، قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن تۆمۈربەگ كېلىپ تاشكەنت ۋە ئۆرەتۆپە قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ تېخىمۇ ئىلگىرلىدى. ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي تەرىپىگە كەلگەندە قەمەرىددىن بەگ زوربىرقوشۇن بىلەن قەشقەردىن يۈرۈش قىلىپ يېتىپ كەلدى. شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن تۆمۈربەگ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. قەمەرىددىن بەگ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىپ تاشكەنتكىچە بېرىپ، تۆمۈربەگ ئىشغال قىلىۋالغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋالدى. ھىجرى 772ـ(مىلادى1370ـ) يىلى تۆمۈربەگ بىرئوغلىنى نۇرغۇن ئەسكەربىلەن ئۆزكەنت يولى ئارقىلىق نارىن ئۆلكىسىگە يوللىدى. نارىن خەلقى قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىپ، تۆمۈربەگنىڭ ئوغلىنى ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. بىرىيىل ئۆتكەندىن كېيىن تۆمۈربەگ شەيخ ئەلى باھادۇر ۋە سەيفۇلمۇلك ئىسىملىك قوماندانلىرى باشچىلىقىدا نارىنغا ھۇجۇم قىلىپ ئىشغال قىلدى ۋە دەھشەتلىك قەتلىئام ئېلىپ بېرىپ خەلقنى ئۆلتۈرۈپ مال مۈلكلىرىنى ئولجا ئېلىپ، بالاچاقالىرىنى ئەسىر ئالدى. قەمرىددىن بەگ بۇ ھادىسىنى ئاڭلاپ «كۆتۈپاتقاق» دېگەن يايلاقتىن قېچىپ، فەرغانىگە كەتتى. ھىجرى 773 ـ يىلى يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا 775ـ يىلى تۆمۈربەگ ساربۇغا، ئادىلشاھ جالايىر، ختاي باھادۇر ۋە ئەلچى بوغا ئىسىملىك تۆت قوماندانلىرنى باشچىلىقىدا نۇرغۇن ئەسكەرنى ئۆزكەنت يولى بىلەن قەمەرىددىن بەگنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. يولدا ساربوغا بىلەن ئادىلشاھ جالايىر تۆمۈربەگدىن يۈزئۆرۈدى ۋە ختاي باھادۇر ۋە ئەلچى بوغانى ئەسىر ئېلىپ، ئەسكەرلىرى بىلەن قەمەرىددىن بەگ تەرەپىگە ئۆتۈۋالدى. تۆمۈربەگ بۇ ۋەقەلەردىن ساۋاق ئېلىپ قەمەرىددىن بەگنى يوقىتىش ئۈچۈن، بۇنداق كىچىك كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەتلەرنەتىجە بەرمەيدىغانلىقنى بىلىپ، پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشقا قارارقىلدى ۋە ھىجرى 777ـ(مىلادى1375ـ) يىلى پۈتۈن قۇۋۋىتىنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئىسسىقكۆل يېقىنلىرىدا قەمەرىددىن بەگ بىلەن توقۇنۇشتى. قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن قەمەرىددىن بەگ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. تۆمۈربەگ ئارتباشىغىچە ئىلگىرلەپ باردى ۋە جاھانگىر مىرزانى ئالمىلىق تەرەپىگە يوللىدى. جاھانگىرمىرزا ئالدىنى توسقان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئالمىلىققا يېتىپ كەلدى. شەھەرنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرمىرزا دۈشمەنلىرىنى جەنۇبقا(ئالتى شەھەرگە) قاچۇردى. شىمال تەرەپتىكى پۈتۈن شەھەر ۋە ئاۋات جايلارنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويۇپ ۋەيران قىلدى، بايلىقنى بۇلاپ سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلدى. بۇ ئۇرۇشتا قەمەرىددىن بەگنىڭ ئاكىسى شەمسىددىن بەگ دۇغلاتنىڭ خوتۇنى ۋە قىزىنى تۆمۈربەگ ئەسىر ئالغان. «رەۋزۇتتۇسسافا» ۋە «تەلفىقىل ئەخبار»نىڭ رىۋايىتىگە كۆرە بۇتۆمۈربەگنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا

قىلغان 5 ـ ھۇجۇمى ئىمىش. تۆمۈربەگ بۇ ھۇجۇمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزىگە قارشى ھۇجۇم قىلىش كۈچىنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم دەپ ھېساپلىغان. ئەمما،كېيىنچە ئۇنىڭ بۇھېسابى دېگەن يېرىدىن چىقمىدى.

ھىجرى 778 ـ(مىلادى1376ـ) يىلى قەمەرىددىن بەگ مۇنتىزىم بىر ئەسكىرىي قۇۋۋەت بىلەن نارىنغا كېلىپ ئۇيەردىن پەرغانىگە يۈردى. تۆمۈربەگنىڭ 2 ـ ئوغلى ئۆمەرشەيخ مىرزانى ئېغىرھالدا مەغلۇپ قىلىپ ئۆزكەنتتىن خوجەنتكىچە بولغان پۈتۈن پەرغانىنى ئىشغال قىلدى. پەرغانە خەلقى قەمرىددىن بەگنى قوللاپ كۆپ ياردەم قىلدى. تۆمۈر بەگ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ «قەمەرىددىن بەگكە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلارنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ جاكالاپ خەلقنى قورقۇتۇپ، قولىغا ياراغ ئالالايدىغان ھەممەكىشىنى ئەسكەرلىككە ئالدى ۋە فەرغانىگە يۈرۈش قىلدى. بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن قەمەرىددىن بەگ مەغلۇپ بولۇپ فەرغانىنى بوشىتىپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. تۆمۈربەگ قەمەرىددىن بەگكە ياردەم قىلغان فەرغانىلىقلەرنى ئۆلتۈردى ئەسىرئالدى.

ھىجرى 779ـ (مىلادى1377ـ) يىلى قەمەرىددىن بەگ فەرغانىگە يەنە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، بۇقېتىم تۆمۈربەگ فەرغانە چېگراسىغا ئوغلى ئۆمەرشەيخ مىرزا، ئاق بوغا ۋە ختاي باھادۇر قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىداكۆپ ساندا ئەسكەر يەرلەشتۈرگەنىدى. بۇ قۇۋۋەت قەمەرىددىن بەگنىڭ قۇۋۋىتىدىن ئارتۇق ئىدى. بۇسەۋەپ بىلەن قەمەرىددىن بەگ چېگرادىن ئۆتەلمەي قايتىپ كەلدى. بۇ يۈرۈشتىن كېيىن قەمەرىددىن بەگ تۆمۈربەگنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم قىلماي مۇداپىئە ۋەزىيىتىدە تۇردى. ھىجرى 781 ـ يىللىرىغا قەدەر تۆمۈربەگ ئارىلاپ قەمەرىددىن بەگنىڭ چېگراسىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ قەمەرىددىن بەگ مۇداپىئەدە قاتتىق تۇرۇپ، چۇدەريا، تالاس تاغلىرى ۋە فەرغانەنىڭ شەرق شىمالىدىكى قاپاق ئارت چېگرالىرىنى چىڭ قوغداپ، تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى قەتئىي ئۆتكەزمىدى. ھىجرى 781 ۋە 789 ـ يىللىرى ئارىسىدا تۆمۈربەگ ۋە قەمەرىددىن بەگ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغانلىقىدىن رىۋايەت قىلىنمايدۇ. سۈلھى بولغان ياكى بولمىغانلىقىمۇ مەلۇم ئەمەس. قەمەرىددىن بەگ تۆمۈربەگنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىدىن دائىم ئەندىشە قىلاتتى ۋە بۇھۇجۇملارنى توسۇش ئۈچۈن غايەت كۈچلۈك بىرقۇۋۋەت لازىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇنىڭ بىردىن بىر چارىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن ھۆكۈمدارلارنىڭ بىربايراق ئاستىدا بىرلىشىپ، قۇۋۋەتلىرىنى بىرقوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە توپلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى سەزگەنىدى. ئۇندىن باشقا چەتتىن بۇلارنى ھىمايەقىلىپ ياردەم بېرىدىغانلار قۇۋۋەتلىك دوستلار نىڭمۇبولۇشى كېرەك ئىدى. تۆمۈربەگ بۇچاغدا قەمەرىددىن بەگنىڭ ھۇجۇمىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئالدىدا ئاياقتىكى ئاشتەك تۇرغان ئىران ۋە ئىراقنى ئىشغال قىلىشنى غەنىمەت بىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشنى ئارقىغا سوزدى ۋە ئۇ تەرەپتىكى چېگرا مۇداپىئىسىنى كۈچلەندۈردى.

## خىزىرخوجا ئوغلاننىڭ خان بولغانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا بىرلىك

ھىجرى776ـ (مىلادى 1374 ـ) يىلىدا خۇدادادىخان ئىلى ۋادىسىدىكى بەگلەربىلەن بىرلىشىپ، تۇغلۇقتۆمۈرخاننىڭ كىچىك ئوغلى خىزىرخوجا ئوغلاننى خانلىق تەختىگە چىقاردى. خىزىرخوجا ئوغلانخان ئالمىلىق شەھىرىنى يېڭىباشتىن ياساپ پايتەخت قىلدى ۋەخۇدادادىخاننى بەگلەر بېگى قىلدى. ئۇندىن كېيىن خىزىرخوجا ئوغلان ئاستا ـ ئاستا ۋەزىيەتكە قاراپ دۆلەتنى كۈچلەندۈردى، تەرەپتارلىرىغا ياخشى مۇئامىلەقىلىپ ئۇلارغا مەركەزىيەتچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇتتى. شۇنداق قىلىپ ھىجرى789ـ(مىلادى1387ـ) يىللىرىغا كەلگەندە ئۇنىڭ كۈچى قەمەرىددىن بەگنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. قەمەرىددىن بەگ دەسلەپتە خىزىرخوجا ئوغلانخاننى تونۇماي دۈشمەنلىكمۇ قىلماي ئۆزئالدىغا يالغۇز تۆمۈر بەگ بىلەن كۈرەش قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. لېكىن، ھىجرى 782 ـ يىلى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك شەرقىي تۈركىستان كۈچلىرىنىڭ تۆمۈربەگكە قارشى بىرلىشىش زۆرۈرىيىتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن قەمەرىددىن بەگ خىزىرخوجا ئوغلانخانغا بويسۇندى. خىزىرخوجا ئوغلانخانمۇ قەمەرىددىن بەگنىڭ ھەربىي ماھارىتىنى ۋە ئەسكىرىي قىممىتىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىزىرخوجا ئوغلانخان قەمەرىددىن خاننى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ئەسكىرىي قۇۋۋەتلىرىنىڭ باش قوماندانى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان چاغاتاي دۆلىتى كۈندىن كۈنگە كۈچلەندى.

## قەمەرىددىن بەگ ۋە توختامىشخان ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق

تۆمۈربەگ ئىران، ئىراق ۋە باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىنى پەتھى قىلىپ غايەت زور بىر كۈچكە ئىگە بولۇپ، نەگە يۈرۈش قىلسا شۇيەردە غەلىبە قىلغىلى باشلىدى. ئاسىيادىكى ھەممە دۆلەتلەر تۆمۈربەگنى مۇستەقىللىقلىرى ئۈچۈن دەھشەتلىك بىرخەۋپ دەپ ھىس قىلاتتى. شەرقىي تۈركىستان بۇ خەۋپكە ھەممىدىن يېقىنراق ئىدى. مانا بۇ ۋەزىيەت ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان دۆلەت رەھبەرلىرى بۇخەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىرىدىن كەلگىنىچە ئۆز كۈچىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشتى.

ھىجرى787 ـ يىلى تۆمۈربەگ بىلەن ئالتۇن ئورداخانى توختامىش خاننىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى. قەمەرىددىن بەگ بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال توختامىش بەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ تۆمۈربەگكە قارشى بىرئىتتىپاق ئەھدىنامىسى ئىمزالاشنى تەكلىپ قىلدى، توختامىش بەگ بۇنى قوبۇل قىلىپ، تۆمۈربەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى بىربىرلىرىگە ياردەم قىلىش ئەھدىنامىسىغا ئىمزا قويدى. شۇنىڭ بىلەن خىزىرخوجا ئوغلانخان ۋە توختامىشخانلار بۇ ئەھدىنامە بىلەن چاغاتاي دۆلىتى ۋە ئالتۇن ئوردا دۆلىتى

قوشۇنلىرىنى تۆمۈربەگكە قارشى بىرلەشتۈرۈپ، ئىنتايىن قۇدرەتلىك بىر فرونت تەشكىل قىلدى. ئەگەر بۇفرونت مۇداپىئە فرونتى بولۇپ تۇرغاندا، تۆمۈربەگ بۇلاربىلەن چىقىشىپ تۇرۇپ، دوستلۇق مۇناسىۋىتى باغلاشقا مەجبۇر بولۇشدا شۈبھى يوقتى. لېكىن، توختامىشخان مەغرۇرلىنىپ، كېتىپ بۇ فرونتنى ھۇجۇم قىلىش بازىسىغا ئايلاندۇردى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ تەلىيى چىقماي قالدى ۋە ئىتتىپاقنىڭ پايدىسى بولمىدى.

توختامىشخان شەرقىي تۈركىستانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، شىمالدىن توختامىشخاننىڭ قوشۇنلىرى، شەرقتىن خىزىرخوجائوغلانخاننىڭ قوشۇنلىرى بىرلا ۋاقىتتا غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىپ، تۆمۈربەگنى يوقىتىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئەمەلگە ئاشقان تەقدىردە ھەرئىككى دۆلەتنىڭ تۆمۈربەگدىن قۇتۇلۇشى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خىزىرخوجاخان بۇتەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ھۇجۇم قىلىشنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلىدى. ھىجرى789 ـ(مىلادى1387ـ) يىلى توختامىشخان غەربىي تۈركىستانغا ئىككى يولدىن ئەسكەر يوللىدى. بىرى ئارال كۆلىدىن خارەزىمگە ئۆتۈپ ئۇيەردىن توغرا بۇخاراغا، ۋە يەنە بىرى ئارال كۆلىنىڭ شىمال ۋە شەرق تەرەپلىرىدىن ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستان قىسىملىرى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، تاشكەنت ۋە ئەتراپىنى ئېلىپ سەمەرقەنتكە بارماقچى ئىدى. شەرقىي تۈركىستانمۇ ئىككى قولدىن ئەسكەر ماڭغۇزدى. بۇلاردىن بىرى قەمەرىددىننىڭ باشچىلىقىدا تالاس يولى بىلەن مېڭىپ، توختامىشخاننىڭ 2 ـ قول ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلەشمەكچى ئىدى. يەنە بىرى مەرھۇم ھاجىبەگنىڭ جىيەنى ئاڭاتۆربەگنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەريولى بىلەن فەرغانىگە ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. بۇجەرياندا تۆمۈربەگ ئىراندىكى مۇزەپپەرشاھ جالايىر بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. ئوغلى ئۆمەرشەيخ مىرزا بولسا نۇرغۇن كۈچ بىلەن ئەندىجاندا تۇراتتى. سەمەرقەنتتە ئەمىرسۇلەيمانشاھ، ئەمىرلەئىل، ئەمىر ئابباس ۋەشەيخ تۆمۈر ۋە ئەمىرتاغاي بوغا بىلەن ئەمىر ئېلتمىش قوچىن نۇرغۇن كۈچ بىلەن بۇخارا دا ئىدى.

ئالدى بىلەن قەمەرىددىن بەگ تالاسنى ئىشغال قىلدى ۋە ئۇيەردىن ئىلگىرلەپ ساغناق شەھىرىنىڭ يېقىنلىرىدا توختامىشخاننىڭ 2 ـ قول ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ساغناقنى ئىشغال قىلدى ۋە ئۇيەردىن يۈرۈپ ئۇچاغلاردا چوڭ بىرشەھەربولغان ساۋران (ئىسپىجاب) نى قورشاۋغا ئالدى. ئىسپىجاپتا تۆمۈرخوجا دېگەن بىرقوماندانىنىڭ باشچىلىقىدا تۆمۈربەگنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى بار ئىدى. بۇ تاجاۋۇز خەۋەرىنى ئاڭلاپ، ئۆمەرشەيخ مىرزا ۋە سەمەرقەنتتىكى باشقا قوماندانلار پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن يۈرۈش قىلدى ۋە تاشكەنتتە بىرلىشىپ شىمالغا ماڭدى. بۇنى ئاڭلىغان قەمەرىددىن بەگ ۋە توختامىشخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئىسپىجاپتىكى قورشاۋنى قويۇپ جەنۇبقا ماڭدى. بۇ ئىككى دۈشمەن قوشۇنلىرى ئوترار شەھىرىنىڭ شەرق شىمالىدىكى «جەۋلەك» دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. ئەتتىگەندىن كەچكىچە ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. كەچتە ئۆمەرشەيخ مىرزانىڭ

ئەسكەرلىرى يامان مەغلۇپ بولۇپ پاراكەندە هالدا سەمەرقەنتكە قاچتى. بۇئارىدا ئاگاتۆربەگ فەرغانىگە هۇجۇم قىلىپ ئېلىپ فەرغانىنىڭ مەركىزى بولغان ئەندىجان شەهىرىنى مۇهاسىرە قىلغان ئىدى. يولدا ئۆمەرشەيخ بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، باشقا قوماندانلارنى سەمەرقەنتكە ئەۋەتىۋېتىپ ئۆزى يالغۇز ئەندىجانغا يۈرۈدى. ئەمما، ئاگاتۆربەگ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئېغىرهالدا مەغلۇپ بولدى. ساق قالغان ئازغىنە ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ، ئەندىجان تاغلىرىغا چىقىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاگاتۆربەگ پۈتۈن فەرغانىنى ئىشغال قىلدى.

قەمەرىددىن بەگ ۋە توختامىش بەگلەر چەۋلەك ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسپىجاپ، ئوترار ۋە تاشكەنت ئۆلكىلىرىنى ئالدى ۋە بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. ئۇيەردە توختامىشخانىنىڭ 1 ـ قول ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، بۇخارانى مۇهاسىرە قىلدى. بۇخارا قەلئەسى بەك مۇستەهكەم بولۇپ كۆپ مىقتاردا ئەسكىرىي كۈچ بولغانلىقتىن مۇهاسىرە ئۇزۇنغا سوزۇلدى. بۇئارىدا ئالتۇن ئوردا ۋە چاغاتاي دۆلىتى قىسىملىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ قالدى.

تۆمۈربەگ ئىراندا بۇ هادىسىلەرنى ئاڭلاپ دەرهال مۇزەپپەرشاه بىلەن سۈلهى قىلىپ قويۇپ تېزلىك بىلەن غەربىي تۈركىستانغا يېقىنلاشتى. بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ، ئالتۇن ئوردا ۋە چاغاتاي قوشۇنلىرى مۇستەهكەم بىرمەركەز ۋە يېتەرلىك ئوزۇققا ئىگەبولۇشقا ئالدىراپ سەمەرقەنتكە هۇجۇم قىلدى. لېكىن سەمەرقەنتنىڭ ئىستېهكامى ۋە ئەسكىرىي كۈچى ئۇلارنىڭ خىيال قىلغىنىدىن كۆپ ئىدى. بىرتەرەپتىن ئاچلىق يەنە بىرتەرەپتىن تۆمۈربەگنىڭ غايەت زور بىر كۈچ بىلەن دەهشەتلىك ئىلگىرلەپ ئامۇدەريا بويىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، توختامىش خاننىڭ ئەسكەرلىرى غەربىي تۈركىستانىنى بوشىتىپ خارەزىمگە قايتتى. قەمەرىددىن بەگ بىلەن ئاگاتۆربەگ يالغۇز ئۆزئالدىلىرىغا تۆمۈربەگكە تەڭ كېلەلمەسلىكلىرىنى چاغلاپ، ئۆلارمۇ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ مۇنتىزىم هالدا شەرقىي تۈركىستانغا چېكىندى.

## شەرقىي تۈركىستان هۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسدا پىكىر ئىختىلاپى ۋە قەمەرىددىن بەگنىڭ ۋاپاتى

بۇكېيىنكى ئۇرۇشتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تۆمۈربەگنىڭ غايەت زور دەرىجىدە دەهشەتلىك بىركۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۇچۇق مەلۇم بولدى ۋە دۆلەت كاتتىلىرى تۆمۈربەگ بىلەن دۈشمەنلىشىش شەرقىي تۈركىستاننى بەربات قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، دوستلۇقنى قولغاكەلتۈرۈش بىلەن يۇرتنى خەۋپلىك ئەهۋالدىن ساقلىشىمىز كېرەك دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. لېكىن، تەجرىبىلىك ۋە دانىشمەن قەمەرىددىن بەگ بۇ پىكىرلەرگە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇ« تۆمۈر بەگنىڭ مەقسىدى ئىستىلادۇر، ئىستىلاچىلىق ۋە

ئاچكۆزلۈكنى دوستلۇق ۋە خوشامەتچىلىك توسوپ قالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دائىم قۇۋۋەت بىلەن تاقابىل تۇرۇش بىلەن ئاداققىچە كۈرەش قىلىش يۇرت ۋە خەلقنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ساقلاشنىڭ بىردىن بىرچارىسىدۇر» دەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرغۇچىلارمۇ كۆپتى ۋە خەلق ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردىن زىرىكىپ تىنچلىق ۋە سۈلھى قىلىش تەرەپتارى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەمەرىددىن بەگنىڭ نەسىھەتىنى تىڭشايدىغانلار بارغانسىرى ئاز قالغاندى.

قەمەرىددىن بەگ ھىجرى 790- (مىلادى1388-) يىلى ئىستىسقا كېسىلىگەگىرىپتاربولۇپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ يۇرتىنى خىزىرخوجا ئوغلانخان تەقسىم قىلىپ خوتەن، يەركەن، قەشقەر ۋە ئۈچ ۋىلايەتلىرىنى بەگلەر بېگى خۇدادادىخانغا بەردى. ئىسسىقكۆل ئەتراپىنى قەمەرىددىن خاننىڭ ئوغلى جاھانشاھ مىرزاغا بەردى. ستانلىنپول خىزىرخوجا ئوغلانخاننى ھىجرى 791 - يىلى خان بولغان دەپ يازىدۇ. مىنىڭچە بۇ توغرا ئەمەس.

## تۆمۈربەگنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇزى

يۇقىرىقى ھادىسىلەردىن كېيىن تۆمۈربەگ توختامىشخان بىلەن ئىككى يىل داۋام قىلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، خارەزىمدىن ھەيدەپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭ قايتارما ھۇجۇم قىلىشىدىن خاتىرجەم بولدى. ئۇندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن، ھىجرى 791-(مىلادى 1388-) يىلى تۆمۈربەگ پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى. خىزىرخوجائوغلانخانمۇ كۈچىنى توپلاپ ئالمىلىقتىن يولغاچىقتى. بۇ ئىككى قوشۇن ئىسسىقكۆل يېقىنلىرىدا ئۇچرىشىپ قاتتىق ئۇرۇش بولدى ۋە نەتىجىدە خىزىرخوجاخان مەغلۇپ بولۇپ ئالمىلىققا چېكىندى. تۆمۈربەگ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، ئالمىلىق ئەتراپىدا ئۇرۇشتى.خىزىرخوجاخان يەنە مەغلۇپ بولۇپ، ئالمىلىقنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يۇلدۇز يايلاقلىرىغا قاراپ قاچتى. تۆمۈربەگ ئالمىلىق شەھەرىگە ئوت قويۇپ ۋەيران قىلغاندىن كېيىن يۇلدۇزغا ماڭدى. خىزىرخوجاخان ئۇيەردىمۇ مەغلۇپ بولدى ۋە تەگرىتاغلىرىنى ئېشىپ، كۇچاغا كەلدى. تۆمۈربەگ يولدۇزدا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ئارقىسىغا قايتتى ۋە ئىلىدىن تارتىپ تاكى سىردەرياسىغىچە بولغان جايلاردا بىرمۇ شەھەر ياكى ئاۋات يەرنى ساق قويماي كۆيدۈرۈپ، يېقىپ ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. خەلق پەرىشان ھالدا ھەرتەرەپكە قاچتى. سەمەرقەنتكە كېلىپ، ئوغلى ئۆمەرشەيخ مىرزانى بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن قاراقول (ھازىرقى توروۇغ ئارت[72]) يولى بىلەن قەشقەرگە يوللىدى. قەشقەر ۋالىيسى كويلۈك بەگ قاتتىق تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ئۆمەرشەيخ مىرزا قەشقەرنى ئىشغال

[72] تورغ ئارت، يەنى، تورغات (ن . ش. ھ.).

قىلغاندىن كېيىن شەھەرگە ئوت قويۇپ تامامەن كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋېتىپ ئەنجانغا قايتىپ كەتتى. بۇ ھۇجۇملاردىن كېيىن تۆمۈربەگ يەنە بىرقانچە ھۇجۇم بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى ئاسانلا قولغا چۈشۈرەلىشى مۇمكىن بولۇپ قالغانىدى. تۆمۈربەگمۇ يۇلدۇز ئۇرۇشىدىن كېيىنلا ئالتە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان. لېكىن، يولدۇزدا توختامىشخاننىڭ ئەسكەر يىغىۋاتقان خەۋىرى كېلىپ قالدى . بۇنداق ۋەزىيەتتە مەركەزدە تۇرۇشنى لازىم دەپ ئويلاپ تۆمۈر بەگ ناھايىتى تېزلىك بىلەن قايتىپ، سەمەرقەنتكە بېرىپلا دەرھال توختامىشخان بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان چاغاتاي دۆلىتىنىڭ ئۇزۇنغىچە تۆمۈربەگنىڭ چېگرالىرىغا ھۇجۇم قىلالىغۇدەك كۈچى قالمىدى.

## خىزىرخوجاخاننىڭ ئىجرا قىلغان ئىشلىرى

يۇقىرىقى مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن خىزىرخوجا ئوغلان خان ھازىرچە ئالمىلىقنى ياكى شىمالدىكى باشقا بىرجاينى پايتەخت قىلىش شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتە يەرلىشىشى ئۇيغۇن ۋە مۇستەھكەم «شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۆت تام ئارىسىدىكى» شەھىرى چالىش، يەنى، قاراشەھەرنى پايتەخت قىلىپ يەرلەشتى، پۈتۈن يۇرتنىڭ ئىدارى تەشكىلاتىنى باشقىدىن تەشكىللەپ چىقتى. مەسىلەن:

ئالتە شەھەرنى بەگلەربېگى خۇدادادىخاننىڭ باشقۇرىشىغا بەردى، قەشقەردە يېتەرلىك مىقتاردا ئەسكىرىي قۇۋۋەت تۇرغۇزۇپ، دۇغلات خاندانىدىن بىرىنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى، ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدا فەرغانە چېگراسىدا ئەمىرجاھانشاھ دۇغلاتنى يېتەرلىك ئەسكەرىي كۈچ بىلەن تەيىنلدى ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالى، يەنى، كۆكچە دېڭىزى (بالقاش كۆلى) ۋە چۇدەريا بىلەن ئىلى دەرياسى ئارىسىدىكى ساھەگە ئاڭاتۇربەگنى ئەڭ قۇۋۋەتلىك ئەسكەرلىرى بىلەن يەرلەشتۈردى.

قەشقەردىن تارتىپ بالقاش كۆلىگىچە سوزۇلغان شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدىكى يۇقىرىقى ئەسكىرىي پائالىيەتلەر تۆمۈربەگنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىماي قالمىدى. بولۇپمۇ ئاڭاتۇر بەگنىڭ قۇۋۋەتلىرىدىن بەك ئەندىشە قىلماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆمۈربەگ توختامىش بەگ بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپلا ھىجرى 792-(مىلادى1390 -) يىلى ئەمىرسۇلەيمانشاھ ۋە خۇدادھۇسەيىن قوماندانلىقىدا 20000 كىشىلىك بىرقوشۇننى ئاڭاتۇربەگ تۇرغان سەپكە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئاڭاتۇربەگ سوقاشماقتىن ئېھتىيات قىلىپ، چېگرىدىن ئارقىغا چېكىنىپ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراتالغا بېرىپ توختىدى. تۆمۈربەگنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ قاراتال چېگرىسىغىچە بېرىپ، قايتىپ كەلدى. تۆمۈربەگ بۇتاجاۋۇزنىڭ نەتىجىسىدىن شەرقىي تۈركىستان چاغاتاي دۆلىتىنىڭ غەربىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلالىغۇدەك كۈچى يوقكەن دېگەن خۇلاسىغا كەلدى.

ئۇندىن كېيىن تۆمۈربەگ ئالتۇن ئوردا، ئىراق، ھىندىستان، شام ۋە ئانادولۇ(تۈركىيە) قاتارلىق دۆلەتلەردىكى پەتھلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى ۋە شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلمىدى. بۇ ئارىدا 13 يىللىق زامان تىنچلىق بىردەۋر ئىچىدە ئۆتتى. بۇ مەزگىلدە سۈلھى ياكى ئەھدىنامە ئىمزالانغانمۇ؟ بۇنى بىلمەيمىز. لېكىن، بىرقانچە قېتىم ئەلچىلەرنىڭ بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغانلىقى ۋە ئۆز ئارا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقانلىقلىرى مەلۇم.

بۇ تىنچلىق دەۋرى ئىچىدە خىزىرخوجا ئوغلانخان ۋە باشقا دۆلەت كاتتىلىرى بىكار تۇرماي يۇرتىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. تۆمۈر بەگنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇرۇشلارجەريانىدا ۋەيران قىلىۋەتكەن شەھەرلەرنىڭ تۆلىسىنى يېڭىدىن ئاۋات قىلدى، ئەسكىرىي كۆچىنى يەنە ۋۇجۇدغا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلارتېخىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي بۇددا دىنىدا چىڭ تۇرماقتا ئىدى. ئىلياس خوجا ئوغلان خان شېھىت بولغاندىن كېيىنكى پاراكەندىچىلىكتىن پايدىلانغان ئىدىقۇت تولۇق مۇستەقىل بولۇۋالغانىدى. ھىجرى 795ـ (مىلادى1393ـ) يىلى خىزىرخوجاخان ئالدى بىلەن ئۇيغۇرئىدىقۇتلۇقى ئۈستىگەبىرقانچە غازات يۈرۈشلىرى ئېلىپ باردى ۋە ئاخىرى ئىدىقۇتنى ئۆلتۈردى. ھىجرى 800 ـ يىلى ئەتراپىدا پۈتۈن ئۇيغۇرلارخالار ـ خالىماس مۇسۇلمان بولدى. قەدىمدىن تارتىپ، بىرئۇيغۇرئۆلكىسى بولۇپ كەلگەن، ھىجرى 773 ـ(مىلادى 1371ـ) يىلدىن باشلاپ چىن ئىستىلاسى ئاستىدا قالغان قۇمۇل ۋە بارىكۆلگە ھىجرى 800 ـ (مىلادى 1398 ـ) يىلى ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇ جايلاردىكى چىن ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ چىقاردى. خىزىرخوجاخان بۇجايلارنى ئالغاندىن كېيىن بۇ ئۆلكىلەرنى «تۇرپان» يەنى، موغۇلچە «مۋەىلىك باغ» دەپ نام بەردى. ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنى بىنا قىلىپ، ئۆلكىنىڭ مەركىزى قىلدى. خىزىرخوجاخان تۇرپاننى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق ۋىلايەت قىلىپ خانلىق خانىدانىدىن بىرشاھزادىنى ئۇيەرگە ۋالي تەيىن قىلىش ئەنئەنىسى قالماق ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلدى.

ھىجرى 799 ـ (مىلادى 1397ـ) يىلى تۆمۈربەگ، غىياسىددىن تەرخان باشچىلىقىدا بىر ئەلچى ھەيئىتىنى شاھانە سوغاسالاملار بىلەن خىزىرخوجاخانىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىپ، نەۋرىسى ئىسكەندەرمىرزا(ئۆمەرشەيخ مىرزانىڭ ئوغلى) غا خانىنىڭ قىزى تەكىل خانىم ئۈچۈن سۆز ئاچتى، خان بۇنى قوبۇل قىلىپ، ھەشەمەتلىك بىرتوي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ تەكىل خانىمنى سەمەرقەنتكە ئۇزاتتى. بۇ تويدىكى دەبدەبىلىك مۇراسىم ۋە زىياپەت «تارىخ رەشىدى» ۋە «رەۋزۇتۇسسەفا» دا ئۇزۇن بايانلار بىلەن زىكىرقىلىنىدۇ. تۆمۈربەگ تەكىل خانىمنى ئۆزى ئالدىغا چىقىپ، چوڭ بىرقارشى ئېلىش مۇراسىمى بىلەن كۈتۈۋالغان ۋە تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى بىلەن نىكاھ توينى قىلغان. ھىجرى 800 ـ يىلى خىزىرخوجاخان، تۆمۈربەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ، دوستلۇق ۋە ئۆز ئارا تاجاۋۇزقىلىشماسلىق ئەھدىنامىسى ئىمزالاشقا دەۋەت قىلغاندا تۆمۈربەگ بۇنىڭغا ئوچۇق جاۋاب بەرمىگەن. شۇنىڭدىن

باشلاپ، ھەر ئىككى دۆلەت ئۆزچېگرالىرىنى چىڭ ساقلايدىغان بولدى. شەرقىي تۈركىستان چېگراسىنى ئاڭاتۇربەگ قۇۋۋەتلىك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن مۇھاپىزەت قىلاتتى، غەربىي تۈركىستان چېگراسىنى تۆمۈربەگنىڭ نەۋرىسى مەھەممەد مىرزا(جاھانگىرمىرزانىڭ ئوغلى) ساقلايتتى.

## تۆمۈربەگنىڭ ئۆلۈمى

تۆمۈربەگ ھىجرى 807 ـ (مىلادى 1404ـ) يىلى ئانادولۇنى پەتھى قىلىپ، سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلدى. پەقەت 3 ئايلا دەم ئېلىپ، ئەندى شەرق دۇنياسىنى پەتھى قىلمەن دەپ 200,000 ئەسكىرى بىلەن يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە سوغاقتىن ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغ زايا بولدى. بۇلارغا قارىماستىن يۈرۈپ، سىردەرىيادىن مۇز ئۈستىدىن ئۆتۈپ ئوترارشەھرىگە كەلدى. ئوترارنىڭ شەرق تەرەپىدە قاتتىق قاردا قىلىپ، يول مېڭىش مۇمكىن بولماي ئوترااردا ئەرتە يازغىچە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. تۆمۈربەگنىڭ بۇ يۈرۈشتىكى پىلانى مۇنداق ئىدى: تۆمۈربەگ ئۆزى200,000 ئەسكىرى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ يۈرۈش يولى بولغان يەتتەسۇ ۋە ئالتاي يولى بىلەن موغۇلستانغا ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن چىنگە يۈرۈش، نەۋرىسى ئۇلۇغبەگ مىرزا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي شىمال يەنى ئىسسىقكۆل ئەتراپى، ئىلى، بەشبالىق ۋە تۇرپان ئۆلكىلىرىنى چىن چېگراسىغىچە ئىشغال قىلىش ۋە يەنەبىر نەۋرىسى ئىبراھىم مىرزا ئالتى شەھەر ۋە چالىش ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلىش.

خىزىرخوجاخاننىڭ بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قانداق چارە ـ تەدبىر كۆرگەنلىكى توغرىسىدا، ئەپسۇسكى مەلۇماتىمىز يوق. لېكىن، خۇدانىڭ قاھىر ئىرادىسى بۇچوڭ پىلاننى پۈتۈنلەي بەربات قىلدى، تۆمۈربەگ ئوترار شەھرىدە ھىجرى 807 ـ يىلى شابان ئايىنىڭ 17 ـ كۈنى (مىلادى 1408 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى) ۋاپات بولدى. ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا سەلتەنەت تالىشىپ، قانلىق ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى ۋە يۇقىرىدىكى سانسىز ئەسكىرىي كۈچنىڭ ھەممىسى پاراكەندە بولۇپ توزۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن 35 يىلدىن بېرى ھەردائىم تۆمۈر بەگنىڭ تەھدىتى ئاستىدا ياشىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى راھەت بىرنەپەس ئالدى.

## خىزىرخوجائوغلانخاننىڭ ۋاپاتى

خىزىرخوجا ئوغلانخان ھىجرى810ـ (مىلادى1408ـ) يىلى ۋاپات بولۇپ ئورنىغا چوڭ ئوغلى مەھەممەدخان تەختكە چىقتى. مەھەممەدخان ئەسكىرىي قۇۋۋەتنى كۈچەيتىپ شەرقىي تۈركىستاننى ھەرقانداق دۈشمەنگە قارشى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالىغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزدى. خان يازكۈنلىرى تەگرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئارتباشتا يازلايتتى. ئارتباشىنى ياخشى ئاۋات قىلىپ يېتەرلىك ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئۇيەرنى ئىككىنچى پايتەخت قىلدى. مەھەممەدخاننىڭ زامانىسدا تۆمۈربەگنىڭ ئوغلى

شاھرۇخ مىرزا غەربىي تۈركىستان، ئافغانىستان ۋە ئىراننىڭ بىرقىسمىنىڭ پادىشاسى ئىدى. چېگرىدا مەھەممەدخانغا قارشى ئوغلى ئۇلۇغبەگ مىرزانىڭ قوماندانلىقىدا كۈچلۈك بىرئەسكىرىي قىسمى بارئىدى. مەھەممەدخان بىلەن شاھرۇخنىڭ ئارىسى ياخشى ئەمەستى. مەھەممەدخان ھەردائىم مەملىكىتىنى كېڭەيتىپ سىردەريانىڭ شەرقىدىكى تاشكەنت، ئوترار ۋە تالاس ۋىلايەتلىرىنى تۆمۈربەگنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تارتىۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. ھەتتا بۇمەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن، سىياسى كۈشكۈرتمىچىلىك قىلىشتىنمۇ يانمايتتى. بۇخىل پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە ھىجرى 811- يىلى ئوترار ۋالىيسى ئەمىرشەيخ نۇرىددىن شىددەتلىك بىرئىسيان چىقاردى، مەھەممەدخان ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىنىسى شەمئى جاھاننى نۇرغۇن ئەسكەربىلەن ئوترارغا يوللىدى. لېكىن شەمئى جاھان ئوترارغا يېتىپ كەلگۈچە شاھرۇخ مىرزا بۇئىسياننى تولۇق باستۇرۇپ بولغانىدى. شەمئى جاھان تالاس يېقىنلىرىدىنلا قايتىپ كەلدى. مەھەممەدخان بۇ پائالىيەتلىرى بىلەن تالاس ئۆلكىسىنى ئۇرۇشماستىنلا شەرقىي تۈركىستانغا قوشۇۋالدى. خان شەرقىي تۈركىستاننى ھەرساھەدە تەرەققى قىلدۇردى، ئالتى شەھەردە نۇرغۇن مەدرەسە ۋە جامە بىنا قىلدى. قاغىلىق شەھىرىدىكى يېشىل مەدرەسە بۈگۈنمۇ مەھەممەدخاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەھەممەد خان ھىجرى 818 -(مىلادى 1415-) يىلى ۋاپات بولدى.

## شەمئى جاھانخاننىڭ خان بولغانلىقى

مەھەممەدخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىنىسى شەمئى جاھانخان خانلىق تەختىگە چىقتى. بۇكىشى ئىچكى سىياسەت جەھەتتە ئىسلاھات ۋە مەركەزىيەتچىلىكنى كەچلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىپ: يۇرتتىكى شاھزادىلارنىڭ، يەرلىك بەگ ۋە ۋالىلارنىڭ ھەددىدىن ئاربوق نۇپۇزلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشتى. نەتىجىدە، پەۋقۇلئاددە نۇپۇز ۋە قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان بەگلەر بېگى خۇدادادىخان، چەكلىك ھوقۇققا ئىگە بىرۋالىي دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالدى. مەرھۇم مەھەممەدخاننىڭ شاھزادىلىرىمۇ پۈتۈنلەي شەمئى جاھانخاننىڭ ئەمرى ئاستىدا بولۇپ قالدى. بۇ سىياسەت ئۆزۈندىن بېرى يۇرتتا مۇستەبىدلىك ۋە ئالاھىدە نۇپۇزغا ئىگە بولۇپ كەلگەن شاھزادە ۋە بەگلەرگە ئېغىر كەلدى. ئاخىرى ھىجرى 821 - (مىلادى 1418-) يىلى مەھەممەدخاننىڭ نەۋرىسى ئۇۋەيس ئوغلان(شىرئەلى ئوغلاننىڭ ئوغلى) ۋە خۇدادادىخانلار بىرلىشىپ، مەھەممەدخانغا قارشى ئىسيان چىقاردى. نەتىجىدە شەمئى جاھانخان ئۆلتۈرۈلدى.

شەمئى جاھان خان ھايات چېغىدا چوڭ ئوغلى نەقشى جاھانخاننى تۇرپانغا ۋالىي قىلىپ چالىش (قاراشەھەر) نىمۇ تۇرپانغا قوشۇپ بەرگەنىدى. بۇنىڭ ۋالىي بولغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى ئېنىق ئەمەس. پروفېسۇر بارتولد نەقشى جاھانخاننىمۇ چوڭ خانلارقاتارىدا كۆرسەتكەن. لېكىن، ھەقىقەتتە

شەمئى جاھانخان شېھىت بولغاندىن كېيىن، تۇرپان ۋە قاراشەھەر ۋىلايەتلىرىنى نەقشى جاھان قولىدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، ئۇ مەنتىقىدە مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان، ئۆز ئىسمىدا پۇل باستۇرۇپ «خان» ئۇنۋانى بىلەن يارلىق تارقاتقان. بارتولىد بۇ پۇل ۋە ۋەسىقىلەرگە قاراپ نەقشىجاھانخاننى خان دەپ گۇمان قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

## شىرمەھەممەد خاننىڭ خان بولغانلىقى

شەمئى جاھان خان شېھىت بولغاندىن كېيىن ئوغلى شىرمەھەممەدخان ئۇۋەيس ئوغلان بىلەن قاتتىق ئۇرۇشقا كىرىشتى. ئۈچ يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇۋەيس ئوغلان قەتئىي مەغلۇپ بولۇپ، ھىجرى 823 ـ يىلى مەھەممەد خان تەختكە چىقتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان ئۇلۇغبەگ مىرزا چېگراغا يېقىن بولغان تالاس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن بىرقىسىم جايلارنى ئىشغال قىلغاندى. شىرمەھەممەدخان تەختكە چىققان ھامان بەگلەر بېگى خۇدادادىخان دۇغلات ۋە سەدرىئىسلاملارنىڭ باشچىلىقىدا چېگرىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلۇغبەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ بىرقىسىم جايلارنى قايتۇرۇۋالدى.

ھىجرى 824 ـ (مىلادى 1421ـ) يىلى ئۇلۇغبەگ مىرزا نۇرغۇن ئەسكەربىلەن شەرقى تۈركىستانغا يۈرۈش قىلىپ، سىردەيادىن ئۆتتى. شىرمەھەممەدخانمۇ پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، چېگراغا كەلدى ۋە ئۇلۇغبەگنىڭ ئەسكەرگاھىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، توختاپ ئۇلوغبەگكە سۈلھى قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلۇغبەگ بۇنى قوبۇل قىلىپ سۈلھى شەرتلىرىنى بىۋاستە شىرمەھەممەد خان بىلەن كۆرۈشۈپ مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شىرمەھەممەدخان سەدرىئىسلامنى بىرگە ئېلىپ ئۇلۇغبەگنىڭ ئەسكەرگاھىغا كەلدى. ئۇلۇغبەگ بۇلارنى ناھايىتى ئېھتىرام ۋە دەبدەبە بىلەن قارشى ئېلىپ مۇزاكىرە باشلاندى. مۇزاكىرە تۈگۈمىگەنلىكتىن شىرمەھەممەدخاننىڭ ئۇيەردە قونۇپ قىلىشقا توغراكەلدى. لېكىن، كېچىسى بىرسۇيقەست قىلىنىشىدىن ئەندىشەقىلغان شىرمەھەممەدخان بىرباھانا بىلەن ئۆز ئەسكەرگاھىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇرۇشقا تەييارلاندى. ئەرتىسى ئۇلۇغبەگ مىرزا ئۆزرە ئېيتىپ شىرمەھەممەد خانغا ئەلچى ئەۋەتتى، سۈلھى قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئاخىرى ھەرئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ چېگراسىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىدى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆز مەملىكەتلىرىگە قايتتى.

## شىرمەھەممەدخان ۋە ئۇلۇغبەگ مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش

شىرمەھەممەدخان بىلەن ئۇلۇغبەگ مىرزا كېلىشىمگە تەخمىنەن ئۈچ يىل ئەمەل قىلىشقان بولسىمۇ تۆۋەندىكى ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن بۇ كېلىشىم بۇزۇلدى

ئۇلۇغبەگنىڭ چوڭ قوماندانلىرىدىن ئەلى تەكرىتنىڭ ئوغلى ئۇلۇغبەگدىن يۈزئۆرۈپ، شىرمەھەممەدخاننىڭ قېشىغا قېچىپ پاناھ تىلىدى. ئۇلۇغبەگ مىرزا بۇئادەمنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئارسلان بەگ ئىسىملىك بىرسىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، شىرمەھەممەدخان بۇتەلەپنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئەلچىنى قامىدى. ئۇلۇغبەگ ئىككىنچى قېتىم يەنەبىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ، قاچقان قوماندان ۋە قامالغان ئەلچىسى قايتۇرۇلمىغان تەقدىردە ئۇرۇش باشلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خان، ئەرتىيازدا جاۋاپ بېرەي دەپ، ئەلچىنى قايتۇردى. ئۇلۇغبەگ بۇجاۋاپنى ئالغان ھامان تەھدىت قىلىپ سەمەرقەنتتىن سىردەريابويىغا ۋە ئەنجانغا نۇرغۇن ئەسكەر يىغدى. شىرمەھەممەدخان بۇنىڭغا قارشى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىگە ئىنىسى خىزىرخوجا ئوغلان، ئەمىرشاھجاھانشاھ، بەگلەربېگى خۇدادادىخان، سەدرىئىسلام ۋە مەلىكىل ئىسلام قاتارلىق قوماندانلىرى باشچىلىقىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇلۇغبەگ مىرزا بۇنىڭغا قارىتا پۈتۈن كۈچى بىلەن تاشكەنتكە يۈرۈش قىلدى. دادىسى شاھرۇخ مىرزا ئۇلۇغبەگنى ئۇرۇشتىن توسوپ تەكرار ـ تەكرار يارلىق نامە ئەۋەتسىمۇ قۇلاق سالماستىن يۈرۈشنى داۋام قىلىپ، ھىجرى 828 ـ يىلى رەبىئۇئەۋۋەلنىڭ 27 ـ كۈنى تاشكەنتكە كەلدى. شىرمەھەممەدخانمۇ ئالمىلىقتىن يۈرۈش قىلىپ ئىسسىقكۆلنىڭ غەرب جەنۇبىدىكى ئارتىبېشى دېگەن يەرنىڭ شىمالىدىكى «تېكەسەكرر» دەرياسى (سىردەريا نىڭ بېشى) بويىدا كېش يايلاقنى ھەربىي بازا قىلىپ يەرلەشتى. ئەمىرجاھانشاھنى تالاس ۋە ئىسسىقكۆل ئوتتۇرىسىغا، سەدرىئىسلام ۋە مەلىكۇل ئىسلامنى تالاسنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئورتاكۆل بويىغا يەرلەشتۇرۇپ، ئۇلۇغبەگ مىرزانىڭ ھۇجۇمىغا قارشى مەستەھكەم فرونتلەر تەشكىل قىلدى. ئۇلۇغبەگ تاشكەنتتىن يۈرۈپ، تالاس چېگرىسىغا كەلگەندە ئەمىرجاھانشاھ يېتىپ كەلدى ۋە شىددەتلىك ئۇرۇش باشلاندى. ھەرئىككى تەرەپتىن مىڭلارچە كىشى چىقىم بولغاندىن كېيىن ئەمىرجاھانشاھ ئەسكەرلىرىنى جەنۇبقا چېكىندۇرۇپ، تالاس تاغلىرىغا ئورۇنلاشتى. ئۇلۇغبەگ جاھانشاھنى قېچىپ خىزىرخوجائوغلان ۋە خۇدادادىخانلار بىلەن بىرلەشتى دەپ خىيال قىلىپ، بىرقىسىم ئەسكەرلىرىنى ئالدىدا ماڭغۇزۇپ ئۆزى ئاساسى قىسىم بىلەن ئارقىدىن ماڭدى. ئالدىدا ماڭغان ئەسكەرلەرخەۋەرسىز ياتقان خىزىرخوجا ئوغلاننىڭ ئەسكەرگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. شىددەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن خىزىرخوجائوغلان ئەسىرئېلىندى ۋە دەرھال سەمەرقەنتكە ئەۋەتىلدى. ئۇندىن كېيىن ئۇلۇغبەگ پۈتۈن قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئېرىقسۇ(ھازىرقى ئاقسۇ) يولى

بىلەن شەرققە ئىلگىرلەپ خۇدادادىخان بىلەن ئۇرۇشماقچى بولدى. چۇ دەريا بويىدا خۇدادادىخاننىڭ بۆكتۈرمىدا ياتقان ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراپ ئېغىر چىقىم تارتتى. ئۇلۇغبەگ ئۇيەردىن مېڭىپ قوش بولاققا كەلدى. بۇيەر خۇدادادىخاننىڭ ئەسكەرگاھىغا يېقىن ئىدى. ئۇلۇغبەگ بۇيەردە خودادادخاننى ئارىغا ئېلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى، قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن تەسلىم بولدى ۋە سەمەرقەنتكە ئەۋەتىلدى. لېكىن، شىرمەھەممەدخان ئۆزىنىڭ مانېۋىرلىرىنى ئولۇغبەگنىڭ چارلاش قىسىملىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ساقلاپ قالالىغاندى. چۈنكى، چارلاش قىسىم كېلىپ ئەھۋالنى ئولۇغبەگكە مەلوم قىلىپ تېخى سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا شىرمەھەمەدخاننىڭ ئەسكەرلىرى بېسىپ كېلىپ، ئۇلۇغبەگنىڭ ئەسكەرلىرىگە پۇرسەت بەرمەي يېرىم ھالقا شەكلىدە ئارىغا ئېلىۋالدى. ئۇلۇغبەگ بىر كېچە - كۈندۈز قۇرشاۋدا قېلىپ كۆپلىگەن ئەسكەرلىرى قىرىلىپ كەتتى. ئاخىرى ئۇلۇغبەگ ئۇمىتسىز بىر قىلىچۋازلىق ئۇرۇشى بىلەن قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ قېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئەمما، ئەمىرجاھانشاھنىڭ ئۇنىڭ قېچىش يوللىرىنىڭ ھەممىسىنى توسقانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇلۇغبەگ ناھايىتى ھودۇقۇپ كەتتى ۋە ھېچ نەرسىگە قارىماي ئارقىسىغا قېچىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ ئەسكەرلىرىنى ئۈچكەبۆلۈپ ئۈچ يول بىلەن تاشكەنت تەرەپكە قاراپ ئېھتىيات ۋە تېزلىك بىلەن چېكىندى. يولدا ئەمىر جاھانشاھ ئۇلۇغبەگنىڭ شىمال يولدىكى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكەزدى. بۇلاردىن يالغۇز مەھەممەد بارلاس ۋە ئىسكەندەربەگ دېگەن ئىككى قوماندانى ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ ئۇلوغبەگنىڭ قېشىغا قېچىپ بارالدى. قىسقىسى، ئۇلۇغبەگنىڭ ئاساسى قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى تۈگەپ، دەھشەتلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھىجرى 868 ـ يىلى شابان ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى (مىلادى 1463ـ يىلى7ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى) ئاران سەمەرقەنتكە بېرىۋالدى.

ئۇلۇغبەگنىڭ بۇپائالىيەتلىرىدىن دادىسى شاھرۇخ مىرزانىڭ مەنئى قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىدىم. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئېغىرمەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقانلىقىدىن دادىسى ناھايىتى غەزەپلىنىپ، ئۇنى جازالاپ پايتەخت (ھىرات) تىن سەمەرقەنتكە سۈرگۈن قىلدى. كېيىنچە پۈتۈن كورگان جەمەتىنىڭ ئۇلوغبەگنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشى بىلەن دادىسى ئۇنى ئەپۇ قىلدى. ئۇلوغبەگ ئەسىرقىلىپ ئەۋەتكەن خىزىرخوجا ئوغلان ۋە خۇدادادىخاننى كۆپ ئېھتىرام بىلەن ئازات قىلىپ قايتۇردى. خىزىرخوجائوغلان شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلدى، خۇدادادىخان قېرىغان ۋاقتىمدا ھەج قىلىپ ئاندىن ۋەتەنىمگە قايتىمەن دەپ، مەككىگە بېرىپ ھەجنى ئادا قىلىپ بولۇپ، 70 يېشىدا مەككە مۇكەررىمدە ۋاپات بولدى.

## شىرمەھەممەد خاننىڭ ۋاپاتى ۋە ئۇۋەيس ئوغلاننىڭ خان بولغانلىقى

شىرمەھەممەدخان يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇرۇشتا ئۇلۇغبەگ مىرزانى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن تا ۋاپاتىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈزبەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە ئېنىقلىق مەلۇمات يوق. شىرمەھەممەدخان ھىجرى 828 ـ (مىلادى 1425ـ) يىلى ۋاپات بولۇپ ئورنىغا دۈشمىنى ئۇۋەيس ئوغلان خان بولدى. ئۇۋەيس ئوغلانخاننىڭ 10 يىللىق سەلتەنەت دەۋرى توغرىسىدىمۇ تولۇق مەلۇماتىمىز يوق. ئۇۋەيس خاننىڭ كورگان خاندانى(تۆمۈربەگنىڭ جەمەتى) بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. بىرقېتىم ئولۇغبەگ مىرزانىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىزمىرزا غا بېرىپ، توغقانلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىگەنىدى.

ھىجرى 831 ـ يىلى بىرئىسيان چىقىپ (كىمنىڭ چىقارغىنى مەلۇم ئەمەس) شىددەتلىك ئۇرۇشلار بىلەن 8 يىل داۋام قىلىپ ئاخىرى ئۇۋەيسخان ئۆلتۈرۈلدى. كىم تەرەپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى تازا ئېنىق بولمىسىمۇ تارىخى رەشىدى ۋە بابۇر تۈزۈكىنىڭ بەزى ئىشارەتلىرىگە قارىغاندا ئۆز ئوغلى يۇنۇس خاننىڭ قولىدا شېھىت بولغانلىقى مەلۇم[73].

## III ـ ئېسەن بوغاخاننىڭ خان بولغانلىقى

ئۇۋەيسخاننىڭ ئىككى ئوغلى ئېسەن بوغاخان ۋە يۇنۇس خان تەخت تالىشىپ ئۇرۇشقىلى باشلىدى. تولا ئۇرۇشلاردىن كېيىن دۆلەت كاتتالىرى ۋە كۆپچىلىك خەلق ئېسەن بوغاخان تەرەپتارى بولغانلىقىدىن يۇنۇس خان مەغلۇپ بولدى، تەرەپتارى بولغان نارىن تۈمەنبېگى ئەبەرزەنبەگ ۋە تالاس تۈمەنبېگى مىرەك تۈركمەن باشلىق تەخمىنەن 3000 ئۆيلۈك ئادىمى بىلەن قېچىپ، فەرغانىغا ئۆتتى ۋە ئۇلۇغبەگ مىرزانىڭ قېشىدا پاناھ تېپىپ ئۆزىنىڭدىن ئاكىسىغا قارشى ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلۇغبەگ مىرزا يۇنۇس خاننى ئادەملىرىدىن ئايرىپ، يالغۇزخوتۇن بالاچاقالىرى بىلەن ئىراق تەرەپكە سۈرگۈن قىلدى. ئادەملىرىنى ھەرقايىسى ۋىلايەتلەرگە تارقىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېسەن بوغاخان دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى خان ئېلان قىلدى. بۇكىشى چاغاتاي خاندانىدىن تەختتە ئولتۇرغانلاردىن ئېسەن بوغاخان ئاتلىق 3 ـ خاندۇر. ئېسەن بوغاخان توپلاڭ نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان يۇرتنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى،كورگان خاندانى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى ۋە ئەسكىرىي كۈچىنى تەرەققى قىلدۇردى. ئۇ چاغدا ئالتاي، ئىمىل، زارغالانتۇ(قۇبدۇ)، زىغالانتۇ(ئۇلۇستاي) ئۆلكىلىرى كۈچلىنىپ، مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانىدى. ئىلى، يەتتەسۇ، بارىكۆل تەرەپلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان قالماق قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ،

[73] بابۇر تۈزۈكى ـ پادىشا بابۇر مىرزا نىڭ تارىخىي ئەسەرى «بابۇرنامە» نى كۆرسىتىدۇ( ن . ش. ھ.).

ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە باج ـ خىراج تۆلەش شەرتى بىلەن بويسۇندۇردى. يەنە شۇچاغلاردا ئارالكۆلى، تۇبول، ئىرتىش دەريالىرى ئارىسىدا يېڭى بىر دۆلەت قۇرۇپ چىققان ئۆزبەكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشلىرىنى توستى. ئۆزبەك خانى ئۇبۇلخەير بىلەن ئۇرۇشۇپ، مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن قازاق خانلىرى جانىبەگ ۋە ئەھمەد خانلار ۋە ئۇلارنىڭ تەۋەسىدىكىلەرنى ئېسەن بوغاخان سىردەر يانىڭ ئاياغ تەرەپىدىن جاي بېرىپ ئۆز پاناھىغا ئالدى. ئېسەن بوغاخان ئۆزتەرەپتارلىرى بولغان موغۇل بەگ ۋە ئەسكەرلەرگە كۆپ ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق بېرىۋەتكەنلىكىدىن ئۇلارخەلققە ئېغىر زۇلۇم ۋەكۈلپەت سېلىپ خەلقنىڭ نارازىلىقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

### III ـ ئېسەن بوغاخاننىڭ فەرغانىنى ئالغانلىقى

كورگانلاردىن شاھرۇخ مىرزانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كورگان خانىدانى ئارىسىدا ئىچكى كۈرەش باشلىنىپ كەتتى. بۇ پۇرسەتتىن ئېسەن بوغاخان پايدىلىنىپ چېگرىغا يېقىن بولغان بىرقىسىم يەرلەرنى ئۇرۇش قىلمايلا قولغا چۈشۈرۋالدى. ھىجرى 853 ـ يىلى ئۇلۇغبەگ مىرزا بىلەن ئوغلى ئابدۇللىتىپ مىرزا ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن مەشھۇرفاجىئەلىك ۋەقەدىن كېيىن ئېسەن بوغاخان يۈرۈش قىلىپ ئۆزكەنتتىن خوجەنتكىچە بولغان پۈتۈن فەرغانىنى ئىشغال قىلدى. لېكىن، ئۇلۇغبەگ مىرزا زامانىسىدىكى ئادىل ـ ئىنساپلىق ھۆكۈمەتكە ئادەتلىنىپ قالغان فەرغانەخەلقى، ئېسەن بوغاخاننىڭ قوماندانلىرىنىڭ زۇلۇملىرىغا چىدىيالماي دائىم ئىسيان چىقىرىپ تۇراتتى. نەتىجىدە، ئېسەن بوغاخان ئەنجان خەلقىدىن تولا ئەسىرئېلىپ ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستانغا سۈرگۈن قىلاتتى. ئەگەر ئەنجان خەلقى بۇنداق ئىسيانلار بىلەن ئېسەن بوغاخاننى مەشغۇل قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، ئۇنىڭ ئاللاقاچان پۈتۈن غەربىي تۈركىستانى ئىشغال قىلىشىغا قولاي شارائىت مەۋجۇد ئىدى. ئېسەن بوغاخان بۇ ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇش بىلەن بولۇۋاتقاندا كورگان خانىدانىدىن ئەبۇسە ئىدمىرزا باشقا رەقىپلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىچكى كۈرەشنى تۈگىتىپ، ھاكىمىيەتنى قولغائېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى ۋەكورگان خانىدانى ئەنئەنىسىنى تاشلاپ، ئۆزىگە «سۇلتان» ئۇنۋانىنى ئالدى . سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ھىجرى 855 ـ (مىلادى 1451ـ) يىلىدا ئېسەن بوغاخاندىن فەرغانىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش باشلاپ ھىجرى 856 ـ يىلى ئەشفەرە(مەرغىناننىڭ غەرب تەرەپىدىكى بىرشەھەر) يېقىنلىرىدىكى بىر ئۇرۇشتا فەرغانە خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېسەن بوغاخاننى مەغلۇپ قىلدى. ھىجرى857 ـ يىلى ئەنجان يېقىنلىرىدىكى بىرئۇرۇشتا ئېسەن بوغاخان يەنە مەغلۇپ بولۇپ فەرغانىنى بوشىتىپ چېقىپ كەتتى.

ئېسەن بوغاخان ھىجرى 866 ـ (مىلادى 1461ـ) يىلى ئوغلى دوست مەھەممەد نى تۇرپانغا ۋالى قىلدى. ئاقسۇ ۋە كۇچا ۋىلايەتلىرىنى دۇغلات ھۆكۈمدارى ھەيدەرمىرزادىن تارتىۋېلىپ، ئۇنىمۇ دوست مەھەممەدكە بەردى، ھەيدەرمىرزا دوست مەھەممەدنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ دوست مەھەممەد ئومۇمىي ۋالىلىق سۈپىتىگە ئىگە بولدى.

## يۇنۇس خاننىڭ خان بولغانلىقى

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئېسەن بوغاخاننىڭ غەربىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىشىدىن دائىم قورقۇپ تۇراتتى ۋە بۇخەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئىچكى جەھەتتە بىرئىسيانىنىڭ چىقىشى دەپ چۈشۈنەتتى. بۇنداق بىر ئىسيانىنىڭ چىقىشى ئۈچۈن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا قولىدىن كېلىشىچە تىرىشىپ، ھاجىبەگ باشلىق بىرقانچە تۆمەنبەگلىرىنى كۈشكۈرتۈپ ئېسەن بوغاخانغا قارشى ئىسيان چىقاردى. ئەمما، بۇنداق كىچىك كۆلەمدىكى توپىلاڭلار ئېسەن بوغاخاننىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرالمىدى. ھىجرى 866 ـ يىلى ئەتراپىدا سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بۇ مەقسىتى ئۈچۈن، ئىشقا يارايدىغان بىرسىنى تاپتى. بۇكىشى شەرقىي تۈركىستاندىن ھەيدىلىپ، 20 يىلدىن بېرى ئىراندا سەرگەندا بولۇپ يۈرگەن ئېسەن بوغاخاننىڭ ئىنىسى يۇنۇس خان ئىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا يۇنۇس خاننى ئىراندىن تېپىپ كېلىپ، سەمەرقەنتتە ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى ۋە مۇنداق دەپ تەكلىپ بەردى: «چاغاتاي ۋەكورگان خاندانى ئوتتۇرىسىدا ئۆتمۈشتىن قالغان دۈشمەنلىك داۋام قىلىپ، نۇرغۇن قان تۆكۈلدى. بىز ئەمدى بۇدۈشمەنلىكنى ئاياغلاشتۇرۇشنى خالايمىز، ئۆزلىرىنى چاغاتاي دۆلىتىنىڭ خانى دەپ تونۇپ، ئارىمىزدا سەمىمىي دوستلۇق ئورنۇتۇشنى تىلەيمىز، خانلىق تەختىنى قوللىرىغا ئېلىشقا ياردەم قىلىشقا تەييارمىز». يۇنۇس خان بۇ تەكلىپنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە قەسەمياد قىلىپ دوستلۇق كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. ئۇندىن كېيىن، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يۇنۇس خاننى ئۆزكەنت يولى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتتى. بۇئارىدا يۇنۇس خاننىڭ قېيىن ئاتىسى ھاجىبەگ باشلىق ئىسيانچى تۆمەنبەگلىرى ئېسەن بوغاخاندىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قېچىپ، فەرغانە چېگرىسىدا ئەسكەرلىرى بىلەن يۇنۇس خاننى كۈتۈپ تۇراتتى. يۇنۇس خان يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار تۈرك ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق بىرقۇرۇلتاي ئاچتى، يۇنۇس خاننى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش مۇراسىمى ئۆتكەزدى ۋە ئۇنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس خان ۋە ئېسەن بوغاخان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپ، قان تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ھىجرى 768 ـ يىلى يونۇس خان مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەنتكە قېچىپ كەلدى. سۇلتان بۇ قېتىم تېخىمۇ كۆپ ئەسكەر بىلەن ياردەم قىلىپ، قايتىدىن شەرقىي تۈركىستانغا يوللىدى. نەتىجىدە، ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىدا يەنە ناھايىتى شىددەتلىك ئۇرۇشلار بولدى. ئاخىرى ھىجرى 870 ۋە 871 ـ(مىلادى 1465 ۋە 1466ـ) يىللىرى يۇنۇس خان قەتئىي غالىپ بولۇپ تەڭرى تاغنىڭ شىمالىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزى ئالمالىق شەھرىنىمۇ قولغا چۈشۈردى. ئېسەن بوغا خاننىڭ ئاقىبىتى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. تۇرپان، كۇچا ۋە ئۈچنىڭ ئومۇمىي ۋالىسى دوست مەھەممەد ۋە

دۇغلات ھۆكۈمدارى مەھەممەد ھەيدەر مىرزا لار يۇنۇس خانغا بويسۇندى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان يۇنۇس خاننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى. يۇنۇس خان شۇچاغلاردىكى كورگان ھۆكۈمدارلىرىنى دوراپ ئۆزىگە «سۇلتان» ئۇنۋانىنى بەردى. ھىجرى 872 ـ يىلى ئابابەكرى مىرزا دۇغلات يەركەن ۋە خوتەننى ئىشغال قىلىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىدخان ۋە سۇلتان يۇنۇس خان ئارىسىدىكى دوستلۇق كېلىشىمى بۇرۇنقىدەكلا كۈچلىنىپ، داۋام قىلدى. كېيىنچە بۇ موناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سۇلتان يۇنۇسنىڭ ئۈچ ئوغلىغا سۇلتان ئەبۇسەئىدنىڭ ئۈچ قىزى تۈيي نىكاھلاندۇرۇلدى. (مېھرنىگارخانىم ئەھمەدمىرزاغا، قۇتلۇق نىگارخانىم ئۆمەرشەيخ مىرزاغا ۋە سۇلتان نىگارخانىم مەھمۇد مىرزا غا نىكاھ قىلىندى). بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ھۆكۈمدار ئارىسىدىكى دوستلۇق توغقانلىق رىشتىسى بىلەن تېخىمۇ كۈچلەندى. ھىجرى 883 يىلى تۇرپان ۋە ئۈچنىڭ ئومۇمىي ۋالىيسى دوست موھەممەد خان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئىنىسى كېپەك سۇلتان ئومۇمىي ۋالى بولدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەملىكىتى پارچىلاندى، چوڭ ئوغلى ئەھمەد مىرزا سەمەرقەنت ۋە بۇخارادا، ئوتتۇرانچى ئوغلى ئۆمەرشېيخ مىرزا فەرغانىدا ۋە كىچىك ئوغلى مەھمۇد مىرزا بەلخ ۋە تاخارىستاندا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشتى. بۇلارنىڭ بىر- بىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرى ياخشى بولمىغىنىدەك، قېيىن ئاتىسى سۇلتان يۇنۇس خانغىمۇ دادىلىرى بار چاغدىكىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان يۇنۇس خان بۇلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەسكىرىي قۇۋۋەت بىلەن ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا تۇردى. كېپەك سۇلتانمۇ ئۆز قۇۋۋەتلىرى بىلەن قالماقلارنىڭ ھۇجۇملىرىدىن مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى. قەشقەر مەھەممەد ھەيدەر مىرزا دۇغلاتنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولۇپ، خوتەن ۋە يەركەننى ئابابەكرى مىرزا دۇغلات مۇستەقىل ئىدارە قىلاتتى.

### فەرغانە، يەركەن ۋە قالماق سوقۇشلىرى

ھىجرى 878ـ (مىلادى 1473ـ) يىلى فەرغانە ھۆكۈمدارى ئۆمەرشېيخ مىرزا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يىرى بولغان نارىنغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان يۇنۇس خان نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن نارىنغا يۈرۈش قىلدى. نارىننىڭ غەربىدە فەرغانە چېگرىسىدىكى تېكەسەكرەر دەريا بويىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، ئاخىرى ئۆمەر شەيخ مىرزا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە ئېلىندى. سۇلتان يۇنۇس خان كۈيئوغلىغا ھۆرمەت قىلىپ، ياخشى مۇئامىلە بىلەن نەسىھەت قىلدى، ئوتتۇرىدا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق ئەھدىنامىسىغا قول قويۇشۇپ، ئۆمەرشەيخ مىرزانى فەرغانىغا ئۇزۇتۇپ ئۆزى ئالمىلىققا قايتتى. ئۇنىدىن كېيىن سۇلتان يۇنۇس خان بىلەن ئۆمەرشەيخ مىرزانىڭ مۇناسىۋەتلىرى كۈندىن كۈنگە تېخىمۇ ياخشىلاندى ۋە سۇلتان يۇنۇس خان غەربىي چېگراسىدىن خاتىرجەم بولۇپ، يۇرتنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىكى ئەسكىرىي

پائالىيەتلەرگە كىرىشىپ كەتتى.

ھىجرى 879 ـ يىلى سۇلتان يۇنۇس خان30,000 ئەسكىرى بىلەن ئۈچ (ئاقسۇ) غا كەلدى. قەشقەر ھۆكۈمدارى مەھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۈچقا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلدى ۋە ئابابەكرى مىرزاغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلدى. خان ئۇنى قەشقەرگە قايتىپ ئەسكەر توپلاشقا بۇيرۇپ ئۆزى ئارقىسىدىن كەلدى ۋە قەشقەردە يىغىلغان 20,000 ئەسكەرنى ئېلىپ، جەمئى 50,000 كىشىلىك زور بىرقوۇۋۋەت بىلەن يەركەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇنىڭغا قارشى ئابابەكرى مىرزانىڭ 2.000 ئەسكەرلىك ئازغىنە بىرقوۇۋۋەت ئىدى. لېكىن، ھەربىي سالاھىيەت جەھەتتىن ئابابەكرى مىرزانىڭ قىسىملىرى ئۈستۈن تۇراتتى. چۈنكى، سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى جەڭگىۋارلىق قابىلىيىتى بولمىغان قەدىمدىن تارتىپ بولاڭ ـ تالاڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەن موغۇل ۋە قىرغىزلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئابابەكرى مىرزانىڭ ئەسكەرلىرى بولسا، ھەربىي جەھەتتە ياخشى تەربىيەلەنگەن تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق يەرلىك (يەركەنلىك ۋە خوتەنلىك) ياشلاردىن تەشكىللەنگەن، تولۇق قوراللانغان جەڭچىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابابەكرى مىرزا ئاللاقاچان يەركەن شەھرىدىن 18 مىل غەربىدىكى «كۆك رۇبات» دېگەن جايدا ناھايىتى قوۇۋۋەتلىك بىر ئىستىھكام تەييارلاپ قويغانىدى. خان كۆك رۇباتقا كېلەر ـ كەلمەس شىددەتلىك ئۇرۇش باشلىنىپ، خاننىڭ ئەسكەرلىرى ئېغىرھالدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ پاراكەندە بولۇپ قاچتى. نەتىجىدە، خان قەشقەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ يەردىمۇ ئەسكەرلىرىنى توپلىيالماي ئۈچقا بېرىپ توختىدى. مەھەممەد ھەيدەر مىرزامۇ قەشقەرنى ۋەيران قىلىپ، قېچىپ خاننىڭ ئارقىسىدىن يەتتى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ئابابەكرى مىرزاغا قالدى. ئابابەكرى مىرزا توغرىسىدىكى باشقا ۋەقەلەرنى«دوغلات تارىخچىسى» دېگەن بۆلۈمدە تەپسىلى بايان قىلىمەن. تا سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ ۋاپاتىغىچە ئابابەكرى مىرزا بىلەن ئۇرۇشۇشقا ۋاقتى بولمىدى. چۈنكى، ئۇئاردا ئۆزبەك ۋە قازاق خانلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچلىنىپ قالغانىدى. ئۆزبەكلەر سىردەريا ۋە چۇ دەريانىڭ ئاياقلىرىدىكى جايلارنى، قازاقلار بولسا بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىدىكى جايلار(بۈگۈنكى سىمىپلاتىنىسكى) نى ئىشغال قىلىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقتىن خان ئەسكىرىي كۈچىنىڭ بۈيۈك بىرقىسمىنى شىمالدا تۇرغۇزۇشقا مەجبۇر ئىدى.

ئالتائ ۋە ئىمىل ئۆلكىلىرىنى قالماقلار ئىستىلا قىلىپ ئىلى، يەتتەسۇ ۋە بارىكۆل چېگرالىرىغا پات ـ پات ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خان كۈچلىرىدىن مۇھىم بىرقىسمىنى تۇرپان ئومۇمىي ۋالىسى كېپەك سۇلتاننىڭ رەھبەرلىكىدە قالماقلارنىڭ ئۈستىگە يوللىدى. ھىجرى 885 ـ(مىلادى 1480ـ) يىلى ئەتراپىدا كېپەك سۇلتان قالماقلارنى مەغلۇپ قىلىپ ھەيدىۋەتتى.

## سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ تاشكەنتنى پايتەخت قىلغانلىقى

سۇلتان يۇنۇس خان ۋەكۇيئۇغلى ئۆمەرشەيخ مىرزا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلاشقاندىن كېيىن بۇلارنىڭ ئارىسىدا بېرىش - كېلىش كۆپەيدى. بۇ ئارىدا ئۆمەرشەيخ مىرزا ۋە ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تاشكەنت ۋە شاھىرخىيە(شاھرۇخىيە) دېگەن ئىككى شەھەرنى تالىشىپ قالغان. (شاھرۇخىيە ئەسلىدە «فىناكىت» دەپ ئاتالغان سىردەريانىڭ شىمال ياقىسىغا يېقىن خوجەنت شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چوڭ بىرشەھەر ئىدى. ھازىر بۇ شەھەر يوق) بۇئىككى شەھەر ئۆمەرشەيخ مىرزانىڭ قولىدائىدى. ھىجرى 888 -(مىلادى 1483 -) يىلى سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ ئۆمەرشەيخ مىرزا نىكاھىدىكى قىزى قۇتلۇق نىگارخانىم بىرئوغۇل تۇغدى. ئۆمەرشەيخ مىرزا بۇ ئوغلىنىڭ ئات تۆيىغا سۇلتان يۇنۇس خاننى دەۋەت قىلىپ، دەبدەبىلىك بىر مۇراسىم بىلەن بالىغا «بابۇر» دەپ ئات قويدى. شۇ دەۋرنىڭ تەرىقەت مۇرشىدلىرىدىن خوجا ئەبەيدۇللائەھرارى بۇنىڭغا «زۇھۇرىددىن مۇھەممەد» دەپ ئىسىم قويدى[74]. (مانا بۇ پۈتۈن ھىندىستاننى پەتھى قىلغان مەشھۇر بابۇر پادىشا دۇر) بۇ مۇراسىمدىن كېيىن ئۆمەرشەيخ مىرزا ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسىدا تالاشقا چۈشۈپ قالغان 2 شەھەر(تاشكەنت ۋە شاھرۇخىيە) نى سۇلتان يۇنۇس خانغا ھەدىيە قىلدى. سۇلتان بۇ ئىككى شەھەرنى قولىغا ئالدى ۋە تاشكەنتنى پايتەخت قىلىپ ئولتۇردى. ھىجرى 890 - (مىلادى1485 -) يىلى تۇرپان، بەشبالىق، چالىش، كۇچا ۋە ئۈچ ۋىلايەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋالىسى كېپەك سۇلتان ۋاپات بولۇپ ئورنىغا خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەھمەدخاننى ۋالى قىلدى. ئەھمەدخان قالماقلار بىلەن ئۇزۇن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى ۋە ھەر يىل بەلگىلەنگەن مىقداردا باج - سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىگە تەۋە قىلدى. ئەھمەدخاننى قالماقلار ئۆزىنىڭ جان دۈشمىنى دەپ تونۇغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇنى «ئالاچىي» (قالماقچىدا ئۇزۇن بويلۇق ئادەم دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتايتتى. ئەھمەدخان بو لەقەمنى ياخشى كۆرەتتى، كېيىنچە ئۇ بۇ لەقەم بىلەن ئەھمەد ئالاچىخان دەپ مەشھۇر بولدى. زامان ئۆتكەنسىرى تۈركىستان خەلقى ئىچىدە بۇنام تەلەپپۇزى بۇزۇلۇپ «ئالىچەخان» بولۇپ قالدى.

## سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ مەدەنىيەت ئۈچۈن قىلغان ئىككى مۇھىم خىزمىتى

ئۇچاغلاردا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا دۆلەتلەر ۋە قەبىلىلەر بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئەسىرگە ئالغان ئادەملەرنى قۇل قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىغان ئادەتلىرى بار ئىدى. سۇلتان يۇنۇس خان شەرقىي تۈركىستاندا بۇئىشنى قەتئىي مەنئى قىلىپ، ئىنسانىنى سېتىش ياكى سېتىۋېلىشنى يوقاتتى. غەربىي تۈركىستان، ئافغانىستان ۋە ئىران قاتارلىق مەملىكەتلەردىكى كورگان

74 تەرىقەت مۇرشىدى ــ تەرىقەت مەزھىبىنىڭ يولباشچىسى، داھىسى.(ن . ش. ھ..).

ھۆكۈمدارلىرىغا شۇ دەۋرنىڭ تەرىقەت مۇرشىدى بولغان خوجا ئەبەيدۇللائەھرارنىڭ تەشۋىقى ۋە تەسدىقى(پەتۋاسى) نى قوشۇپ ئۇختۇرۇش قىلىپ، مۇسۇلمانلاردىن قۇل بولۇپ قالغانلارنى ئازات قىلىشنى بىلدۇرگەن. نەتىجىدە، مىڭلارچە قۇل ئازات قىلىنغان.

ئىلى جىلغىسى، يەتتە سۇ، چۇ دەريا بويى، تالاس ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى قەدىمدىن تارتىپ پەۋقۇلئاددە ئاۋات ۋە كۆركەم 100گە يېقىن شەھىرى بولغان بۇ يەرلەر چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە بېسىپ ئۆتكەن يول ئۈستىدە بولغانلىقتىن ۋە چاغاتاي خاندانى بىلەن تۆمۈربەگ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى زامانىسىدىكى ئىچكىي ۋە تاشقى ئۇرۇشلىرىدا جەڭ مەيدانى بولغانلىقتىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك خارابىلىققا ئايلىنىپ بىرمۇ شەھەرساق قالمىغاندى. خەلق يۇرتلىرىنى تاشلاپ كۆچمەنلىك ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكتىن بۇ مەملىكەتلەرنى ئاۋات قىلىش، شەھەر ـ كەنتلەر قۇرۇپ چىقىش ئىمكانسىز بىرھالغا كېلىپ قالغاندى.

سۇلتان يۇنۇس خان بۇ ئۆلكىلەرنى ئاۋات قىلىش ۋە ئاھالىسىنى مەدەنىيەتكە باشلاش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئاخىرى سۇلتان يۇنۇس خان ئالدى بىلەن بۇلاردىن بىرقىسمىنى زورلاپ شەھەر ھاياتىغا ۋە مەدەنىيەتكە ئادەتلەندۇرۇپ، ئۇندىن كېيىن بۇلارنىڭ كۆچى بىلەن ئاستا ـ ئاستا شەھەر ۋە كەنتلەر ۋۇجۇدقا چىقىرىش لازىم دېگەن پىكىرگە كېلىپ، ئۇ مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان خەلقلەردىن بىرقانچە مىڭ كىشىنى زورلاپ كۆچۈرۈپ كېلىپ، تاشكەنت شەھىرىگە يەرلەشتۈردى. بۇلاردىن بىرقىسمى يولدا بىرقىسمى تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىن قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ كۆپچىلىگى تاشكەنتتە بىرقانچە يىل تۇرۇپ قالدى ۋە شەھەر ھاياتىغا كۆندى. سۇلتان يۇنۇس خان بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرغىنىدا بۇلار يۇرتلىرىدا ئۆزقوللىرى بىلەن يىزا ـ كەنتلەرنى، شەھىرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ئالمائاتا، توخماق ۋە قاراقول شەھەرلىرى بۇلاردىن بىرقانچىسى.

## مەھمۇد خاننىڭ خان بولغانلىقى

سۇلتان يۇنۇس خان ھىجرى 892ـ (مىلادى 1487ـ) يىلى ۋاپات قىلىپ، ئورنىغا ۋەلىئەھدى، يەنى تەخت ۋارىسى بولغان چوڭ ئوغلى مەھمۇدخان خانلىق تەختىگە چىقتى. سۇلتان مەھمۇد خانلىق تەختىگە چىققان چاغدا سىياسەت ۋە ھەربىي ئىشلاردا قابىلىيىتى بار بىر پادىشا ئۈچۈن، سەلتەنىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشكە، تېرىتورىيەسىنى كېڭەيتىپ شەرقىي تۈركىستان ۋە غەربىي تۈركىستان بىرلەشتۈرۈلگەن بۈيۈك بىرتۈرك ئىمپېراتورلۇقى قۇرۇپ چىقىشقا تامامەن ئىمكانىيەت بار ئىدى. چۈنكى، ئۇچاغدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازغىنە بىرقىسمى(خوتەن ۋە يەركەن) دىكى ئابابەكرى مىرزانىڭ كىچىك بىرئەسكىرىي قىسىملىرىدىن باشقا سۇلتانغا قارشى چىقالىغۇدەك بىركۈچمۇ يوق ۋە

پۈتۈن خەلق دۆلەتكە ئىتائەت قىلىپ، تىنچ ـ ئامانلىق ئىچىدە ياشىماقتا ئىدى. مەملىكەت مىقياسىدىن كۆپ ساندا ئەسكەر يىغىپ زۇر ۋە كۈچلۈك بىرھەربىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇش ئاسان مەسىلە ئىدى. غەربىي تۈركىستانداكورگان خاندانىغا مەنسۇپ شاھزادىلار ۋىلايەت ـ ۋىلايەتتە، ھەتتا، بىر شەھەردە موستەقىل بولۇۋېلىپ بىر بىرىگە دۈشمەن ئىدى. بۆلۈنمىچىلىك ۋە فئۇداللىق شەكلى بىلەن مۇنقەرىز بولۇش دەۋرىنى ياشاماقتا ئىدى. ئەمما، سۇلتان مەھمودخان بۇنداق بىر پۇرسەتتىن پايدىلىنالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگەكىشى ئەمەستى. بۇ ئەھۋالنى پادىشاھ بابۇر«بابۇر تۈزۈكى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خان دادام (سۇلتان مەھمۇدنى دېمەكچى) جەڭگى ئادەم ئەمەس ئىدى. ئەسكەرلىكتىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى» تارىخى رەشىدى نىڭ مۇئەللىپى ھەيدەر مىرزا «سۇلتان مەھمۇدخان قابىلىيەتسىز بىرشاھزادە، تەييار پادىشالىققا ئىگە بولۇپ ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن بىر زات ئىدى. دادىسىنىڭ ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىنى ئىشتىن بوشىتىپ، ئورنىغا ئۆزىنىڭ ياش ۋە تەجرىبىسىز ئاغىنىلىرىنى قويدى. بۇخاتا تەدبىرلەر ۋە ناچار ئىدارىلىرى تۈپەيلىدىن ئىش بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى سۇلتاندىن يۈزئۆرۈپ، ھەرتەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ راھەتپەرەستلىكى ۋە تەدبىرسىزلىكى نەتىجىسىدە يۈزبەرگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەر ناھايىتى تولا. سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يىقىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ دۈشمەنلەرتەرىپىدىن شېھىت قىلىنىشى مانا شۇ پاجىئەلەردىن بىرى» دەپ يازىدۇ.

ئۆزبېك ھۆكۈمدارى ئۇبۇلخەيرىنىڭ نەۋرىسى مەھەممەد شىبانى خان (شاھبەگ ۋە شاھبەخت دەپمۇ ئاتىلىدۇ[75]) يۇرتىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قېچىپ، چىقىپ سۇلتان ئەھمەد مىرزا تەرىپىدىن بۇخارا ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن ئابدۇلئەلى تارخاننىڭ خىزمىتىگە گىرگەندى. كېيىنچە يېنىغا بىرقانچە ئۆزبېكلەرنى يىغىۋېلىپ، ئابدۇلئەلى تەرخانغا تۇزكورلۇق قىلىپ قېچىپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ قېشىغا كېلىۋالدى. چىڭگىزخان ئەۋلادى دەپ سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى ھۆرمەتلەپ يېنىغا ئالدى ۋە يېقىنلىق كۆرسىتىپ سۆھبەتلىرىگە قاتناشتۇردى. مەھەممەد شىبانى خان گەپكە ئۇستا، ھەربىي ۋە سىياسەت ئىشلىرىدا خېلى ماھارەتلىك ئادەم ئىدى. سۇلتان بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىنىڭ بىرىدە، كورگان خاندانىنىڭ بەك ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىدىن سۆز ئېچىپ، «ئەگەر سۇلتان ماڭا بۇيرۇق بەرسە ۋە بىرئاز ئەسكەر بەرسە كورگانلارنىڭ شەھىرلىرىدىن مۇمكىن بولغانلىرىنى ئالسام ۋە شۇنىڭ بىلەن كورگانلارنىڭ كەڭرى مەملىكەتلىرى سۇلتانغا تەۋە بولسا» دېگەن. سۇلتان مەھمۇدخان بۇ پىكرنى قوبۇل قىلىپ، ھىجرى 893ـ(مىلادى1488ـ) يىلى ئەتراپىدا شىبانى خانغا بىرقىسىم ئەسكەر، پۇل ۋە لاۋازىمەت بېرىپ تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى ئوترار، ساۋران ۋە تۈركىستان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. بۇ شەھەرلەر ئۇچاغدا سۇلتان ئەھمەد مىرزانىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولۇپ

[75] ھازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە، شىبانى خاننى «شايبان خان» دەپ ئالىدۇ، ئە. بايتۇر 1119ـ بەت (ن. ش. ھ.).

مەھەممەد فەرىد تارخان ۋالىي ئىدى. مەھەممەد شىبانى خان مەھەممەد فەرىد تارخان بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ يۇرتىنى ئىشغال قىلدى. سۇلتان مەھمۇد خان تۈركىستان شەھىرىنى مەھەممەد شىبانى خانغا ۋە ساۋران شەھىرىنى ئۇنىڭ ئىنىسى مەھمۇد شىبانىغا بەردى.

ھىجرى 895 ـ (مىلادى 1490ـ) يىلى قازاق خانى باراندۇقخان تۈركىستان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، تارتىۋالدى. سۇلتان مەھمۇدخان دەرھال ئەسكەرئەۋەتىپ باراندۇقخاننى قوغلاپ چىقىرىپ، شەھەرنى يەنە مەھەممەد شىبانى خانغا بەردى. ئۇندىن كېيىن شىبانى خان ئۆز يۇرتلىرىدىن قېچىپ كەلگەن ئۆزبېكلەرنى يېنىغا توپلاپ، كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەتراپتىكى يۇرتلارغا كىچىك كۆلەملىك يۇرۇشلەر باشلىدى ۋە بۇشەكىلدە سۇلتان مەھمۇدخان تەرەپىدىن تۈركىستان شەھىرىنىڭ ھاكىمى ۋە ئەسكىرىي قوماندانى سۈپىتى بىلەن 10 يىلدىن ئۇشۇقراق تۇردى. بۇندىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى تۆۋەندە نۆۋىتى كەلگەندە تەپسىلى بايان قىلىمەن.

## سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ كورگانىلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرى

ھىجرى 896ـ(مىلادى 1490ـ) يىلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا سىردەريادىن ئۆتۈپ، تاشكەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جايلارغا ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان مەھمۇد بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئاتلىنىپ كېلىپ چەرچىق دەريا بويىدا سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. سۇلتان ئەھمەد ـ مىرزانىڭ دەرۋىش بەگ دېگەن قوماندانى ئەسكەرلىرى بىلەن دەريادا غەرق بولۇپ ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن ئېغىرمەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا قايتىپ كەتتى.

فەرغانەھۆكۈمدارى ئۆمەرشەيخ مىرزا، بەزىدە ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزاغا تەۋە جايلارغا بەزىدە قېيىن ئاغىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا تەۋە يەرلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرى 899 ـ يىلى سۇلتان مەھمودخان ۋە سۇلتان ئەھمەد مىرزا لار بىرلىشىپ ئۆمەرشەيخ مىرزانى ئوتتۇرىدىن يوقىتىپ، فەرغانە ئۆلكىسىنى سىر دەرياسى چېگرا قىلىپ ئىككىسى، تەقسىم قىلىۋېلىشقا قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان شىمالدىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا غەربتىن فەرغانىگە يۇرۇش قىلدى. بۇ ئىككىسى فەرغانىگە كىرگەن چاغدا ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى. ئۇرنىغا 12 ياشقا كىرگەن ئوغلى بابۇر(تۆۋەندە بابۇرمىرزا دەپ يېزىلىدۇ) ئەنجان شەھىرىدە فەرغانە ھۆكۈمدارى ئېلان قىلىندى. تاجاۋۇزچىلارنىڭ بىرسى بۇكىچىك ھۆكۈمدار دادىسىنىڭ يەنە بىرى ئانىسىنىڭ قېرىندىشى بولغانلىقتىن بابۇر ئۇلارغا يالۋۇرۇپ ئەلچى ئەۋەتىسىمۇ، ئۇلار قوبۇل قىلمىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۆرەتېپە، خوجەنت ۋە مەرغىنان شەھەرلىرىنى ئېلىپ، ئەنجانغا قاراپ ئىلگىرلىدى. سۇلتان مەھمۇد كاسان شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ،

شەھەرلىرىنى ئېلىپ، ئەنجانغا قاراپ ئىلگىرلىدى. سۇلتان مەھمۇد كاسان شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆمەرشەيخ مىرزانىڭ پايتەختى ئەخسى(نەمەنگان) شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلدى.

ئەسلىدە تۇغما ئەسكىرىي ماھارەتكە ۋە فاتىھلىك قابىلىيەتكە ئىگە بابۇر مىرزا ئۆزىنىڭ ياشتا كىچىكلىكىگە ۋە كۈچىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي بۇئىككى چوڭ دۈشمەنگە جاسارەت بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشنى قارار قىلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەگلەر ۋە ئەسكەرلىرى پەۋقۇلئاددە ۋاپادارلىق كۆرسەتتى. بابۇرمىرزا ئەنجانغا قاراپ ئىلگىرلەپ كېلىۋاتقان سۇلتان ئەھمەد مىرزانى شەھەر تېشىدىكى قارا دەريا بويىدا توساپ قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، ئۇنى ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇرقىلدى. نۇرغۇن ئەسكىرى، ئات ۋە تۆگىلىرى دەريادا غەرق بولۇپ كېتىپ سۇلتان ئېغىر زىيان تارتتى. نەتىجىدە، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، بابۇر مىرزاغا ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى قىلىپ قايتىپ كەتتى.

بابۇر مىرزانىڭ ئاخىسدىكى ئەسكەرلىرى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھۇجۇمىغا قارشى قاتتىق تۇرۇپ مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى. قارادەريا ئۇرۇشىدىن كېيىن بابۇر مىرزا ياردەمگە ئەسكەر يوللىدى نەتىجىدە سۇلتان مەھمۇدخان چېكىنىپ كاسانغا قايتىپ كەتتى. كاساندا ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئۇيەردىن دەرھال تاشكەنتكە كەتتى.سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئەنجان ئۇرۇشىدىن قايتىپ سەمەرقەنتكە كېلەر- كەلمەس ۋاپات بولدى، ئورنىغا ئوغلى باي سەنقىر مىرزا ھۆكۈمداربولدى. ھىجرى 900 - يىلى سۇلتان مەھمۇدخان باي سەنقىرمىرزا دىن سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى تارتىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. باي سەنقىر مىرزا مۇ پۈتۈن قۇۋۋىتى بىلەن چىقىپ، سەمەرقەنت يېقىنلىرىدا شىددەتلىك ئۇرۇش قىلدى. نەتىجىدە، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ھەيدەركۆكىلداش مىڭغا يېقىن ئەسكىرى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بۇئېغىر مەغلۇبىيەت بىلەن جاسارىتىنى يوقاتقان سۇلتان مەھمۇد جەڭ مەيدانىدىن ئەسكەرلىرىنى تەرتىپ بىلەن چېكىندۈرۈپ شاھرۇخىيە شەھىرىگە كەلدى. ئۇچاغدا باي سەنقىر مىرزىغا تەۋە بولغان ئۆرەتېپە شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپ ئۇيەرگە قەشقەرنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمدارى ھەيدەر مىرزا نىڭ ئوغلى مەھەممەد ھۇسەيىن مىرزادوغلاتنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. سۇلتان مەھمۇد شاھرۇخىيدە يەنە ئەسكەر توپلاپ، ھەرىكەت قىلغىلى باشلىدى. بابۇر مىرزانىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، سۇلتان مەھمۇدنىڭ فەرغانىنى ئىشغال قىلىش نىيىتى بار ئىكەن. بابۇر مىرزا سۇلتاننىڭ بۇ نىيىتىنى ئۇقمىغان بولۇپ «خان دادامنى زىيارەت قىلمەن» دەپ ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن شاھرۇخىيگەكېلىپ، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىدا ئىككى كۈن مېھمان بولغان. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بابۇرمىرزا سۇلتان مەھمۇدخاننى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، ئۇنى دۈشمەندىن دوستقا ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭ بىلەن بابۇرمىرزا فەرغانىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىدا قېلىپ، سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنتكە قايتىپ كەتتى.

ھىجرى 902- (مىلادى 1496 -) يىلى بابۇرمىرزا سەمەرقەنتنى ئالغاندا ئۇنىڭ بەگلىرىدىن ئەھمەد

تەنبەل ۋە ھەسەن قاراقويلۇق دېگەنلەر يۈزئۆرۈپ سەمەرقەنتتىن فەرغانىغا قېچىپ كېلىپ، ئىسيان چىقاردى ۋە بابۇر مىرزانىڭ ئىنىسى جاھانگىر مىرزانى ھۆكۈمدار دەپ ئېلان قىلدى. بابۇر مىرزا بۇ ئاسىيلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش ئۈچۈن سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىپ خوجەنتكە كېلەر ـ كەلمەس سەمەرقەنتنى بۇرۇنقى ھۆكۈمدارى ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بابۇر مىرزا ئىككى دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ ھېچبىر تەرەپكە ماگىلماي قالغان.

بابۇر مىرزاخوجەنتتە تۇرۇپ سۇلتان مەھمۇدخاندىن تەنبەل بەگكە قارشى ياردەم تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان 6 ـ 7 مىڭ ئەسكەر بىلەن خوجەنتكە كېلىپ بابۇرمىرزا بىلەن بىرلىكتە ئەخسى شەھرىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئىسيانچىلار سۇلتان مەھمۇددىن سۈلھى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇد بابۇر مىرزا بىلەن مەسلىھەتلەشمەستىن بۇسۈلھىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا «مەن ساڭا سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى ئېلىپ بېرەي، فەرغانە ئىنىڭ جاھانگىرمىرزا نىڭ بولسۇن» دەپ تەسەللى بېرىپ تاشكەنتكە قايتىپ كەتتى. بابۇر مىرزانىڭ ئۆز ئەسەرىدە يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئەسلىدە سۇلتان مەھمودخاننىڭ نىيىتى فەرغانىنى ئۆزى ئېلىش ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بابۇر مىرزا يەنە خوجەنتتە قالدى. شۇ يىلى رامازان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا بابۇر مىرزا سەمەرقەنتنى ئالىمەن دەپ سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇد 5 ـ6 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن ئوغلى مەھەممەد سۇلتان («سۇلتانىم» دېگەن لەقەم بىلەن مەشھۇر) نى ئۇدۇل خوجەنتكە ئەۋەتىپ ئۆزى، بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆرەتېپىگە كەلدى.

بابۇر مىرزىنى سەمەرقەنتكە ماڭغۇزۇپ ئۆزى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرغىنىدا مەھەممەد شىبانى خاننىڭ سۇلتاندىن يۈز ئۆرۈپ ئىسيان چىقارغانلىق خەۋىرى كېلىپ، دەرھال تاشكەنتكە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. سۇلتانىمنىمۇ قايتۇردى، بابۇر مىرزامۇ خوجەنتكە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

### مەھەممەد شىبانى خاننىڭ سۇلتان مەھمۇدخانغا خىيانەت قىلغانلىقى

مەھەممەد شىبانى خان خېلى كۈچلىنىپ بىر يىلدىن بېرى بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئەتراپلىرىغا ئۇنچە ـ مۇنچە تېگىپ قويغىلى باشلىغانىدى، سۇلتان مەھمۇد بۇرۇنقىدەك ساداقەتلىك كۆرسىتىپ تۇرغانلىقىدىن شىبانى خاندىن ھېچ ئەندىشە قىلمايتتى.

سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئوغلى سۇلتانىم سەمەرقەنت يۈرۈشىگە كېتىپ تاشكەنتتە ئانچە كۆپ ئەسكەر قالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەھەممەد شىباني ئۆزى تاشكەنتكە ۋە ئىنىسى مەھمۇد شىباني سايرامغا يۈرۈش قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۆرەتۆپىدىن سەمەرقەنتكە يۈرۈش ئالدىدا بۇخەۋەرنى ئاڭلاپ

دەرھال يولىنى ئالماشتۇرۇپ، تاشكەنتكە يۈزدى ۋە شىبانىي خاندىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىپ ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىش ئۈچۈن تەدبىر ئالدى. سۇلتانىمۇ سەمەرقەنتكە يېقىن قالغاندا كەينىگە قايتىپ دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى. بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان مەھەممەد شىبانىي خان دەرھال ئارقىغا چېكىنىپ سۇلتانغا گۇناھىدىن يامانراق بىر ئۆزرەنامە يېزىپ ئەۋەتتى. «تارىخى رەشدى» نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا بۇ ئۆزرەنامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئاسىي قۇللار بېشىغا ئىنانىي دۆلەتلىرىنى مەئتۇف قىلغانلىرىنى ئاڭلاپ تاشكەند شەھىرى ۋەخەلقىنىڭ ئەمۋال ۋە ئەھلى ئاياللىرىنى مۇھاپىزە قىلماق خىزمىتىنى ئادا ئەيلىمەك ئۈچۈن يۈرۈپ ئىدىم، ھەزرەتلىرىنىڭ مۇقەررىرى سەلتەنەتدە نۇزۇل بۇيىرۇغانلىرىنى ئاڭلاپ مائمۇرلۇق يېرىم بولغان تۈركىستانغا ياندىم[76]». بۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىنىسى مەھمۇدشىبانىغا بىرخەت يېزىپ، « خان يولدىن قايتىپ كەپتۇ. سەن ھېچبىر يەرگە چېقىلماستىن دەرھال قايت» دەپ بىلدۈرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇخېتى يېتىپ كەلگۈچە مەھمۇد شىبانىي سايرامغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەرنىڭ ھاكىمى ئەھمەد بەگنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەنىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سايرامغا ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، مەھمۇد شىبانىنى تۇتۇپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. سۇلتان بۇلارنىڭ خىيانىتى ۋە نىيىتىنى بىلىپ بۇخەتەرلىك ئۇنسۇرلارنى دەرھال يوقىتىشنى قارار قىلدى. لېكىن، خان ئوردىسىدا شىبانىي خاننىڭ مەخپىي دوستلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە شاپائەت قىلىشلىرى نەتىجىسىدە سۇلتان ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدى ۋە ئىنىسىنىمۇ ئەپۇ قىلىپ ئاكىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

## سۇلتان مەھمۇد بىلەن بابۇرمىرزا نىڭ مۇناسىۋىتى

ھىجرى 903- (مىلادى 1498-) يىلى بابۇر تاشكەنتكە كېلىپ، فەرغانىنى ئېلىشتا سۇلتان مەھمۇد خاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان سىيد مەھەممەد مىرزا دۇغلات ۋە ئەييۇب بەگ باشچىلىقىدا 800 كىشىلىك بىرقوشۇن بىلەن بابۇر مىرزانى يولغا سالدى. بابۇر مىرزا بۇ ئازغىنە ئەسكەر بىلەن خوجەنتكە كېلىپ، مەرغىناننىڭ ئۇ يېرى - بۇيېرىگە ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ بىر ئىش قىلالماي سۇلتان ياردەم قىلغان ئەسكەرلىرىگە رۇخسەت قىلىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇندىن كېيىن بابۇر مىرزا

76 ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە يەشمىسى مۇنداق: «خان ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ دۆلەت تىزگىنىنى ئىسسيانچى قۇللار باشلىقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى دەپ ئاڭلاپ، تاشكەنت شەھىرىنى ۋە خەلقىنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە بالاچاقىلىرىنى قوغداش ۋەزىپەمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ماڭغانىدىم، ھەزرەتلىرىنىڭ سەلتەنەت پايتەختىگە شان - شەۋكەتلىرى بىلەن كېلىپ ئولتۇرغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ خىزمەت ئورنۇم بولغان تۈركىستانغا ياندىم» . (ن. ش. ھ.).

سۇلتان مەھمۇد نىڭ ياردىمى بىلەن مەقسىدىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە بىرتەرەپتىن فەرغانە خەلقىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى يۇشۇرۇنچە فەرغانىغا ئەۋەتىپ، بىر تەرەپتىن سۇلتاندىنمۇ ياردەم تەلەپ قىلدى. بابۇر مىرزىنىڭ تەشۋىقاتلىرى ئەھمەدبەگ تەنبەلنىڭ زۇلمىدىن زېرىكىپ كەتكەن فەرغانە خەلقىگە ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزئادەملىرىگە ياخشى تەسىرقىلدى. نەتىجىدە، بابۇرمىرزا، تەنبەلنىڭ مەرغىناندىكى ھاكىمىنى ئۆز تەرىپىگە تارتتى. ھىجرى 903 ـ يىلى بۇ ھاكىمنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ مەرغىناننى ئىشغال قىلدى. بۇھالەتتە سۇلتان مەھمۇدخان ياردەمگە يوللىغان بەندەئەلى، ھەيدەركۆكۆلداش ۋە ھاجى بەگلەر قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەر يېتىپ كېلىپ، بابۇرمىرزانىڭ قۇۋۋەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، دەرھال ئەنجانغا يۈرۈدى. ئوش ۋە ئۆزكەنتتىن باشقا پۈتۈن فەرغانە شەھەرلىرى بابۇرنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ غەلىبىلىك جەڭ ئەسناسىدا يۇقىرىدىكى سۇلتاننىڭ ياردەم ئۈچۈن كەلگەن ئەسكەرلىرى ئۆلجىنىڭ تولاراقىنى ئېلىۋالغانىدى. بۇ ئىشتىن نارازى بولغان بەگلىرىنىڭ تەشۋىقى بىلەن بابۇر بۇلارنىڭ قولىدىن ئۇ ئولجىلارنى تارتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلەر نارازى بولۇپ، تاشكەنتكە قايتىپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان مەھمۇد بابۇر مىرزىدىن خېلى ئاغرىندى.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلىرى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بابۇر مىرزا تەنبەل بەگنى تولۇق مەغلۇپ قىلالمىدى، ئوش ۋە ئۆزكەنت شەھىرلىرى تەنبەلنىڭ قولىدا قالدى. ئاخىرى تەنبەل بەگ سولتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىدا «ئىشىك ئاغاسى» مەنسىپىدە تۇرۇۋاتقان ئاكىسى بەگ تەلبەنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۇلتان مەھمۇتقا بويسۇندى ۋە بابۇرمىرزا غا قارشى سۇلتاندىن ياردەم تىلىدى. ھىجرى 905 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد خان ئوغلى سۇلتانىم (مەھەممەد سۇلتان) نى 6000 ئەسكەر بىلەن تەنبەلگە ياردەم قىلىشقا يوللىدى. سۇلتانىم كېلىپ بابۇرمىرزانىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كاسان شەھىرىنى تارتىۋالدى، كېيىن بابۇرمىرزانىڭ جىددى سۈرەتتە مۇداپىئەگە ھازىرلانغانلىقىنى ئاڭلاپ سۇلتانىم كاسان شەھىرىنى بوشىتىپ قايتىپ كەتتى.

## قەشقەرئۇرۇشى ۋە ئابابەكرى مىرزانىڭ ئۈچىنى ئىشغال قىلغانلىقى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك، سۇلتان مەھمۇدخان غەربىي تۈركىستاندىكى ئىشلارغا بەزىدە قولىنىڭ ئۈچىدا ئازراقلا ئارىلىشىپ قويۇپ، باشقا چاغلاردا سارايىدا ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. ئىنىسى ئەھمەد ئالاچەخان داۋاملىق قالماقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ ئاخىرى قالماقلارنى تامامەن ئېزىپ خاتىرجەم بولدى. ئەندى ئۇزۇندىن بېرى دۆلەتكە بويسۇنماي ئۆزئالدىغا مۇستەقىل ياشاۋاتقان ئابابەكرى مىرزا دۇغلاتنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ

قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەننى خانلىق مەركىزىگە تەۋە قىلىشنىڭ نۆۋىتى كەلگەندى. مانا بۇ مەقسەت بىلەن ھىجرى 905 ـ يىلى ئەھمەد ئالاچەخان قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى، بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئالاچەخان مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا قايتىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇشلاردا تېخى يېڭى ئاۋات بولغان قەشقەرشەھىرى بىر ۋەيرانىلىككە ئايلاندى. ئابابەكرى مىرزا ئالاچەخاننىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كېلىپ، ئۈچنى ئىشغال قىلدى.

## سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شىبانى خانغا قارشى ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى

مەھەممەد شىبانى خان بارغانسىرى كۈچلىنىپ سۇلتان مەھمۇدخانغا قارشى ئاشكارە دۈشمەنلىك ھەركەتلىرىنى باشلاپ، ئەتراپتىكى يۇرتلارنى ئىشغال قىلىشقا باشلىغانىدى. ھىجرى 905ـ يىلى شىبانى خان تۇيۇقسىز بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىشغال قىلدى. بۇ ئەھۋال ئاستىدا شىبانى خاننىڭ تېخىمۇ كۈچلىنىپ پۈتۈن تۈركىستاننىڭ بېشىغا دەھشەتلىك بىر بالا بولىدىغانلىقىغا ھېچ شەك قالمىغانىدى. سۇلتان مەھمۇدخان بۇ خەتەرنى بىلسىمۇ ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن جىددى ۋە ئاساسلىق چارە كۆرمىدى، پەقەت تۆۋەندىكىچە بەزى كىچىك كۆلەملىك ھەركەتلەر بىلەن چەكلەندى:

شىبانى خان سەمەرقەنتنى بېسۋېلىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى، سۇلتان مەھمۇدخان ئۇيەرنى ئۆزى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتى بىلەن مەھەممەد ھۇسەيىن مىرزا دۇغلات ۋە خان مىرزا دېگەن قوماندانلىرى باشچىلىقىدا بىرقانچە مىڭ ئەسكەرنى سەمەرقەنتكە يوللىغانىدى. بابۇر مىرزىنى« سەمەرقەنتنى ئېلىپ بولۇپ بۇخارانى ئېلىپ ئۇنى ساڭا بېرىمەن» دېگەن ۋەدە بىلەن ئۇنى بۇ يۈرۈشكە شېرىك قىلدى. بابۇرمىرزا دەرھال 1ـ 2 مىڭ كىشىلىك ئەسكەر بىلەن سەمەرقەنتكە يۈردى. بۇ قوشۇنلار سەمەرقەنتكە يېقىنلاشقاندا سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى ئەلى مىرزا، شىبانى خاندىن ياردەم تىلىدى، شىبانى خان دەرھال بۇخارادىن سەمەرقەنتكە كېلىپ، ئەلى مىرزانى تۇتۇپ قاماقqa ئالدى ۋە سەمەرقەنتنى ھېچ جاپا تارتماستىن ئىشغال قىلدى. نەتىجىدە، بابۇر مىرزا ۋە مەھەممەد ھۇسەيىن مىرزالار سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلالماي كەش(يېشىل) شەھىرىگە يېنىپ كېلىشتى. سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم كېلىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىپ 5 ـ 6 ئاي ساقلىغان بولسىمۇ ئۈمىدلىرى بىكارغا كەتتى. ئوزۇق ـ تۈلۈك جەھەتتىن قىسىلىپ قېلىپ، مەھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ۋە خان مىرزالار ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. بابۇرنىڭ ئەسكەر لىرىدىنمۇ تولىسى قېچىپ كېتىپ، يېنىدا ئاران 240 ئەسكىرى قالدى. بۇنى ئاڭلىغان شىبانى خان خاتىرجەم بولۇپ، سەمەرقەنتتە 5 ـ6 يۈز كىشىلىك بىر قىسىم قالدۇرۇپ ئۆزى بۇخاراغا يېنىپ كەتتى. بۇئارىدا بابۇر مىرزا بۇخارا خەلقى بىلەن مەخپى ئالاقە باغلاپ، بۇ ئازغىنە كۈچى ۋە بۇخارا خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كېچە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ سەمەرقەنتنى قولغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ

شەھەرئىچىدە مۇھاسىرىدە قالغاندەك بىرۋەزىيەتتە قالدى ۋە سۇلتان مەھمۇد خاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سۇلتان سيىد مۇھەممەد مىرزا دۇغلاتنىڭ قوماندانلىقىدا 500 كىشىلىك بىر قوۋۋەت ئەۋەتتى. بابۇر مىرزا بۇلار بىلەن بىرلىشىپ، شەھەرنىڭ تېشىغا چىقىپ، شىبانى خاننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشتى. ئەمما، قاتتىق زەربە يەپ مەغلۇپ بولدى، سۇلتان ئەۋەتكەن ياردەم قوشۇنىمۇ پاراكەندە بولۇپ قاچتى. بابۇر مىرزا چېكىنىپ شەھەرئىچىگە كىرىۋالدى ۋە بۇقېتىم ھەقىقىي سۈرەتتە مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. ئىككى ئاي مۇداپىئە قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، بىر كېچىدە شەھەردىن قېچىپ، مىڭ مۇشەققەت بىلەن ئۆرەتۆپىگە كەلدى. بۇئارادا ئەھمەد تەنبەل بەگ پۈتۈن فەرغانىنى ئىگەللەپ شىبانى خان بىلەن بىرلەشكەندى.

بابۇر مىرزا تاشكەنتكە كەلدى ۋە سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنى ئۆرە تۆپىگە ۋالىي قىلىپ تەيىن قىلغان بولسىمۇ ئۆرەتۆپىنىڭ سابىق ۋالىيسى مەھەممەد مىرزا دۇغلات ئۆرەتۆپىنى بابۇرمىرزا غا بوشىتىپ بېرىشنى رەت قىلدى، بابۇر مىرزا يەنە تاشكەنتكە قايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەھمەد تەنبەل بەگ ئۆرەتۆپىنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەھمەد تەنبەل بەگ ۋە شىبانى خانلار مەھمۇدخاننىڭ ئىككى دۈشمىنى بولۇپ مەيدانغا چىقتى ۋە ئىككىسى بىرلەشتى.

## شىبانى خاننىڭ تاشكەنتنى بېسىۋېلىشى

شىبانى خان بىلەن ئەھمەد تەنبەل بەگ ئىككىسى بىرلىشىپ، سۇلتان مەھمۇدخانغا قارشى ئاشكارە دۈشمەنلىك پائالىيەتلىرىنى باشلىغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئەھمەد ئالاچەخان تۇرپاندا چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى ئۆز ئورنىدا قويۇپ، ھىجرى 908 ـ (مىلادى 1502ـ) يىلى ئەتراپىدا تاشكەنتكە باردى ۋە قانداق قىلىپ، بۇئىككى دۈشمەننى يوقىتىش ھەققىدە پىكىرلەشتى. ئالدى بىلەن فەرغانىغا يۈرۈش قىلىپ تەنبەلنى يوقاتقاندىن كېيىن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىپ، شىبانى خاننى يوقىتىپ تۈركستاننى ئۆزبەك تەھلىكىسىدىن قۇتقۇزۇش پىلانى بويىچە، 30 مىڭ كىشىلىك بىرقوۋۋەت بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان ئالاچەخان ۋە بابۇرمىرزالار فەرغانىغا قاراپ ماڭدى. تەنبەلنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇچرىغان ھەريەردە مەغلۇپ قىلىپ، ئەنجان ۋە باشقا پۈتۈن شەھىرلەرنى ئېلىپ، تەنبەلنى يېقىنلىرى بىلەن ئەنجان شەھىرىدە مۇھاسىرىگە ئالدى. سۇلتان فەرغانىغا يۈرۈش باشلىغاندا تەنبەل شىبانى خاندىن ياردەم سورىغانىدى. سۇلتان، ئالاچەخان ۋە بابۇر مىرزالار ئەنجاننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، شەھەرنى ئالىمىزدەپ تۇرغانلىرىدا شىبانى خاننىڭ ئۆرەتۆپىگە كەلگەن خەۋىرى كەلدى ۋە ئۇلار ئەنجاننى ئېلىشنى قويۇپ شىبانى، خان بىلەن ئۇرۇشقىلى مەرغىنانغا ۋە ئۇيەردىن خوجەنتكەكەلدى. بىركۈنى ئۇشتۇمتۇت غەربىدىن شىبانى خان ۋە شەرقتىن تەنبەلنىڭ خوجەنتكە يۈرۈش قىلىپ يېقىنلىشىپ قالغانلىق خەۋىرى كەلدى. خانلار بۇ ئىككى دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا قامالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ

خوجەنتنى بوشتىپ، سىردەريادىن ئۆتتى ۋە شاھرۇخىيە ۋە ئاخسى شەھەرلىرىنى مەركەز قىلىشنى پىلانلاپ شاھرۇخىيىگە كەلدى. بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن بابۇر مىرزانى ئاخسى شەھىرىگە ئەۋەتتى. شىبانى خان ئەسكىرىي تاكتىكا ۋە ھەربىي مانېۋىرجەھەتتە خانلاردىن ماھىرراق ئىدى. ئۇ تەنبەل بىلەن بىر كېچىدە شاھرۇخىيە ۋە ئاخسى شەھەرلىرىگە تۇيۇقسىز باسقۇن قىلىپ، شەھەر تېشىدىكى بىر باغدا غەپلەتتە ئۇخلاۋاتقان سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئالاچەخاننى ئوغۇللىرى بىلەن ئەسىرئالدى. بابۇرمىرزا تەنبەلنىڭ ئاخسىغا قىلغان ھۇجۇمىغا بىر كېچە- كۈندۈز قاتتىق تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ خانلارنىڭ ئەسىر ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ قاچتى. بابۇر مىرزا مۇ قېچىپ قۇتۇلدى. سۇلتان مەھمودخان ۋە ئالاچەخاننىڭ ئەسكەر لىرىمۇ ناھايىتى پاراكەندە ھالدا ھەرتەرەپكە قېچىپ توزۇپ كەتتى. شىبانى خان ئەسىرئالغان خانلارنى ئېلىپ، دەرھال تاشكەنتكە ماڭدى. سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنتتەئۆز ئورنىدا قويۇپ كەلگەن ئوغلى مەھەممەد سۇلتان بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان پۈتۈن خاندانىنى ۋە خەزىنىلىرىنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا قاچتى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا كېلىپ توختىدى. بابۇر مىرزا ئاخسىدىن قاچقاندىن كېيىن چېچىلىپ كەتكەن 2 ـ 3 يۈزدەك ئەسكىرىنى يېنىغا توپلاپ، فەرغانىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەسفەرە تاغلىرىدا بىريىلغىچە جاپا مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى قارا تېگىن يولى بىلەن كابۇلغا كەتتى.

## خانلارنىڭ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغانلىقى، ئالاچە خاننىڭ ۋاپاتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنقىلاپ

شىبانى خان تاشكەنت ۋە فەرغانىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئالاچەخانلارغا: «مەن سىلەرنى ئەسىرئالدىم، ئەمما، سىلەرنىڭ ياردەملىرىڭىزلار نەتىجىسىدە كەڭرى بىرمەملىكەتكە ئىگە بولدۇم. بەرگەن تۇزۇڭلارنى ئۇنۇتماي سىلەنى ئۆلتۈرمىدىم. ئەمدى خالىغان يەرگە كېتىڭلا» دەپ ئۇلارنى قويۇپ بەردى. خانلار ئەسىرلىكتىن قۇتۇلوپ، شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ، دەسلەپتە ئىسسىقكۆل بويىدا يەرلەشكەن بولسىمۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا تۇرۇشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك ھىس قىلىپ، ئالتى شەھەرتەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە قارارقىلدى. ئۈچ (ئاقسۇ) ئاھالىسىنى ئابابەكرى مىرزا غا قارشى قوزغاپ، ئىسيان چىقاردى ۋەخەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ يەرلىشىپ ئۇيەرنى پايتەخت قىلدى. ئالاچەخان كېسەل بولۇپ قېلىپ، ھىجرى 909 ـ يىلى ئاقسۇدا ۋاپات بولدى. ئالاچەخاننىڭ، قول ئاستىدىكى چاكىرىنىڭ قولىدا ئەسىر بولۇپ دۆلىتىدىن، پايتەختىدىن ئايرىلىپ خار- زارلىقتا قالغانلىقىنىڭ ئەلىمىگە چىدىماي كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئالاچەخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇدخان ئۇنىڭ

ئومۇمىي ۋالىيلىق مەنسىپىنى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخانغا، بېرىپ، ئۆزى ئىسسىقكۆل ئەتراپى، ئىلى ۋە يەتتەسۇنىڭ شىبانى خاننىڭ ئۇيۇزى ئاستىغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەسكەرلىرىنى ۋە خاندانىنى ئېلىپ شىمالغا كەتتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئابابەكرى مىرزا دەرھال يۈرۈش قىلىپ ئۈچىنى ئىشغال قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان شىمالغا بارغاندىن كېيىن، يەتتەسۇ ئۆلكىسىگە ئالاچەخاننىڭ كىچىك ئوغلى خەلىل سۇلتاننى ۋالىي قىلدى. ئۆزى بۇرۇنقىدەك ئەيش ـ ئەشرەت بىلەن راھەتكە بېرىلىپ، يايلاقمۇ ـ يايلاق يۈرۈپ، ئوۋ ئوۋلاش بىلەن ئويۇن تاماشاغا بېرىلىپ كەتتى. يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى قېشىدىكى لاياقەتسىز، رەزىل يېقىنلىرىغا تاشلاپ قويدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ناچار ئىدارە قىلىشلىرى سەۋەبىدىن نارازى بولغان مەنسۇرخان سۇلتان مەھمۇتتىن يۈزئۆرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاۋات شەھەرلىرى ۋە مۇنبەت تۇپراقلىق زېمىنلىرى بولغان ئالتە شەھەر، تۇرپان ۋە بەشبالىق ئۆلكىلىرى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھاكىمىيىتىدىن چىقىپ كېتىپ، يالغۇز تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى نوپۇسى يوق دېگۈدەك ئاز، ئۇنۇمسىزئازغىنە بىر يايلاق رايونلا قولىدا قالدى.

ھىجرى 913 ـ(مىلادى1507ـ) يىلى يەتتەسۇ ۋالىيسى خەلىل سۇلتان ۋە ئاكىسى سەئىدخانلار يەتتەسۇدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى جايلاردىكى قەبىلە بەگلىرى ۋە تۈمەنبەگلىرى يۈز ئۆرۈپ ئىسيان چىقارغىلى باشلىدى. سۇلتان مەھمۇدخان بۇ ئىسيانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن بىر يىل تىرىشقان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ غەيرەتسىزلىكى سەۋەبىدىن ۋە يېنىدا ئىشقا يارىغۇدەك ئادەملىرىنىڭ يوق ھېساۋىدا بولغانلىقىدىن ئاخىرى سەئىدخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.

## سۇلتان مەھمۇدخان شېھىت بولغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر

ئەگەر، سۇلتان مەھمۇد خاندا يۇرتنى جىددى ئىدارە قىلىش قابىلىيىتى بولغان بولسا، بۇئىچكى ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇپ، دۆلەتنى خەتەردىن قوتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇئىسيانلار نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ راھەت ۋە ئەيش ـ ئەشرەتلىرىنىڭ كۆڭدىن كۆڭگە ئازىيىپ كېتىشىدىن غەم قىلىپ يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش خىيالىغا چۈشتى. يەنە بىرتەرەپتىن، سۇلتاننىڭ يېنىدىكى رەزىل ۋە يامان نىيەتلىك ئادەملىرى بۇ بۇزۇقچىلىق، تۈگۈمەس ـ پۈتمەس جېدەل ـ ماجرا ۋە ئىسيانلاردىن زېرىكىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمۇ سۇلتان مەھمۇد نى، «شىبانى خاننىڭ قېشىغا بېرىپ باشپاناھلىق تىلەپ، ئۇنىڭ يېنىدا ھۆرمەتكە سازاۋار بولۇپ راھەت ۋە ئەيش ـ ئەشرەت بىلەن ھايات كەچۈرۈش» كە كۈشكۈرتكىلى تۇردى. ھىجرى 914 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇدخان شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزھالىغا تاشلاپ، شىبانى خاننىڭ يېنىغا كېتىشكە قارار قىلدى. چوڭ ئوغلى سۇلتانىم دادىسىنى بۇ پىكرىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشىپ، شىبانى خاننىڭ قانخۇر بىر زالىم ئىكەنلىكىنى ئاگلاتقان بولسىمۇ كار قىلمىدى،

سۇلتان مەھمۇد بەش ئوغلى ۋە مىرزا مەھەممەت ھۇسەيىن باشلىق يېقىنلىرىنى ئېلىپ فەرغانىغا كەتتى. بىر باشپاناھلىق تىلەپ ئىلتىجا قىلغۇچى سۈپىتى بىلەن خوجەنتكە كىردى. شىبانى خان بۇنى ئاڭلاپ سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئوغۇللىرىنى تۇتقان يەردىلا دەرھال ئۆلتۈرۈشنى ئەمرقىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۆلار سۇلتان مەھمۇدخان ۋە بەش ئوغلىنى خوجەنتتە سىردەريا بويىغا ئېلىپ چىقىپ شېھىت قىلدى.

سۇلتان مەھمۇدخان شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدا قالغان ئوغلى سۇلتانىم، سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتانلار بىلەن بىرقانچەكۈن ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋىرى يوقتى. ھەتتا «شىبانى خان سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئوغۇللىرىنى كاتتا ئېھتىرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ» دېگەن سۆزلەرمۇ تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتانىممۇ دادامنىڭ يېنىغا بارىمەن دەپ، يۇرتىنى تاشلاپ تاشكەنتكە يۈردى، بارا ـ بارماس شىبانى خان ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئوغۇللىرىنىڭ مۇنداق خار ـ زارلىقتا ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ ئاساسى سەۋەبى سەئىدخان ۋەخەلىل سۇلتانلارنىڭ ئىسيان چىقىرىپ، سۇلتان مەھمۇد خاننى بېسىم ئاستىغا ئالغانلىقلىرى ئىدى. مەنسۇرخان بۇ پاجىئەنى تۇرپاندا ئاڭلاپ، ناھايىتى غەزەپلىنىپ مەرھۇم سۇلتاننىڭ ئىنتىقامىنى ئۆز ئىنلىرى بولغان سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتانلاردىن ئېلىش ئۈچۈن، بەشبالىق يولى بىلەن يەتتە سۇغا يۈرۈش قىلدى. قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئۇلارنى يەتتەسۇدىن سۈرۈپ ئالمائاتا غىچە قوغلاپ دەھشەتلىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن سەئىدخان ۋە خەلىل سۇلتانلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلدى. سەئىدخان ئازغىنە ئەسكەرلىرى بىلەن جەنۇبقا قېچىپ بىرجاڭگاللىققا يوشۇرنۇۋالدى (بۇلارنى «سولتان سەئىدخان» دېگەن بۆلۈمدە تەپسىلى بايان قىلىمىز).

خەلىل سۇلتان قېچىپ كېتىۋېتىپ شىبانى خاننىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلارخەلىل سۇلتاننى سىردەرياغا تىرىك تاشلاپ سۇدا بوغۇپ ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، مەنسۇر سۇلتان ئىسسىقكۆل ۋە يەتتە سۇ ئەتراپىنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇپ تۇرپانغا كەتتى. نەتىجىدە، بۇ ئۆلكىلەر ھۆكۈمدارسىز قېلىپ قەبىلىلەر ئارىسىدا باشباشتاقلىق ۋە ئەنسىزلىك باشلىندى. بۇئارىدا قىرغىزلاردىن قاچقان قازاق خانلىرى بۇيەردىكى قەبىلىلەرنى مەغلۇپ قىلىپ يەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. بولۇپمۇ ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا كۆپرەك كېلىپ يەرلىشىپ، يەرلىك خەلقنى بولاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئېغىر زىيان كەشلىك قىلدى.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى چاغاتاي دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

سۇلتان مەھمۇدخانغىچە ئۆتكەن چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ 300 يىل داۋام قىلغان دۆلىتى موغۇل دۆلىتى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھۆكۈمدارلارچاغاتاي جەمەتىدىن بولغانلىقلىرىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ

ئىدارىي تەشكىلاتى ۋە رەسمىي مۇراسىملىرى پۈتۈنلەي موغۇل ئەنئەنىسى بويىچە بېجىرىلەتتى. دۆلەتنىڭ يۇقىرى مەنسەپدارلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى موغۇللار تەشكىل تاپقان بولۇپ بۇ ھۆكۈمدارلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ ۋەزىيەت داۋام قىلغان. ئەمما، سۇلتان مەھمۇدخان شېھىت بولۇپ سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى سۇلتان سەئىدخان قۇرغان دۆلەتتە يالغۇز ھۆكۈمدارلار چاغاتاي خانىدانىدىن بولۇپ، دۆلەت ئادەملىرى ۋە ئەسكەرلەرخاس شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن تەركىب تاپقان. ئىدارى تەشكىلاتى، رەسمىي مۇراسىملار، ئومۇمىي تۇرمۇش شەكلى، مائارىپ ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارجەھەتتىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەدەنىي ئاھالىسىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن ، بۇرۇنقى چاغاتاي دۆلىتى دەۋرىدىكىدىن پۈتۈنلەي باشقا شەكىلدە ئىدى ۋە موغۇل ئەنئەنىلىرىدىن ئۇزاق ئىدى.

مانا بۇ سەۋەپتىن، سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ شېھىت بولۇشىنى چاغاتاي موغۇل دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى دېمەك لازىم. سۇلتان سەئىدخاندىن باشلاپ، ئاپپاق خوجا يېغىسى ۋە قالماق ئىستىلاسىغىچە داۋام قىلغان دۆلەتنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي دۆلىتى ۋە ياكى بىرلىك دۆلىتى دەپ ئاتاش ئۇيغۇن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چاغاتاي دۆلىتى دەۋرىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېلمىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇمات ۋە كۆز قاراشلارنى تۆۋەندە سۆزلەپ ئۆتىمەن.

## چاغاتاي دۆلىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىدارى تەشكىلاتى

چىڭگىزخان ئىستىلاسى دەسلەپكى كۆرۈنۈشتە شەرقىي تۈركىستاننى كۈچلۈكنىڭ زۇلمى ۋە بۇزۇپ چېقىشلىرىدىن قۇتقازغانلىقى ئۈچۈن بۇ يۇرتنى دەھشەتلىك بىر بالا- قازا ساقلاپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ھەقىقەتتە بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇ دەۋردە داۋامسىز بىر بوھراندىن مۇزمىن(داۋاملىق) بىر ئىللەتكە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئۇچۇق كۆرىمىز. چۈنكى، كۈچلۈك ئۆزى بىر ئەشەددى زالىم، ئىشغال قىلغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ - چېقىپ، ئوت قويۇپ، ۋەيرانىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان بىر ۋەھشى بولسىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدا قۇۋۋەتلىك بىر ئەسكىرى كۈچى يوقتى. مىللەتنىڭ ھەقىقىي بىر ئىنقىلابى ھەرىكىتى ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، چىڭگىز ئىستىلاسىدىن چاغاتاي دۆلىتى يىقىلغىچە بولغان 300 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن بولمايدىغان دەھشەتلىك بىرقۇۋۋەتنىڭ ئېزىشى ئاستىدا قالدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارتقان زۇلۇم، جاپا- مۇشەققەتلىرى ۋە بۇمىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۇچرىغان زىياننىڭ ئالدىدا، چاغاتاي دۆلىتىنىڭ بۇمىللەتكە قىلغان پايدىلىق ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ قىممىتى يوق ھېساپتا قالىدۇ. تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىسسىقكۆل ئەتراپى، تالاس، ئىلى، يەتتەسۇ، ئىمىل، ئالتاي

بۆلگىلىرى داۋاملىق ھەربىي يۈرۈش يولى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايلار چاغاتاي خاندانىنىڭ ئىچكى كۈرەشلىرىنىڭ قانلىق جەڭ مەيدانىغا ئايلانغان. تۆمۈربەگ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلاردا بۇجايلار ھۇجۇمنىڭ ئالدىنقى سېپى بولغان. مانا، بۇ سەۋەپتىن بۇئۆلكىلەرنىڭ 100 دىن ئارتۇق شەھەرلىرىدىن بىرسىمۇ ساق قالماي ۋەيرانلىقتا، كۆچمەن موغۇللارنىڭ ياكى باشقا قەبىلىلەرنىڭ مال باقىدىغان يايلىقىغا ئايلىنىپ قالدى. بايلىقنى ۋە مەدەنىيىتى يوقالدى. موغۇل دۆلىتى دەۋرىدە ئەڭ ئېغىر پالاكەتكە ئۇچرىغان يەرلەر مانا يۇقىرىقى جايلار دۇر. جەنۇب ئۆلكىلىرى، يەنى ئالتى شەھەر، تۇرپان ۋە بەشبالىق ئۆلكىلىرى بولسا نىسبەتەن تىنچ ئۆتكەن جايلار بولۇپ، شەھەرلىرى ئانچە ۋەيران بولمىغان ۋە خەلقىمۇ قەتلىئامغا ئۇچرىمىغانىدى. لېكىن، ئېغىر باج - سېلىق دەستىدىن قاتتىق ئېزىلگەن، بۇ سەۋەپتىن قاراخانىلار ۋە قاراختايلار دەۋرىدە قولغاكەلتۈرگەن مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي نېمەتلىرى ۋە پاراۋانلىقلىرى يوقالغانىدى.

بۇ ئەھۋال موغۇل ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مەدەنىيەت دۈشمەنلىكىدىن ۋە ياكى قابىلىيەتسىزلىكىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس. چۈنكى، موغۇل ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ياساغ (قانۇن) لىرى ۋە ئىدارىي تەشكىلاتلىرى مەدەنىيەت ئۇسۇللىرىغا ئۇيغۇن، خەلقنىڭ خەۋپسىزلىكىنى ۋە پاراۋانلىقىنى كۆزدە تۇتىدىغان ئادالەتپەرۋەر بىرتەرتىپ ئىنتىزام ئىدى. دەۋلەتنىڭ تىنچ دەۋرلىرىدە خەلق مەنپەئىتى ۋە مەدەنىيەت ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشلىرىمۇ بار[77]. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ۋە پالاكەتلەرنىڭ سەۋەبى: موغۇل خاندانى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆزئىچىدىكى ئىچكى ئىختىلاپلاردىن تۇغۇلغان تۈگىمەس - پۈتمەس جېدەل - ماجىرالار ۋە قانلىق ئۇرۇشلار ئىدى. تۆۋەندە مانا شۇ دەۋردە جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ۋە چاغاتاي دۆلىتىنىڭ ئىدارىي تەشكىلاتىنى بايان قىلىمىز.

## ئىجتىمائىي ئەھۋالى

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى يۈرگۈزگەن سىياسەتتە، مەغلۇپ بولغان مىللەتلارنىڭ ئىلمىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا ئۇلارغا ئەركىنلىك بېرىلگەن بولسىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىش ھەققىدە بەلگىلىمە يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستانداكۈچلۈكخان زامانىسىدا ۋەيران بولغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىشلار موغۇللاردەۋرىدە، پەقەت، شەرقىي تۈركىستان مىللىتى تەرىپىدىن يېڭىباشتىن گۈللەندۈرۈلدى. ئەگەر دۆلەت كۆڭۈل بۆلمىسە، ھوقۇقسىز ۋە پۇلسىز قالغان بىرمىللەتنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىلگىرىلىشىنىڭ بەك ئاستا بولىدىغانلىقى تەبىئىي. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئەزەلدىن ئىلىم ۋە مەدەنىي ھاياتقا ئادەتلەنگەن بىر خەلق بولغانلىقىدىن، ئاتا -

77 چىڭگىزخاننىڭ ياساغ (قانۇن) لىرى موغۇل تارىخلىرىدا ۋە ئومۇمىي تارىخلاردا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ (مۇئەللىپتىن).

بوۋىلىرىنىڭ ئىلمىي ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ۋە مۇئەسسىسلىرىدىن قەپقالغانلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشچە تىرىشقان، مەۋجۇت مەدرىسە ۋە مەكتەپلەردە تەلىم - تەربىيەئىشلىرىنى داۋام قىلدۇرغان. كېيىنچە بەزى ھەممەتلىك ئالىملار ۋە ۋەتەنپەرۋەر بايلار تەرىپىدىن يېڭى مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر بىنا قىلىندى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت كاتتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلمىي ھاياتىغا زور كۈچ قوشۇلدى. ھۆكۈمران خانلار ۋەيەرلىك كىچىك ھۆكۈمدارلار كۆپلىگەن مەدرىسلەرنى ئېچىپ، پۈتۈن كەنتلەردە بۇ مەدرىسلەر ئۈچۈن يەر ۋەخپى قىلدى. دۇنيا نىڭ ھەرتەرىپىدىن چوڭ - چوڭ ئالىملارنى ئېلىپ كېلىپ، بۇمەدرىسلەردە ئۇقوتۇش ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلىدى. ئۇزۇنغا قالماي، شەرقىي تۈركىستاندىنمۇ كاتتا ئالىملار يېتىشىپ چىقتى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئۇستاز بولۇپ تارالدى. مەشھۇرموللا ئابدۇراھمان جامى ۋە ئەلى شىربەگ ناۋايى قاتارلىقلارنىڭ شۇچاغلاردا قەشقەر مەدرىسلىرىدىن چىققان مەۋلانا سەئىدىدىن قەشقەرىنىڭ شاگىرتلىرى ئىكەنلىكلىرى ئۆلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن بىلىنمەكتە. قەشقەر، خوتەن ۋەكۈچا شەھەرلىرى شۇ زاماننىڭ مۇھىم ئىلمىي مەركەزلىرىدىن ھېساپلىناتتى. غەربىي تۈركىستاننىڭ تۆمۈربەگ ۋە ئوغۇللىرى دەۋرىدە ئىلىم ۋە مەرىپەتتە بەك تەرەققى قىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇچاغلاردا، بۇ ئىككى يۇرتنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا تولاراق سىياسي دۈشمەنلىك كېلىپ چىققان بولسىمۇ خەلقنىڭ ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردا بىر - بىرلىرىدىن پايدىلىنىشلىرىدا ھېچ تۇسقۇنلۇق يوقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتە شەرقىي تۈركىستان بىلەن غەربىي تۈركىستان پەرقلىنىپ كەتمەيتتى.

ئۇچاغدا، پۈتۈن ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ئەدەبىي تىل ئەرەبچە بولغىنىدەك شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ئەرەبچە ئىدى. ئەدەبىياتتا تۈركچە ۋە پارسچە تەخمىنەن تەڭ دەرىجىدە بولۇپ، شائىرلار شئىرلىرىنى بۇ ئىككى تىلدا يازغان. شۇچاغدا يېزىلغان كىتابلار ۋە شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى بەك ئاز. پارسچە «سۇراھۇللوغات»، تۈركچە «سىرەتۇننەبى»، ئەرەبچە «شەمشۇلبازغانىڭ ھاشىيىسى» (ھەزرىتى مۇللام قەشقەرىنىڭ ئەسرى) ۋە پارسچە «تارىخى - رەشىدى» قاتارلىق كىتابلار شەرقىي تۈركىستان ئالىملىرىنىڭ چاغاتاي دەۋرىدە يېزىپ چىققان ئەسەرلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەپسۇسكى، ئۇچاغدا ئۆتكەن شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىدى. شەرقىي تۈركىستانلىق ئەھمەد بەگ ئىسىملىك بىر شائىرنى بابۇر مىرزا بەك ماختاپ «بۇكىشى ئەلىشىر ناۋايى بىلەن تەڭ دەرىجىدە شائىر ئىدى» دەپ يازغان. چاغاتاي خانلىرىنىڭ ئاخىرقىسى بولغان سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭمۇ شائىرئىكەنلىكى ئېنىق.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمدىن تارتىپ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات جەھەتتە تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سەركەردىلەردىن بىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى تارىختىن ئۇچۇق كۆرۈۋالالايمىز. موغۇل ھۆكۈمدارلىرى دىن ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ھامىيلىقدىكى خەلقلەرگە يول قويۇش بىلەن بىللە شەرقىي تۈركىستاندىكى موغۇل ھۆكۈمدارلىرى قىسقا بىر زامان ئىچىدە يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندى. ئۇلار تىنچ دەۋردە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېرىلغۇ، سانائەت ۋە تىجارەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەجرىبە ۋە سىلىقلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا تەرەققى قىلىشىغا ياردەم قىلغاندى. لېكىن، بۇ تىنچ دەۋرلەر ئۇزۇنغا بارمىدى ۋە بۇ ئىلگىرىلەشلەر ماختىغۇدەك بىر پەللىگە يەتمەي تۇرۇپ، توختاپ قالغان ھەتتا ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەن.

تىنچ دەۋرلەر نىسبەتەن ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلالىغان جەنۇب (ئالتە شەھەر ۋە تۇرپان) ئۆلكىلىرىدە قول سانائەت تازا تەرەققى قىلغاندى. چۈنكى، شىمالدىكى ئۆلكىلەردە تولاراق ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكىرىي قىسىملىرى تۇرغان ۋە ئۇجايلار غا يەرلەشكەن موغۇل، قىرغىز ۋە باشقا كۆچمەن قەبىلە خەلقلىرىدە سانائەت يوقتى. ئۇلار جەنۇبدىكى خەلقلەرنىڭ ھەرخىل قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى خېرىدارلىرى ئىدى. مانا بۇ سەۋەپتىن ھۈنەرۋەنلەر كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، ھەرخىل يىپەك، بۆز ۋە يۇڭ رەخ، گىلەم، ھەرخىل زىننەت بويۇملىرى، قورال - ياراغ، قەغەز ۋە باشقا كۈندىلىك بويۇملارنى ئىشلەپ چىقىرىپ، سودىگەرلەر ۋاستىسى بىلەن شىمالغا ئاپىرىپ ساتاتتى. تاشقى تىجارەت بولسا، ئىچكى جەھەتتە تىنچلىق بولغان ۋە خوشنا مەملىكەتلەردىمۇ تىنچلىق بولغان زاماندا راۋاج تاپقان. چىن ۋە غەربىي تۈركىستانغا تىجارەت كارۋانلىرى بېرىپ - كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ تىنچسىزلىق تۈپەيلىدىن تاشقى تىجارەت تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۈزۈلۈپ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ ئاسيانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەتنىڭ قاتناش مەركىزىدە بولغان شەرقىي تۈركىستان تىجارەتچىلىرى بۇ خىل تىجارەتتىن كۆپ پايدا ئالاتتى. غەربىي تىبەت ۋە پامىر ھېچبىر ھۆكۈمەتنىڭ تەۋەلىكىدە بولمىغاچقا، يول ئامانلىقى يوقتى ۋە بۇ يۇرتلارغا قاتناش ۋە تىجارەت قىلىش ئىمكانسىز ئىدى. ئەمما، ئىچكى جەھەتتە بەزى بىر تىنچسىزلىق دەۋرلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، يۇرتنىڭ جەنۇپ ۋە شىمال قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا تىجارەت ھەر زامان ياخشى ئېقىپ تۇراتتى.

## ئىدارىي تەشكىلاتى

چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرى قول ئاستىدىكى خەلقلەرنى تۆۋەندىكىدەك تۆت سىنىپقا ئايرىپ ھەرسىنىپقا باشقا - باشقا ۋەزىپە يۈكلەپ ئىدارە قىلغان: (1) تۇمەن . بۇ باج سېلىق تۆلەيدىغان يۇقرالاردىن 10 مىڭ نۇپۇستىن تەركىپ تاپقان بىرجەمئىيەت دېمەكتۇر. ھەر- بىر تۇمەنگە خان تەرىپىدىن بىر«تۇمەنبېگى» تەيىنلەنگەن بولۇپ ، بۇلار تەۋەلىكىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەربىر ئادەم بېشىغا

بىرمىقتار ئالۋاڭ يىغىپ، ھەر يىلى خاننىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. (2) قوچىن (شەرقىي تۈركىستان شىۋىسىدە قوشۇن) ـ ئەسكەرلىككە تىزىملانغان كۆپىنچە موغۇللار ۋە دۆلەت ئادەملىرىگە تەۋە بولغان قەبىلىدىكى كىشىلەر. بۇلاردىن ئادەم بېشىغا ئالۋاڭ ـ سېلىق ئېلىنمايتتى. ھۆكۈمەت خالىغان چاغدا ئۇلارنى چاقىرىپ مەجبۇرەن ئەسكەرلىككە ئالاتتى. بۇلارنى ئەسكەرلىككە چاقىرىش ياكى ئائىلىسىگە تارقىتىش خىزمىتىگە جەنۇپتا تۇمەن بېگى شىمالدا قەبىلە بەگلىرى مەسئۇل ئىدى. (3) ئويماق (شەرقىي تۈركىستان شىۋىسىدە ئايماق) ـ دەۋلەت ئالدىدا ئابرويلۇق، ئېسىلزادە ۋە ئىمتىيازلىق كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان بىر قەبىلە، كەنت ياكى مەھەللە ئادەملىرىدىن ئىبارەت بىر توپلۇم. بۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئادەم بېشىغا ئالىدىغان ئالۋاڭ ـ سېلىقىدىن ۋە ئەسكەرلىكتىن كەچۈرۈم قىلىنغان، پەقەت بىرمىقتار ئاشلىق ۋە كىيىم ـ كېچەك ئالۋاڭى تۆلەيتتى، «ئايماق باشلىقى» بۇ ئالۋاڭنى يىغىپ، خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى.

(4) شەرىئەت مەنسەپدارلىرى، ۋەخپى مۇتەۋەللىلىرى، مۇدەررىسلەر ۋە خاتىپلەر. بۇلارنىڭ تولاراقى سالاھىيىتى تۆۋەن بولسىمۇ، دۆلەت ئادەملىرىنىڭ تۇغقانلىرى ياكى دوستلىرى، يۇرتنىڭ ئېسىلزادىلىرىدىن تەيىن قىلىنغان كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئالاھىدە شۆھرەت تاپقان باشقا كىشىلەرمۇ بۇ ئۇرۇنلارغا تەيىنلىنەتتى.





قاراخانىلارنىڭ ئالامىتى بولغان بۇغرا(ئەركەك تۆگە) نىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئاپتۇۋا(7 ـ ياكى 8 ـ ئەسىرگە ئائىت). ۋە قاراخانىلاردىن مەھەممەد ئارسلان خان بۇخارادا ياساتقان خانىقا نىڭ ھازىرقى كۆرۈنۈشى(1124 ـ 1137).

يوقىرىقى ئىدارە شەكلى بىۋاستە چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرىغا تەۋە بولغان جايلارغا خاس ئىدى. ئىچكى مۇستەقىللىققا ئىگە يەرلىك خانلىقلاردا يالغۇز تۇمەن سىنىپىنىڭ ئالۋاڭ - سېلىقى يەرلىك ھۆكۈمدارلار ۋاستىسى بىلەن خانىنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلۇپ، قالغان سىنىپلار يەرلىك ھۆكۈمدارنىڭ ئىختىيارىدا بولاتتى. ئىچكى مۇستەقىللىققا ئىگە ھەر قايىسى ئۆلكىلەردە بۇسىنىپلارنىڭ تەشكىلى باشقىچە ئىدى.

3 - پەسىل

## ئالتى شەھەر دۇغلات ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تارىخچىسى

«چىڭگىزخانىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى ئىستىلا قىلىشى» دېگەن بۆلۈمدە سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، دوغلات خانىدانىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارى چىڭگىزخانىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولغان ئۇيغۇر ماڭلايسۇيە دوغلات ئىدى. دوغلات خانىدانىنى «موغۇل قەبىلىسىگە مەنسۇپ قەبىلىدىن» دەيدىغان كۆز قاراش ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىمەيدىغان بىر گۇماندىن ئىبارەت. ماڭلاي سۇيە، ھىجرى 615 - (مىلادى 1218-) يىلى ئالتى شەھەرگە ھۆكۈمدار بولدى. بۇھۆكۈمرانلىق ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدا ئۈزۈلمەي، ھىجرى 921 - يىلىغىچە داۋام قىلدى (17 - خەرىتىگە قاراڭ). ئەپسۇسكى، ماڭلاي سۇيە دىن كېيىن، ھىجرى 700- (مىلادى1300) - يىللىرى ئەتراپىدا دوغلات ھۆكۈمدارى بولغان بايدارخانغىچە ئۆتكەن دوغلات ھۆكۈمدارلىرى ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق. دوغلات ھۆكۈمدارلىرى دەسلەپتە كۇچا نى،كېيىنچە قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. تارىختا نام قازانغان ئالدىنقى قاتاردىكى دوغلات ھۆكۈمدارى بايدارخان ئىدى. ئەسلىدە ئۆكتاي خانىدانىدىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمدارى «قايدۇخان» غا تەۋە بولغان بايدارخان، ھىجرى - 607 (مىلادى 1210) - يىلى قايدۇخانىنىڭ ئوغلى چاپارخانغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى چاغاتاي خانىدانىدىن بولغان دۇۋاي چېچەنخانىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىككىنچى قېتىم چاغاتاي ھاكىمىيىتىنى تىكلىشىگە ياردەم قىلدى. دۇۋاي چېچەنخان بۇ ياردىمى ئۈچۈن ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە يەتتەسۇ ئۆلكىلىرىنى بايدارخانغا مۇكاپات سۈپىتىدە بەردى. بۇنىڭ بىلەن دوغلات ھۆكۈمىتىنىڭ دائىرىسى ئىككى ھەسسە كېڭەيدى. بايدارخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى تۆلەكبەگ ھۆكۈمدار بولدى (بايدارخانىنىڭ ۋاپات تارىخى ۋە تۆلەكبەگ توغرىسىدا مەلۇماتىمىز يوق).

تۆلەك بەگدىن كېيىن ئىنىسى پولاچى بەگ ھۆكۈمدار بولدى. بۇنىڭ زامانىسىدىن باشلاپ دوغلات ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە نوپۇزى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە چىقتى. چاغاتاي خانلىرىنى تەختكە چىقىرىش، دىتلىرىگە ياقمىغان خاننى ئۆلتۈرۈش، يوقىتىش، ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۈلھى

قىلىش قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان چوڭ ئىشلار بۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. پولاچى بەگ شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل چاغاتاي دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى جېدەل - ماجىرا ۋە قان ئېقىشلاردىن ئۈزاق تۇرۇش تەرەپتارى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرى 730- (مىلادى 1329)- يىلى II - ئېسەن بوغا خاننى ئالمىلىق شەھرىدە تەختكە چىقىرىشتا ئەڭ كۆچلۈك تايانچ كۈچ پولاچى بەگ بولدى. ھىجرى 748- (مىلادى 1347) - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى تەختكە چىقىرىشتا بىردىن بىر ھەل قىلغۇچى ئامىل يەنە پولاچى بەگ بولغانلىقى، ئۇنىڭ بەگلەربېگى بولغانلىقى، ھىجرى 752- (مىلادى 1351) - يىلى مۇسۇلمان بولغانلىقى ۋە ۋاپاتى قاتارلىق ۋەقەلەر تۇغلۇق تۆمۈرخان بايانىدا سۆزلەپ ئۆتۈلدى.

پولاچىبەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى خۇدا دادىخاننىڭ بەگلەربېگى بولغانلىقى ۋە قەمەرىددىن بەگ ۋەقەلىرىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى. قەمەرىددىن، شەيخ دۆلەت دېگەن ئىسىملار بۇلارنىڭ ئەسلى ئىسىملىرى ئەمەس، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قويغان ئىسلامچە ئىسىملىرىدۇر.

قەمەرىددىن بەگ «شەرقىي تۈركىستان يەنىلا چىڭگىز ئەۋلاتلىرىنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا قېلىشى كېرەك» دەيدىغان كونا كۆز قاراشتىكى كىشىلەرگە قارشى ئىدى. ئۇنىڭچە بۇلارنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، بەلكى، مۇستەقىل بىرمىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ ۋاقتى كەلگەنىدى.

قەمەرىددىن بەگ ھىجرى 768- (مىلادى 1366) - يىلى ئىلياس خوجاخانغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئۇنى يوقاتتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى قولىغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. لېكىن، ئىچكى جەھەتتە خۇدا دادىخاننىڭ قارشى چىقىشى ۋە تۆمۈربەگنىڭ ئارقا- ئارقىدىن قىلغان ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە مەقسىدىگە تولۇق يېتەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۆمۈربەگدەك دۇنيا نى باش ئەگدۈرمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىققان بىرسىگە ئۆلگىچە قارشى تۇرۇپ مۇداپىئە قىلدى ۋە شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا بۈيۈك بىر قەھرىمان بولۇپ نام قازاندى. بۇلارنى يۇقىرىدا تەپسىلى بايان قىلدۇق.

قەمەرىددىن بەگنىڭ پايتەختى قەشقەردە بولۇپ، يەركەن، خوتەن، ئۈچ، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە يەتتە سۇ ئۆلكىلىرى پۈتۈنلەي قەمەرىددىن بەگنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا ئىدى. ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا ئاكىسى شەمسىددىن بەگنى ۋە يەتتە سۇغا ئىنىسى شەيخ دۆلەت بەگنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. خۇدادادىخان بولسا يالغۇز كوچا ۋە ئەتراپىغا ھۆكۈمدارلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ دوغلات خاندانى ئۈستىدە قەمەرىددىن بەگ ھايات ۋاقتىدا ھېچبىر نوپۇزى يوقتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەمەرىددىن بەگنىڭ ھىجرى 791- يىلى ۋاپات بولىشى بىلەن خىزىرخوجاخان پۈتۈن ئالتى شەھەرنى خۇدا دادىخانغا بەردى ۋە ئۇ دوغلات خاندانىنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ قالدى. خۇدا دادىخان ھىجرى 828 - (مىلادى 1424 -) يىلىغىچە بەگلەر بېگى ئۇنۋانى بىلەن پۈتۈن ئالتى شەھەردىكى ھاكىمىيتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، شۇ يىلى ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى، غەربىي

تۈركىستاندىن ھەجگە كېتىپ ھىجرى 830ـ (مىلادى 1426) ـ يىلى مەككە مۇكەررەمىدە ۋاپات بولدى.

خۇدا دادىخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن دوغلات ھۆكۈمىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بىرى ئۇچ، كۇچا ۋە قاراشەھەر دەرياسى بويىغىچە بولۇپ، خۇدا دادىخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەدشاھقا قاراشلىق ئىدى. ئىككىنچىسى قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرى بولۇپ، يەنە بىرئوغلى سىيد ئەھمەد خانغا تەۋە ئىدى. سىيد ئەھمەد خاننىڭ ئانىسى «سىيد» لەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ زات ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «سىيد» ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان[81]. سىيد ئەھمەد خاننىڭ ۋاپات تارىخى مەلۇم ئەمەس لېكىن، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 2 ـ3 يىل داۋام قىلغانلىقى مەلۇم. سىيد ئەھمەد خاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى سىيدئەلى مىرزا قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنگە ھۆكۈمدار بولدى. دەل شۇچاغدا ئۇۋەيسخانغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان «9 يىللىق ئىچكى قوزغۇلاڭ» باشلانغان ئىدى. سىيد ئەلى مىرزا بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر يىغدى، ئۇچ ۋە كۇچاغا يۈرۈش قىلىپ بۇجايلارنى تاغىسى مۇھەممەدشاھتىن تارتىۋالدى. پۈتۈن ئالتە شەھەرنى ئۆزھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىپ مۇستەقىل بىرھۆكۈمەت قۇردى، ئۆزىگە «ئەمىرى كەبىر» يەنى، بۈيۈك ئەمىر دېگەن ئۇنۋانىنى ئالدى.

ئەمىرى كەبىر(بۈيۈك ئەمىر) سىيد ئەلى، بۇمۇستەقىللىق دەۋرىدە ئالتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ تىنچلىقى ۋە تۇرمۇش ـ پاراۋانلىقىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇردى. نەتىجىدە، ئالتە شەھەرخەلقى ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدە يەۋقۇلئاددە تەرەققى قىلغانىدى. قەشقەر، خوتەن ۋە ئۇچ شەھەرلىرىدە چوڭ ـ چوڭ مەدرىسىلەر بىنا قىلىنىدى، نۇرغۇن چوڭ ـ چوڭ ئالىي ئىمارەتلەر ۋە باغلار ۋۇجۇدقا كەلدى. يۇرتنىڭ تولا يەرلىرىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭلار قېزىلدى، تېرىلغۇ يەركۆلىمى كۆپ كېڭەيتىلدى. ئەلھاسىل، ئالتە شەھەر يېڭى بىرگۈللىنىش دەۋرىگە ئۇلاشتى.

ئەمىرى كەبىر سىيد ئەلى قەشقەر شەھىرىنى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىپ، تۇمەن دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا كېڭەيتتى. تۇمەننىڭ سۇيى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاقىدىغان بولدى. نەتىجىدە، قەشقەرشەھىرى زاماننىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ چىرايلىق شەھىرى بولۇپ قالدى. ئەمىرى كەبىر سىيدئەلى ھىجرى 848ـ (مىلادى 1444) ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. «دۆلىل ئىسلامىيە» دېگەن ئەسەردەكۆرسۈتۈلگەن بۇ تارىخ ھىجرى 862 دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدا بىرخاتالىق بولسا كېرەك. ئەمىرى كەبىرسىيد ئەلىنىڭ سانىسىز مىرزا ۋە مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئىسىملىك ئىككى ئوغۇلىدىن سانىسىزمىرزا دادىسىنىڭ ئورنىغا ھۆكۈمدار بولدى، ئۇمۇ ئەمىرى كەبىر ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى. سانىسىز مىرزا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ئالتە شەھەرنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرغان. بۇنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا ياكى ئېسەن بوغاخاننىڭ ھامىيلىقىدا بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. سانىسىز مىرزا يەتتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ھىجرى

[81] سىيد ـ پەيغەمبەر نەسلىدىن بولغانلار نىڭ ئۇنۋانى ( ن. ش. ھ.)

855 ـ يىلى ۋاپات بولدى. «دۆلىل ئىسلامىيە» دە بۇ تارىخنى ھىجرى 869 دەپ كۆرسەتكەنلىكمۇ توغرا ئەمەس.

سانسىز مىرزىنىڭ قوشكىزەك تۇغۇلغان ئۆمەر ۋە ئابابەكرى ئىسملىك ئوغۇللىرى تېخى ئون ياشتا بولغانلىقلىرى ئۈچۈن سانسىزمىرزىنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھۆكۈمدار بولدى، تۈرك ئەنئەنىسىگە كۆرە سانسىز مىرزىنىڭ خاتۇنىنى (ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئانىسىنى) نىكاھىغا ئالدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ھۆكۈمدارلىق قابىلىيىتى يوق، يۇمشاق كۆڭۈل سوپى بىركىشى بولۇپ سىياسەت ۋە ئەسكىري ئىشلەردىن خەۋىرى يوقتى.

ئېسەن بوغا خان بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئالتى شەھەردە تەسىردائىرىسىنى كېڭەيتتى ۋە مۇستەھكەملىدى، پۈتۈن يورتقا موغۇللاردىن تۈمەن بېگى ۋە باشقا مەنسەپدارلار تەيىنلىدى. ھىجرى 866 ـ (مىلادى 1461) ـ يىلى كۇچا ۋە ئۈچ ۋىلايەتلىرىنى مۇھەممەدھەيدەرمىرزادىن ئېلىپ تۇرپان ۋالىسى بولغان ئوغلى دوست مۇھەممەدخانغا بەردى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەدھەيدەرمىرزا مەھەممەدخاننىڭ قول ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. دوست مۇھەممەدكۆرۈنۈشتە ساياھەت قىلغان بولۇپ، قەشقەرگە كېلىپ، بىرمەزگىل تۇردى ۋە قەشقەردىكى ھۆكۈمەتنى ئۆزى خالىغىنىچە ئۆزگەرتتى، قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەندىكى ھۆكۈمەتنىڭ مەسئول ئورۇنلىرىغا موغۇللاردىن كىشى تەيىنلەپ قويۇپ قايتتى. نەتىجىدە، دوغلات ھۆكۈمتى ئەمەلىيەتتە دوست مۇھەممەدخاننىڭ نوپۇزى ئاستىدىكى بىر ۋىلايەت ھالىغا كېلىپ قالدى. ئەمىرى كەبىرسىيد ئەلىنىڭ زامانىسىدىن تارتىپ ھېچقانداق زۇلۇم كۆرمەي تىنچ ۋە پاراۋانلىق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئالتى شەھەرخەلقى دوست مەھەممەدخان قويۇپ كەتكەن موغۇل تۈمەن بەگلىرى ۋە باشقا مەنسەپدارلارنىڭ ئېغىر زۇلمى ئاستىدا قالدى. ھىجرى 866 ـ 871 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئېسەن بوغاخان ۋە يۇنۇس خانلار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرا كۈنلىرىدە بۇ موغۇل مەنسەپدارلىرىنىڭ زۇلمى ئۇچىغا چىقىپ ۋەھشىلەرچە بوزۇپ ـ چېقىش، يوقىتىش ۋە ۋەيران قىلىش شەكلىنى ئالدى، ئالتى شەھەرخەلقى ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بۇ زۇلۇمغا ھېچبىر چارە قىلالمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ جىيەنى ھەم ئوگەي ئوغلى ئابابەكرى مىرزا بۇزۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقلاردىن خەلقنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە كىرىشتى، چارە پەقەت جاسارەت ۋە پىداكارلىقتىن ئىبارەت ئىدى.

## سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئالتى شەھەردە مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانلىقى

ئەمىرى كەبىر سانسىزمىرزىنىڭ كىچىك ياشتىكى ئوغلى ئابابەكرى مىرزا، تاغىسى مۇھەممەدھەيدەرمىرزىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى. ئابابەكرى مىرزا كىچىكلىكىدىن تارتىپ ناھايىتى

ئەقىللىق ۋە ھىممەتلىك بىرئىبىسلزادە ئىدى، چوڭ بولغانسىرى ئەخلاقلىق ۋە ناھايىتى ساخاۋەتلىك بىر يىگىت بولۇپ يېتىشتى. ياخشى ئەخلاقى ۋە ساخاۋەتلىكلىكى بىلەن ئەتراپىدىكى ياش ئىبىسلزادىلارنى ئۆزىگە قاراتتى. ئابابەكرى مىرزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ئەخلاق ۋە پەزىلەتلىرىنى ئۇنىڭ دۈشمىنى بولغان جىيەنى ھەيدەر مىرزا كورگان «تارىخى رەشىدى» دە تەپسىلى بايان قىلىدۇ.

دوست مەھەممەدخان قەشقەرگە كەلگەن چېغىدا ئابابەكرى مىرزىنىڭ ياخشى ئەخلاقى ۋە ئۇستۇن جاسارىتىدىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، قايتىشتا تۇرپانغا بىرگە ئېلىپ كەتتى. 2 ـ 3 يىل يېنىدا تۇرغۇزدى ۋە سىڭلىسىنى نىكاھلاپ بېرىپ، قەشقەرگە قايتىشىغا ئىجازەت قىلدى.

ئابابەكرى مىرزا خەلقىنى موغۇل زۇلمىدىن قۇتقۇزۇش ۋە يۇرتنى ۋەيران بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خەلق بىلەن بىرلىشىپ، بىرئەسكىرىي كۈچ تەشكىللەش مەقسىدى بىلەن تۇرپاندىن قەشقەرگە كەلگەنىدى. ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ دوست ۋە ئىشەنچلىك ئادەملىرى ئارىسىدا بۇ پىكرىنى تارقىتىپ، ئۆزىگە بىرئاز تەرەپتار توپلىدى. لېكىن، ئابابەكرى مىرزىنىڭ بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئۆگەي دادىسى مۇھەممەدھەيدەرمىرزا ئەڭ چوڭ توسالغۇلاردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردىكى موغۇللارنىڭ سانىمۇ خېلى كۆپ بولغانلىقتىن ئابابەكرى مىرزىنىڭ قەشقەردە بۇنداق بىرھەرىكەت باشلىشى ئىمكانسىز ئىدى.

ھىجرى 872ـ (مىلادى 1467) ـ يىلى ئابابەكرى مىرزا ئۆز تەرەپتارلىرى بىلەن قەشقەردىن قېچىپ يەركەنگە كەلدى. ئۇ چاغدا يەركەن تېخى كىچىك ۋە پاراكەندە بىر شەھەر بولۇپ، بۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق قۇۋۋىتى يوقتى. ئابابەكرى مىرزا دەرھال يەركەننى ئىشغال قىلىپ، بىرقىسىم قوراللىق ئادەملەرنى يېنىغا يىغىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

مۇھەممەدھەيدەرمىرزا ئابابەكرى مىرزانى يوقىتىش ئۈچۈن 300000 ئەسكىرى بىلەن يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. ئابابەكرى مىرزا يول ئۈستىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تۇيۇقسىز باستۇرۇش ئۇرۇپ قېچىش قاتارلىق تاكتىكىلىرى بىلەن مۇھەممەدھەيدەرمىرزانى بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردا قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. مۇھەممەدھەيدەرمىرزا چېكىنىپ قەشقەرگە قايتتى.

ئابابەكرى مىرزا بۇ غەلىبىدىن كېيىن خوتەننىمۇ ئېلىپ كۈچىنى تېخىمۇ زورايتتى، يەركەن شەھىرىنى يېڭىدىن ياساپ چىقىپ، ئەتراپىنى مۇستەھكەم سېپىل بىلەن چۆرىدەپ ناھايىتى مۇستەھكەم چوڭ بىرشەھەر ھالىغا كەلتۈردى. بۈگۈنكى يەركەن كونا شەھەرنىڭ سېپىلى شۇچاغدا سېلىنغان ئىدى. تارىخ رەشىدى دە ئابابەكرى مىرزىنىڭ يېڭىدىن بىنا قىلغان يەركەن شەھىرىنىڭ گۈزەللىكى، ياساتقان «ئەرك» يەنى، ئوردا، ھەشەمەتلىك چوڭ ئىمارەتلىرى ۋە باغلىرىنىڭ كۆپلىكى تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ. ئابابەكرى مىرزا يەركەن ۋە خوتەندە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مۇنتىزىم قانۇن چىقىرىپ بارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرىنى بۇ قانۇنلارغا قەتئىي رىئايە قىلىشقا مەجبۇرقىلغان. يەنە بىرتەرەپتىن سۇلتان

يۇنۇس خان ۋە مۇھەممەدھەيدەر مىرزا لارنىڭ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خوتەن ۋە يەركەن ياشلىرىدىن ئەسكەر يىغدى. بۇلارنى تولۇق قوراللانغان بىرمۇنتىزىم ئەسكىرىي قۇۋۋەت ھالىغا كەلتۈرۈپ داۋاملىق مۇداپىئە قىلىشقا تەييار تۇردى. بۇ ۋەزىيەت يەركەن ۋە خوتەن خەلقىنىڭ باشقا جايلارغا بېرىش ـ كېلىشىنى قىيىنلاشتۇرىۋەتتى . نەتىجىدە، تىجارەت ئىشلىرى پۈتۈنلەي توختاپ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاباباكرى مىرزا يۇرتقا بىر تىجارەت يولى ئېچىشقا كىرىشتى ۋە غەربىي تىبەت (لاداخ ۋە بالتىستان) نى قولغا چۈشۈرۈشكە قارارقىلدى. ھىجرى 877 ـ (مىلادى 1472) ـ يىلى غەربىي تىبەتكە نۇرغۇن ئەسكەر يوللىدى. بۇ ئەسكەرلەر مەشھۇر«لاداخ يولى» بىلەن يۈرۈپ نۇبرا، ماريول ( ھازىرقى لاداخ) ۋە بالتىستان قاتارلىق جايلارنى ئېلىپ، كەشمىر چېگرىسىغا بېرىپ توختىدى. كەشمىرنىڭ شۇچاغدىكى پادىشاسى سۇلتان زەيىن ـ ئابىدىن بالتىستاننى ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدىكى جاي دەپ دەۋا قىلىپ، ئاباباكرى مىرزانى بالتىستاندىن چىقىرىش ئۈچۈن ئەسكەر يوللىغان بولسىمۇ كەشمىر ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. ئاباباكرى مىرزا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ سىرى نەگەر شەھىرىنىڭ يېقىنلىرىغىچە يېتىپ باردى. سۇلتان زەيىن ئابىدىن پۈتۈن كۈچى بىلەن شەھەردىن چىقىپ مۇداپىئە قىلدى. بىر قانچە كۈن داۋام قىلغان ئۇرۇشتىن كېيىن تۈرك ئەسكەرلىرى چېكىنىپ بالتىستانغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بالتىستان، نوبرا ۋە ماريول (لاداخ) ئۆلكىلىرى ئاباباكرى مىرزانىڭ ۋاپاتىغا قەدەر ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قالدى. نەتىجىدە، خوتەن ۋە يەركەنلىك تىجارەتچىلەرنىڭ بۇ يول بىلەن ھىندىستانغا بېرىش ـ كېلىشلىرى باشلاندى، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى تازا راۋاجلىنىپ بۇ تىجارەتتىن قولغا كەلگەن پايدا بىلەن يۇرتنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. ھىجرى 879 ـ (مىلادى 1474ـ) يىلى سۇلتان يۇنۇس خان بىلەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا 50 مىڭ كىشىلىك بىرقوشۇن بىلەن ئاباباكرى مىرزاغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ چېكىندى. بۇمەغلۇبىيەتتىن كېيىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ھۆكۈمدارلىقنى تاشلاپ قەشقەر شەھىرىنى ۋەيران قىلىپ قاچتى. ئاباباكرى مىرزا ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ قەشقەرنى ئۇرۇش قىلماستىن ئىشغال قىلدى. خارابىلىققا ئايلانغان قەشقەر شەھىرىنى يېڭىدىن تۈمەن دەرياسىنىڭ غەرب تەرەپىگە بىنا قىلىپ ئەتراپىغا مۇستەھكەم سېپىل سالدى. بۈگۈنكى قەشقەركوناشەھەر ۋە سېپىلى مانا شۇچاغدا بىنا قىلىنغاندى.

ئاباباكرى مىرزا قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن شۇ زاماندىكى ئىسلام ھۆكۈمدارلىرىنى دوراپ «سۇلتان» دېگەن ئۇنۋاننى قوللاندى. سۇلتان ئاباباكرى مىرزا ئەمدى سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ تاجاۋۇزىدىنمۇخاتىرجەم ئىدى. چۈنكى، سۇلتان يۇنۇس خان كۈچىنى زايا قىلماي شىمالدا تۇرۇشقا مەجبۇرئىدى. سۇلتان ئاباباكرى مىرزا ھىجرى 881 ـ(مىلادى 1476) ـ يىللىرى ئەتراپىدا تاغدۇباش (سېرىق قول) يولى بىلەن بەدەخشان تەرەپكە ئەسكەر يوللىدى، سېرىق چوپان (ھازىرقى ۋاخان) نى

ئىشغال قىلدى. ئۇ يەردىن بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ، بەدەخشاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمدارىنى بويسۇندۇردى ۋە ئۇنى ھەريىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا باج تۆلەشكە مەجبۇرقىلدى. بەدەخشان ھۆكۈمدارى ھىجرى 910 ـ (مىلادى 1504) ـ يىلىغىچە سۇلتان ئابابەكرى مىرزاغا تەۋە بولغان بولسىمۇ شۇ يىلى بابۇر پادىشاھنىڭ ھامىيلىقىغا كىردى.

ھىجرى 899ـ (مىلادى 1494) ـ يىلى سۇلتان ئابابەكرى مىرزا پەرغانە تەختىگە 12 ياشتىكى بابۇر مىرزانىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، فەرغانىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى ۋە ئۆزكەنت شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلدى. ئۇ كۈنلەردە بابۇر مىرزا خېلى كۈچلىنىپ قالغانلىقتىن قاتتىق تۇرۇپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلدى، سۇلتان ئابابەكرى مىرزا مەقسىدىگە يېتەلمەي سۇلھى قىلىپ قايتىپ كەتتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھىجرى 905 ـ يىلى ئەھمەد ئالاچەخان قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا چېكىندى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ ئۈچ (ئاقسۇ) ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلدى. ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى باي شەھىرىنى ئېلىپ، باينىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدىكى يول ئۈستىلىرىگە مۇستەھكەم سېپىل ۋە ئىستىھكاملارنى سالدى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ شىمالى تەرەپ يوللىرى ئۈستىگىمۇ ناھايىتى مۇستەھكەم ئىستىھكاملارنى قۇردى ۋە بۇ يەردە يېتەرلىك ساندا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ ئالاچەخان ۋە سۇلتان مەھمودخانلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن خاتىرجەم بولدى.

ھىجرى 909 ـ (مىلادى 1503ـ) يىلى سۇلتان مەھمۇدخان ۋە ئالاچەخانلار ئاقسۇدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزاغا قارشى ئىسيان چىقاردى ۋە ئاقسۇ ۋالىيسىنى ئۆلتۈرۈپ، پاجىئەلىك ۋەقەلەر مەيدانغا كەلتۈردى. ئالاچەخان ۋاپات بولۇپ، سۇلتان مەھمۇدخان شىمالغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن سۇلتان ئابابەكرى مىرزا ئاقسۇنى قايتا ئىشغال قىلدى. ئىسيانچىلارنى جازالاپ ئاقسۇ ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆچۈرۈپ قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەنگە تارقىتىۋەتتى.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە سەئىدخاننىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن شىمالدىكى ئۆلكىلەر ھۆكۈمەتسىز ۋە ئەسكەرسىز قالغان ئۇ كۈنلەردە سىبىرىيە ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق قىرغىزلار ئۆزبېك ۋە قازاقلاردىن قېچىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالى قىسمى بولغان ئىسسىقكۆل ئەتراپىغا يەرلەشتى. بولۇپمۇ ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىغا يەرلەشكەن قىرغىزلار قەشقەر ۋە ئۈچنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالغىلى تۇردى. بۇنىڭدىن يەرلىك خەلق كۆپ زىيانغا ئۇچرىدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بۇ قىرغىزلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى بۇ يەرلەردىن قوغلىدى. قىرغىزلار شەرققە قېچىپ بېرىپ، مەنسۇرخاندىن يەر تىلىدى. مەنسۇرخان ئۇلارغا ئىلى ۋە كۇچانىڭ تاغلىرىدا يەركۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم قىسىملىرىدىن بولغان ئىسسىقكۆلنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى يەرلەر غەربدە پەرغانە

چېگرىسىغىچە سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇلدى.

ھىجرى 916ـ (مىلادى 1510ـ) يىلى مۇھەممەدشىبانى خان ئىران پادىشاسى تەرىپىدىن مەرو ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلدى. نەتىجىدە، ئۆزبېكلەر ئارىسىدا پاراكەندىچىلىك تۇغۇلدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بۇ پاراكەندىچىلىكتىن پايدىلىنىپ، فەرغانىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئارتبېشى يولى بىلەن يۈرۈش قىلدى ۋە ئۆزكەنتتە جانىبەگنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزكەنت ۋە ئوشنى ئىشغال قىلدى. بۇ ئارىدا فەرغانىدىكى چاغاتاي ۋە كورگان تەرەپتارلىرى، جانىبەگنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ فەرغانىدىن ھەيدەپ چىقاردى. يەنە بىرتەرەپتىن بابۇرشاھ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ ئالاچەخاننىڭ ئوغلى سەئىدخاننى بىرقىسىم ئەسكەر بىلەن پەرغانەلىكلەرنىڭ ياردىمىگە ئەۋەتكەندى. سەئىدخان پۈتۈنپەرغانە ئىنقىلابچىلىرىنى توپلاپ مۇھىم بىرقۇۋۋەت بىلەن ئەنجانغا كېلىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ فەرغانىنى ئىشغال قىلىشىغا مانا ئەمدى ئۆزبېكلەردىن باشقا سەئىدخاننىڭ قۇۋۋەتلىرىدىن ئىبارەت باشقا بىرتوسالغۇ پەيدا بولغانىدى.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزا فەرغانىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە ئەنجاننىڭ شەرق تەرىپىدىكى «تۈتلۈك» دېگەن جايدا سەئىدخان بىلەن ئۇچرىشىپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدى. ئاخىرى سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ بەزى قوماندانلىرىنىڭ خىيانەت قىلىشى نەتىجىسىدە ئېغىر زىيانكەشلىككەئۇچرىدى. 4 ـ5 مىڭغا يېقىن ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئەسىر ئېلىندى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇب بولۇپ پاراكەندە ھالدا قاچتى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا، ھىجرى 917ـ (مىلادى 1513ـ) يىلى يەركەنگە قايتىپ كەلدى.

## سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئەقلىي نورمالسىزلىقى

تۈتلۈك ئۇرۇشىدىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ مېڭىسىگە قاتتىق تەسىرقىلىپ ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسەبىيلىشىپ، تەبىئىتى ئۆزگىرىپ، زالىملىق بىلەن ناھەق قان تۆككىلى باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن تولىسىنى «ماڭا سۇيىقەست قىلدى» دېگەن بوھتان بىلەن قاتتىق قىيىن ـ قىستاقا ئېلىپ ئۆلتۈردى. ھەتتا، ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىنىمۇ ئۆلتۈردى ياكى پۈتۈن مال مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. ئۆز سىڭلىسى خانسۇلتان خانىمنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈردى. بىر ئىنىسى مەھەممەت شاھنى كۆكسىدىن تامغا مىخلاپ قويۇپ ئۆلتۈردى. تۈتلۈك ئۇرۇشىدىن قايتىشىدا ئۆزكەنت خەلقىنى سۇيىقەست ھازىرلىدى دېگەن گۇمان بىلەن قىرغىن قىلدى. بۇ قىرغىندا 300 مىڭدىن ئوشۇقراق مۇسۇلمانىنىڭ شېھىت بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا

ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلىنى سۈيقەست قىلماقچى بولدى دەپ قارا چاپلاپ ئۆلتۈرىۋەتتى. قەشقەر ۋە پەرغانە چېگراسىدىكى يايلاقلاردا ئولتۇرۇشلۇق قەبىلە خەلقلىرىنى سەئىدخان تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى دەپ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. ئەڭ چوڭ قوماندانلىرىدىن مىرۋەلىبەگ ۋە خەزىنىچىسى شاھدانەكۆلداشنى «تۆتلۈك ئۇرۇشى ئەسناسىدا دۈشمەن بىلەن ئالاقە قىلغان» ، دېگەن بوھتان بىلەن ئەمەلىدىن ئېلىپ تاشلاپ، پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. قىسقىسى، بۇخىل ساراڭدەك قىلىقلىرى ۋە ۋەھشىلەرچە زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن ئەتراپىدا ياخشى ۋە سادىق ئادەملىرى قالمىغان، خەلقنىمۇ تويغۇزىۋەتكەندى. نەتىجىدە، سولتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ كۈچى ئىنتايىن زەئىپلىشىپ، ھەرقانداق دۈشمەن ئالدىدا ئاسانلا مەغلۇپ بولىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغاندى.

## شەرقىي تۈركىستان دوغلات دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى

سەئىدخان فەرغانىنى ئىشغال قىلدى ۋە ئۆزىنى «سۇلتان» دەپ ئېلان قىلىپ، تۆت يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. ھىجرى 920 ـ (مىلادى 1514) ـ يىلى ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، فەرغانىدىن چېكىنىپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىغا كەلدى. شىمالدىكى جايلارنىمۇ ئىگەللەپ بۇيەردە ئورۇنلىشىپ ياشاش كۆيىغا چۈشتى. بۇرۇن سۇلتان ئابابەكرى مىرزادىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن سابىق قەشقەر ھۆكۈمدارى مەھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ نەۋرىسى ھەيدەرمىرزا(تارىخى رەشىدىنىڭ يازغۇچىسى) سەئىدخانىنىڭ قىممەتلىك ئادەملىرىدىن بىرى ئىدى. بۇلار داۋاملىق سۇلتان ئابابەكرى مىرزادىن ئىنتىقام ئېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر بولۇپ، سولتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاجىز ۋەزىيىتىنى كۆرۈپ، ھەدەپ سەئىدخاننى ئالتى شەھەرگە يۈرۈش قىلىشقا كۈشكۈرتكىلى تۇردى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ يېشى يەتمىشتىن ئاشقان، ئەقلى جايىدا ئەمەس، ئەسكىرىي كۈچى ئاجىز، ئەتراپىدا ئىشقا يارايدىغان سادىق ئادەملىرىنىڭ قالمىغانلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسىنىڭ ئىنتايىن زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. بۇ ئەھۋال ئاستىدا غەلىبە قىلىشقا ئۈمىدلەنگەن سەئىدخان ھىجرى921 ـ (مىلادى 1515ـ) يىلى ئارتباشى (ئاتباشى) يولى بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى.

بۇخەۋەرنى ئاڭلىغان سۇلتان ئابابەكرى مىرزا دەرھال يەركەندىن قەشقەرگە كېلىپ، سېپىلنى مۇستەھكەملەپ، يۇسۇپ بەگ، مىرۋەلىبەگ ۋە شاھدانەكۆكۆلداشنى 100 مىڭ ئاتلىق، 14 مىڭ پىيادە ئەسكەر، يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە باشقا ئەسكىرىي تەمىناتلار بىلەن يەرلەشتۈردى. يېڭىسارغا بېرىپ ئىستېھكاملارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئىمىن داروغا ۋە ئوغلى لەتلەبەگنى بىرقىسىم ئەسكەرلەر بىلەن مۇداپىئەگە تەيىنلەپ، ئۆزى يەركەنگە قايتىپ ئۇ يەردىمۇ ھازىرلىققا كىرىشتى. بىر تەرەپتىن

سەئىدخان، ئارتۇچ (ئاتۇش) نى ئىشغال قىلدى. ئارتۇچتىن 4000 دىن ئۇشۇقراق ئەسكەر ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يۈردى. «ئۈچ پۈرخان تۆپىسى» دېگەن جايدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرى سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى تۆسقان بولسىمۇ شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي مەغلۇپ بولۇپ قاچتى[82]. سەئىدخان ئۈچ پۈرخاندىن ئۆتۈپ شەھەرگە يېقىن تۇمەن دەرياسىنىڭ سەمەن كېچىكىدىن ئۆتۈپ، ساغانتوق دېگەن يەردە سۇلتان ئابابەكرى مىرزا سالدۇرغان باقشا چۈشتى. بۇنى ئاڭلىغان يۇسۇپ بەگ ئەسكەرلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش باشلاتتى. ئاخىرى سەئىدخان مەغلۇپ، بولۇپ توقۇزاق تەرەپكە قاچتى. ئۇ يەردە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلدى. ئىمىن داروغا ۋە لەئلى بەگلەر سېپىل ئىچىگە كىرىۋېلىپ قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ تۇردى. سەئىدخان يېڭىسارنى ئىككى ئايدىن ئۇزۇنراق مۇھاسىرە قىلدى، يەركەن ۋە قەشقەر دىن ياردەم كەلمەي سېپىل ئىچىدىكىلەر ئاجىز ۋەزىيەتتە قالدى. سەئىدخان سېپىل ئەتراپىغا سۇ قويۇپ بېرىپ، سېپىلنى بىرقانچە يەردىن يىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى. نەتىجىدە، ئىمىن داروغا تەسلىم بولدى. رەجەپ ئېبىنىڭ بىرىنچى كۈنى يېڭىسار سەئىدخاننىڭ قولىغا ئۆتتى.

بۇ ئارىدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزا يەركەن ۋە خوتەندە ئەسكەر توپلاپ، ئۇرۇشقا ھازىرلىق قىلىۋاتاتتى. ئەمما، بۇ ئەسكەرلەر ھېچ ئۇرۇش كۆرمىگەن دېھقانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بۇ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، يەركەندىن يولغا چىققان كۈنى يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكەن خەۋىرى كەلدى. بۇخەۋەر ئەسلىدە ئىنتىزامسىز ھالەتتىكى بۇ ئەسكەرلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە يامان تەسىر قىلىپ، قاتتىق قورقۇ ۋە ئالاقزادىلىك پەيدا قىلدى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بۇ ۋەزىيەتتىكى ئەسكەرلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى مۇناسىپ كۆرمەي يەركەنگە قايتتى. يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ۋە سۇلتاننىڭ يولدىن يەكەنگە قايتىپ كەتكەنلىك خەۋىرى قەشقەرگە كېلىشى بىلەن قەشقەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ ، كۈچىئاجىزلاشتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە 3 ـ 4 ئايدىن بېرى مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان شەھەرخەلقى ئىچىدە ئاچارچىلىق باشلىدى. سەئىدخان بۇ ۋەزىيەتتىن خەۋەر تېپىپ، رەجەب ئېبىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. قەشقەردە كۈچسىز ۋە مەجبۇر لاش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان قوماندانلار يۇسۇپبەگ، مىرۋەلىبەگ ۋە شاھدانەكۆكۈلداشلار ئۇرۇشماستىنلا قەشقەر نى سەئىدخانغا تاپشۇرۇپ قىلىپ بەردى.

سەئىدخان قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن دەرھال يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان ـ ئابابەكرى مىرزا ھۆكۈمدارلىقنى تاشلاپ خەزىنىنى ئېلىپ ئۇرنىغا ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى قويۇپ، خوتەنگە كەتتى. جاھانگىر مىرزا مۇداپىئەگە ھازىرلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ سەئىدخاننىڭ يېقىنلاپ

[82] ئۈچ پۈرخان ـ (ئۈچ بۇرھان) قەدىمكى بىر بۇتخانىنىڭ خارابىسى. ھازىرقى ئىسمى ئۈچ مەرۋان (مۇئەللىپتىن).

كېلىشۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان خەلق ۋە ئەسكەرلەر ئىچىدە ئەندىشە ۋە پاراكەندىچىلىك باشلاندى. بۇھالەتتە جاھانگىر مىرزا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، خەزىنە ۋە ئاشلىق ئامبارلىرىدىن ئۆزى كۆتۈرەلىگىنىچە ئالدى قالغىنىنى خەلقنىڭ تالان قىلىشىغا تاشلاپ بېرىپ، يەركەندىن سانجۇنىڭ تاغلىق جايلىرىغا قېچىپ كەتتى ۋە سانجۇدا ئىستىھكام قۇرۇپ يەرلەشتى. نەتىجىدە، سەئىدخان يەركەننىمۇ ئۇرۇشماستىن قولغا چۈشۈردى ۋە سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ھاجى مىرزا، دايىم ئەلى بەگ، بەگ مەھەممەد، سۇلتان ئەلى مىرزا، قاراقولاق مىرزا، نەزەرمىرزا، قەمبەر مىرزا ۋە ئەلى تاغاي قاتارلىق سەككىز قوماندانىنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خوتەنگە يوللىدى. بۇلار خوتەنگە يېقىنلاشقاندا سۇلتان ئابابەكرى مىرزا خوتەننى تاشلاپ، قاراڭغۇ تاغقا قاچتى. خوتەن خەلقى سەئىدخاننىڭ قوماندانلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى. دايىم ئەلى بەگ ۋە بەگ مۇھەممەد ئەسكەرلىرى بىلەن خوتەندە قالدى. قالغان ئالتە قوماندان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ قاراڭغۇتاغقا يۈرۈش قىلدى. ئابابەكرى مىرزا بۇنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئېغىر يۈك ـ تاقلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يۈزلەرچە خورجۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قىممەتلىك گوھەر تاشلارنى قاراڭغۇتاغدىكى مەشھۇر«كۇلا كۆرۈك» تىن دەرياغا تۆكۈۋېتىپ، ئورنىغا ئاشلىق يۈكلەپ تىبەت تەرەپكە قاچتى. «ئارپا ـ بوغداي ئاش ئىكەن، ئۇنجى ـ ماجان تاش ئىكەن» دېگەن مەشھۇرخەلق قوشقى سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ شۇچاغدا ئېيتقان سۆزى دەپ رىۋايەت قىلىندۇ.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ تىبەتكە قېچىپ كېلىشى بىلەن تەڭ تىبەتلىكلەر ھەرتەرەپتىن ئىسيان چىقىرىپ، ھېچ ئارام بەرمىدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ تىبەتتە تۇرۇشىمۇ ياكى ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن بولماي ئاخىرى «نېمە بولسام ئۆز يۇرتومدا بولاي» دەپ، يەركەنگە قايتىپ سەئىدخانغا تەسلىم بولۇشقا قارار قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان سەئىدخان سولتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئالاھىدە قارشى ئېلىش ھەيئىتى يوللىدى. سولتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ باشقا ئانىدىن بولغان ئىنىسى سىيد مۇھەممەدمىرزا «مەنمۇ ئاكامنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۆز نامىمدىن بىرقانچە كىشىلىك ھەيئەت ئەۋەتسەم» دەپ، سەئىد خاندىن ئىجازەت ئالدى ۋە بىرقانچە ئادىمىنى قوشتى. سىيد مۇھەممەد مىرزا بۇ ئادەملىرىگە پۇرسەت تېپىپ، سولتان ئابابەكرى مىرزانى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تاپشۇرغانلىقى مەلۇم.قارشى ئېلىش ھەيئىتى ئوتتۇرا يولدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بىلەن ئۇچرىشىپ، قارشى ئېلىش مۇراسىمىنى بىجا كەلتۈرۈپ سەئىدخاننىڭ ئىشەنچ مەكتۇبىنى تاپشۇردى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بونىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ۋە يولىنى داۋام قىلدى. بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ، قونالغۇغا كېلىپ دەم ئالدى. بىر كېچىسى پۈتۈن قاپلەدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاۋاتقان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، سىيد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئادەملىرى ئابابەكرى مىرزىنىڭ چېدىرىغا كىرىپ، ئۇنى ياتقان يېرىدە بوغۇزلاپ شېھىد قىلدى. بۇ ھادىسە ھىجرى

921- (مىلادى 1515) - يىلى يۈزبەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، بەزىدە پۈتۈنلەي مۇستەقىل هالدا، بەزىدە بىر بېقىندى دۆلەت شەكلىدە، جەمئى 306 يىل هۆكۈم سۈرگەن ئالتى شەهەر دوغلات دۆلىتى يىقىلدى.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئوغلى جاهانگىر مىرزا بىرقىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن سانجۇدا چىڭ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى. دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن سەئىدخان ئۇنىڭغا تەسلىم بول، دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. جاهانگىر مىرزا ئانا تەرەپىدىن سەئىدخان بىلەن تۇغقان ئىدى، تۇغقانلىقىقا ئىشىنىپ تەسلىم بولدى. سەئىدخان ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى ۋە ئىززەت بىلەن ئورۇن بەردى. كېيىنچە جاهانگىر مىرزا سەئىدخانىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئەمما، بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن مەجهۇل كىشىلەر تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بۇسۇيىقەست سەئىدخانىنىڭ ئەمرى بىلەن بولغان دەپ گۇمان قىلىنىدۇ. سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ تۇرانگىز مىرزا ۋە باستانگىر مىرزا ئىسىملىك ئىككى ئوغلى قالغان، بۇلاردىن تۇرانگىرمىرزا نى دەرياغا چۆشۈپ كېتىپ ئۆلدى دېگەن سۆز تارالغان بولسىمۇ بۇنى ئەمەلىيەتتە سەئىدخان ئۆلتۈرۈۋەتكەن. باستانگىرمىرزا بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ يەركەندىن قاچتى ۋە تاشكەنتكە بېرىپ سۈنجىك خان ئۆزبېكتىن باشپاناهلىق تىلىدى.[83]

## سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئىدارە تەشكىلاتى

سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە ئىدارە تەشكىلاتى چاغاتاي دۆلىتىنىڭكىدىن باشقىچەرەك بولۇپ ناهايىتى مۇنتىزىم ئىدى. ئەدلىيەئىشلىرى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرى بويىچە ئىجرا قىلىناتتى. پۈتۈن ئىچكى سىياسەت ۋە ئىدارە باشقۇرۇش ئىشلىرىدا سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ بېكىتكەن قانۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىناتتى. بۇقانۇنغا رىئايە قىلمىغانلارغا تېگىشلىك جازا بېرىلەتتى. دۆلەت ئىشلىرىنىڭ هەرقايىسى بۆلۈملىرىگە ئايرىم - ئايرىم ئىدارە ۋە مەئمۇرلار(مەسئۇل كىشىلەر) تەيىن قىلىنغانىدى. يەنى، بۈگۈنكىدەك مىنىستىرلىكلەرگە ئوخشاش بولۇپ بۇلارسۇلتان ئالدىدا جاۋاپكار ئىدى. هەرقايىسى شەهەر، ناهىيە ياكى كەنتنىڭ هاكىمىنى سۇلتان ئۆزى تەيىن قىلاتتى. ئەسكەرلەر مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشمايتتى. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي زامانىسىدىكى هەربىي هۆكۈمەت دەۋرى يوقىلىپ، خەلق ئەركىن ۋە پاراۋانلىق ئىچىدە ياشىدى. جىنايەتچىلار ۋە ئەسىرلارنى مۇناسىپ ئىشلارغا سالدى. ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكلىرى دۆلەت خەزىنىسىدىن تەمىنلىنەتتى. ئەرلەرنى ئومۇمەن قەدىمكى شەهەرخارابىلىرىنى قېزىش،كان كولاش، ئىمارەت ۋە بىناكارلىق ئىشلىرىدا

[83] سۈنجىك خان، هازىرقى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەردە سۈيۈنچ دەپ، ئېلىنغان. ئە. بايتۇر 938 - بەت ( ن. ش. ه.) .

ئىشلەتكەن بولسا، ئايال جىنايەتچىلەرنى يىپ ئىگىرىش ۋە كىيىم تىكىش ئىشلىرىغا سالدى.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزا قەشقەردە «قارىق» دېگەن بىرقەدىمكى شەھەرنىڭ خارابىسىنى قېزىپ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە جاۋاھىرات تاپقان. يەنە خوتەندە بىر قەدىمكى شەھەرخارابىسىدىن ھېساپسىزبايلىقتا تولغان بىرخەزىنە تاپقان. بۇخەزىنىلەردىن تارىخ سەھىپىسىنى زىننەتلىگەن بىرقىسمىنى زىكىرقىلىمىز.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ يازغۇچىسى ھەيدەر مىرزا بۇلارنى ئۆزكۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەزكۇرشەھەردىن جەمئى 27 دانە كوزا چىقتى، ھەربىركوزا، ئىچىگە بىرئادەم كىرسەكۆرۈنمىگىدەك دەرىجىدە چوڭ. ھەربىركوزىنىڭ ئىچىدە، ئۇزۇنلىقى بىر يېرىم گەز كېلىدىغان بىردانە دىن مىس ئاپتۇۋا بار. بۇ ئاپتۇۋا لار ئاغزىغىچە خام ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتۇۋالارنىڭ ئەتراپى ھەربىرى 500 مىسقال كېلىدىغان كۈمۈش بامبۇلار بىلەن كۇزىنىڭ ئاغزىغىچە تولدۇرۇلغان. ھەربىرئاپتۇۋاغا، قۇمارخاتۇننىڭ ئوغلىنىڭ تويى ئۈچۈن، دېگەن ئىبارىلەر يېزىلغانىدى.» قۇمار خاتۇننىڭ كىم ئىكەنلىكى قايسى تارىختا ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزا بۇ خەزىنىلەرنى ھېچ بۇزماي ساقلىغانىدى. ئەمما، سەئىدخاننىڭ ھۇجۇمى نەتىجىسىدە بۇلار پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتتى. سۇلتان ئابابەكرى مىرزا يۇرتىنىڭ ئىمارەت - بىناكارلىق ۋە زىرائەت ئىشلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغانىدى. ھەيدەر مىرزا بۇھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سۇلتان ئابابەكرى مىرزا ئۆز مەملىكىتىدە 12.000 دىن ئارتۇق ئىمارەت ۋە باغ بىنا قىلدۇردى، بۇلارنىڭ تولاراقى يەركەندە ئىدى. مەملىكەتنىڭ ھەر تەرىپىدە نۇرغۇن ئېرىق - ئۆستەڭ قازدۇرۇپ يەرسۇغۇرۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى.» ئۇندىن باشقا يەركەن ۋە قەشقەرنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن كونا شەھىرى ۋە بۇلارنىڭ سېپىللىرى سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئەسەرلىرىدۇر. ھەيدەر مىرزا بۇشەھەرنى ۋە سېپىل ئىمارەتلىرىنى تەپسىلى ھالدا تونۇشتۇرۇپ، شەھەرسېپىلىنىڭ ناھايىتى قېلىن، مۇستەھكەم ۋە ئېگىز سېلىنغانلىقىنى، يەركەننىڭ «ئەرگى» يەنى، ئوردىسىنىڭ 100 تاناپلىق بىرساھە ئىچىگە بىنا قىلىنغان، ناھايىتى چوڭ ھەشەمەتلىك بىر بىنا ئىكەنلىكىنى ئۇزۇن تەپسىلاتى بىلەن بايان قىلىدۇ.

سۇلتان ئابابەكرى مىرزا يۇرتىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. بولۇپمۇ ئو چاغلاردىكى ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان شۆھرەتپەرەست چاغاتاي ۋە كورگان خاندانىغا مەنسۇپ كىشىلەر سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ مەملىكىتىگە كىرسە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دائىم كۆزىتىپ تۇرۇشقا ئادەم قوياتتى. يۇرتتىن چىققىلى قويماي ئەگەر، ئۇلاردىن گۇمانلانسا، دەرھال تۇرمىگە ئالاتتى ياكى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. مانا بۇخىل ئېھتىيات چارە - تەدبىرلىرى نەتىجىسىدە سۇلتان ئابابەكرى مىرزىنىڭ 45 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا بىرقېتىممۇ ئىچكى ئىسيان چىقمىغانىدى.